گيوتې

# فائۇست



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

گيوتې

# فائۇست

2 - قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغان شاۋۇدۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھمى

# فائۇست (2)

گيوتې

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغان شاۋۇدۇن

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.75، قىستۇرما ۋارىقى: 15
1987 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 1·000 — 1
ISBN7-228-00413-2/I·138
باھاسى: 3.55 يۈەن

## مۇندەرىجە


بىرىنچى پەسىل ........ 1
ئىككىنچى پەسىل ........ 123
ئۈچىنچى پەسىل ........ 259
تۆتىنچى پەسىل ........ 351
بەشىنچى پەسىل ........ 417
ئىزاھلار ........ 480

# بىرىنچى پەسىل

## خوش ھاۋالىق جاي

كېچە، ھارغىن فائۇست گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان دالىدا ياتماقتا. كۆزلىرىدە مۆگدەك، ئەمما قەلبى بىتىنچ. ئالدىدا كىچىككىنە روھلار ناخشا ئېيتماقتا.

### ئەرىئەل

(سابا ئەرفەسىگە* تەڭكەش قىلىپ)
تۇنجى باھار شامىلى
سۈيۈپ ئۆتكەندە،
چەكسىز كەڭرى دالىنى
گۈلگە كۆمگەندە،
دەرد ئەھلىگە ئەلفلەر*
بولغاي خەيرىخاھ،
خاھ ئۇ بولسۇن گۇناھكار،
خاھى بىگۇناھ.
سىز ئۇنىڭ بېشىدا بولۇڭ پەرۋانە،
شەپقەت، مېھرىڭىزنى كىرگۈزۈپ يەنە —

**ھۆ خەستە جېنىغا بېغىشلاڭ ئارام**

ۋىجدان ئازابىدىن يۈرەك - باغرى خۇن*،
شىپالىق بەخش ئەتسۇن بۇ تىنچ ئاخشام.
سىز ئۈچۈن بىمالال پايدىلىنىشقا
بېرىلدى ھە مانا تۆت قىسمىلىق تۇن*.
چىمەنلەر ئۈستىگە بېشىنى قويۇڭ،
ئۇيقۇ دەرياسىغا تاشلاڭ ۋۇجۇدىن.
تىن ئالسۇن تاڭ ئاپئاق ئاقارغىچىلىك،
پاك قىلىڭ جېنىنى چەكسىز قايغۇدىن.
كۆكسىنى تولدۇرۇپ نۇرغا - زىياغا،
قايتۇرۇڭ سىز ئۇنى يورۇق دۇنياغا.

## خور

(يەككە - يەككە، جۇپ ۋە جەم بولۇپ)
دالالارنى قۇچماققا،
گۇگۇم ئاستىلاپ.
دىلغا تىنچلىق، گۈزەللىك،
ھۇزۇر بېغىشلاپ.
ئېيتىپ ياڭراق ناخشىنى
تەنھا ئۆزىگە،
يېپىڭ كۈندۈز ئىشىكىن
ھارغىن كۆزىگە.
ئاسماندا لىق يۇلتۇزلار —
سەپ - سەپ يۇلتۇزلار
كۆك ئۈززە ھەم كۆل ئۈززە
ئاستا جىمىرلار.

گەڭ ئالەمگە كۆرسىتىپ
تەڭداشسىز چىراي،
ھەم ئۇلۇغۋار، ھەم لەتىپ
ئۇزۇپ بارار ئاي.
قىلىپ بارار كەينىدە
ساپايۇ جاپا،
ئازابىغا كۆڭۈلنىڭ —
ۋاقىت ئەڭ داۋا.
تىنچلان، پەقەت كەلگۈسى —
كۈنلەرگە ئىشەن.
باش ئۈستۈڭدە كۆك ئاسمان،
ئالدىڭدا ئورمان.
ھەديە قىلسۇن يېڭى كۈن
يېڭى ئارزۇلار.
خىيالىڭنى تەرك ئەتسۇن
مۈگدەك ئويقۇلار.
شىجائەتنى قىل ئادەت،
ئويچانلىق زەرەر.
كىمكى بولسا ئاقىل، مەرد،
شۇنىڭكى زەپەر.

دەھشەتلىك گۈلدۈرلەش قۇياش چىقىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئەرئەل

تىڭشاڭ — كۆكتە گۈلدۈرلەش!
بۇ، ئارە* بەرگەن دېرەك:
ئاچتى يېڭى كۈن ئۈچۈن

دەرۋازا پەلەك،
قۇلاق سېلىڭ ساداغا
فېب* چىقتى ئەنە.
بۇدۇر نۇرلار سىماسى،
قىلار تەنتەنە!
بارماقتا فېب ئالدىدا
هارۋىسى زەردىن.
بۇ نېمە ئۈن؟ قۇلاقمۇ
پۈتتى لەرزىدىن!
ئايان تەڭرى، روهقا بۇ،
بەندىگە نىهان.
سىرلىق ساما ئۈنى بۇ
جانغا تاقالغان.
سانجىلار بۇ خەنجەردەك
قېچىڭلار يىراق.
تاش كەينىگە ئەلفار
مۆكۈڭ چاپسانىراق!

## فائۇست

تۇمانلار ئىچىدىن ئۆرلىگەن سەهەر*،
شاد ـ خۇرام ئالدىڭغا چىقىمەن يانا.
ئەزەلدىن هۆسنۈڭگە قىلدىڭ مېنى بەنت،
هە، بۈگۈن سىردىشىم بولدۇڭ سەن مانا.
سەن يەنە قەلبىمدە ئويغاتتىڭ ئىستەك،
ئارزۇلار كۆكدە پەرۋاز قىلماقتا،
هايات چوققىسىغا ئىنتىلار يۈرەك.



ئارام ئۇيقۇسىدىن ئويغىنار دۇنيا،
سۇبھىنىڭ نۇرىدا يورۇيدۇ پەلەك.
قۇشلار تىلغا كىردى ئورمانلار ئارا،
بارماقتا رەڭلىنىپ يىراق - يىراقلار.
تۇمانلار توپىنى سۈرمەكتە سابا،
شەبنەمگە پۈركىنىپ چاقنار ياپراقلار.
تىرىلدى قەلبىمدە شەۋق - ئىشتىياق،
كۆرۈندى كەڭ ئالەم مىسالى جەننەت.
كۆتۈرۈپ بېشىڭنى چوققىلارغا باق:
ئەزەلدىن ئۇلارغا شۇ بولغان ئادەت —
ھەر تاڭغا تۇنجى رەت ئاچار كەڭ قۇچاق.
بىزلەرگە كېيىنرەك كېلەر يېڭى كۈن.
تاغ ئارا نۇرلىنار ئەنە كەڭ ئوتلاق.
بولماقتا تاغلارنىڭ باغرىمۇ گۈلگۈن،
شولىلار چۈشمەكتە بالداقمۇ بالداق.
ھە، ئەنە، نۇر چېچىپ چىقتى كۈن، ھەيھات!
قاراشقا يوق چىدام كۆزلەردە بىراق.
ئارزۇلار دىللارغا ياققان چاغدا ئوت،
ھە، خۇددى شۇنىڭدەك بولار ئىشتىياق.
ئېرىشسەك ئۆرتىنىپ ئايلار ئۇشتۇمتۇت،
پەرىشان، لال بولۇپ قالىمىز بىراق.
ئىستەيمىز ياقماقنى ھايات شامىنى،
ۋە لېكىن زور يالقۇن بېرىدۇ قىسمەت.
بۇ يالقۇن مېھرىمۇ ۋە ياكى نەپرەت؟
ئۇ ئۆرتەر ھەممىنى قويماي نامىنى.
نىھايەت بالىلىق قورقۇنۇچىدا،
يانىمىز ئاستىلاپ ئۆز ئەسلىمىزگە.

ھە، ئۇنىڭ قويىنىدىن تاپىمىز شەپقەت،
تەن بېرىپ ئاستىلاپ تەقدىرىمىزگە.
پەقەتلا كەينىمدىن نۇر چاچ كۈن ماڭا،
تاداشا قىلاي مەن شارقىراتمىنى.
ئۇ ئۇرار ئۆزىنى ھەيۋەت قىياغا
چاچرىتىپ بىھېساب ئالماس تامچىنى.
شۇڭغۇسا ئوقيانىڭ ئوقىدەك گويا،
جىسمىدىن يەتتە خىل رەڭ ئېتەر ئەكس.
گاھ سەكرەپ، گاھ تېشىپ قىلىدۇ دىلغا،
سالقىنلىق ۋە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت بەخش.
ھە، ئۇندا ئۆزگىرىش، تۇرغۇنلۇقمۇ بار،
بىز ئۈچۈن ئۇ خۇددى ئەينەكتۇر گويا!
ئوقياغا ئوخشايدۇ بىزدىكى ئىستەك،
ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلى شۇ ئوقيا.

## ئوردا

شاھ خاندانى. دۆلەت كېڭەشى شاھنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كانايلار چېلىنىدۇ. شاھ كىرىپ تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىن مۇنەججىم جاي ئالىدۇ.

### شاھ

سالام سىلەرگە. بولۇپسىلەر جەم،
يىراق - يىراقتىن كېلىشىپ پۈتۈن.
كېلىپتۇ سارايىنىڭ مۇنەججىمى ھەم،
لېكىن قىزىقچى كۆرۈنمەس نېچۈن؟

### زادەگان* ئوغلى

كىلەر ئىدى ئۇ پېشكىنى تۇتۇپ،
كەتتى يىقىلىپ يولدا پۇتلىشىپ.
ئەھۋالى ئېغىر، بىلمەس خۇدىنى،
كەتتى كىشىلەر كۆتۈرۈپ ئۇنى.

### باشقا زادەگان ئوغلى

كونا قىزىقچى تۇرنىغا ئەمما،
نەدىندۇر بولدى يېڭىسى پەيدا.
كىيىمى غەيرىي ۋە لېكىن يۈزى —
شۇنداقلا ... ئەينى مەخلۇقنىڭ ئۆزى.
ساقچىلار ئۇنى كۆرۈپ ئىشىكتە،
تۇتماقچى بولدى نەيزىسىن تەڭلەپ،
بىراق ئۇ ئۆتۈپ كەتتى كۆز بوياپ، ئەپلەپ.

### مېفىستافىل

(تەخت ئالدىدا تىز چۆكۈپ)
نېمە ئۇ — بىز ئۈچۈن مەرغۇپ ھەم مەنپۇر*؟
نېمە ئۇ — بىز ئۈچۈن زەرەر ھەم زۆرۈر؟
نېمە ئۇ — باقىي ھەم قەدىرسىز شۇنچە؟
نېمە ئۇ — ئەڭ يېقىن، ئەڭ يىراق بىزگە؟
نېمە ئۇ — قېشىدا ھاكىملار مۇلال،

* زادەگان — ئىمتىيازلىق تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس.

ۋە لېكىن يۆلاتماس ئۆزلىرىدگە ھېچ؟
نېمە ئۇ — ئەڭ سادىق مىسالى بىز قۇل،
ئايىغىڭ ئاستىدا ياتار كۈندۈز - كەچ؟

**شاھ**

ئېيتمىغىن تېپىشماق، يېتەرلىكتۇر ئۇ،
ئۇنىڭدىن كۆرە سەن جاۋابىنى ئېيت.
بۇندىكى زاتلارنى — مانا كۆردۈڭغۇ،
تېپىشماق ئېيتماققا يىغىلغان بۇ پەيت.
ئالەمدىن ئۆتتى ئۇ قىزىقچىم مېنىڭ،
ئېلىشىڭ لازىمدۇر ئورنىنى ئۇنىڭ.

مېفىستافېل تەخت پەلەمپىيىدىن چىقىپ، شاھنىڭ سول يېنىدىن جاي ئالىدۇ.

**خالايىق**

بۇ يېڭى قىزىقچى — چىقماس بۇندىن نەپ،
ئېھتىيات قىلايلى — قىلار قۇرۇق گەپ.
ئۇ بولسا تويماستى، بىر تولۇپ ئىدى،
بۇ خۇددى تاياققۇ، قەيەردىن ئۇندى؟

**شاھ**

بەختىيار بۇ دەمدە قۇتلايمەن سىزنى،
شادلىقتىن نىشانە بەرمەكتە گەردۇن:
سەلتەنەت يۇلتۇزى شان قىلىپ بىزنى،
سائادەت كۆكىدە چاقنايدۇ گۈلگۈن*.

لېكىن مەن ھەيرانمەن — بۇ سورۇن ھازىر،
بىز ئۈچۈن ئەمەسقۇ كېڭەشخانىسى؟
بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ ئاخىر،
نىقاب بەزمىسىنىڭ شادىيانىسى.
ئەگەردە كېڭىشىش سىرۇنى بولسۇن، —
دەپ قەتئىي چىقارغان بولساڭلار قارار،
ھە، بولسۇن سىزلەرچە، ئەيلەپ قانائەت؟
ئاڭلاشتىن ئۆزگىچە نە ئىلاجىم بار؟

## لاۋازىماتچى

ئۇلۇغ ئىمپېراتور — ئەل مېھرىبانى،
ساھىبى مۇرۇۋۋەت، ساھىبى شەپقەت.
ئادالەت، قانۇننىڭ پاسىبانى ئۇ،
ئۇنىڭ ئەركىدۇر پۈتۈن مەملىكەت.
ھەقىقەت شەمشىرى ئۇنىڭ زەبانى،
كۈتىدۇ ئەل ئۇندىن شۇنىلا پەقەت.
ۋە لېكىن بۇلاردىن چىقار نېمە نەپ،
نە نەپ مەرھەمەتتىن، ئاقىل دانىشتىن،
نە نەپ ئىرادەيۇ، كۆيۈش، يېنىشتىن،
قاچانكى، بەزگەكتەك تىترەپ ۋە قاخشاپ
قىزىتما ئوتىدا كۆيەر سەلتەنەت،
پالاكەت ئۈستىگە كېلەر پالاكەت.
سەن بۇ يۈكسەكلىكتىن بىرلا قاراپ باق:
ۋەھىمىلىك چۈش بولۇپ كۆرۈنەر تۇپراق.
بۇ يۇرتتا قاياققا تاشلىما نەزەر،
كۆرىسەن پەسكەشلىك، پاھىشە، ئەلھەزەر!

بىر كىملەر ئەل مىلىن ئوغرىلاپ ساتار،
ئۆزگىنىڭ خوتۇنىن قۇچاقلاپ ياتار،
ئىبادەتخانىلار مۈلكى تالاندۇر،
هېچكىمدىن قورقمىسا ئوغرى ـ ياماندۇر.
ئوغرىلىق ئەيىب ئەمەس بۇ يۇرتتا زىنهار،
ئوغرىلىق، ئەكسىچە شەرەپ ـ ئىپتىخار.
كۆرسىدا بىپەرۋا ئولتۇرار قازى،
هەقىقەت ئىزدىشىپ كەلگەنلەر هەيران.
خالايىق ئېزىلگەن ـــ هەممە نارازى،
قورقمەن ـــ باشلىنار غايەت چوڭ ئىسيان.
زالىملار هەددىدىن ئاشماسمۇ چەكسىز،
هاكىملار ئۇلارغا بولغاچ مەدەتكار.
ئەيىبدار پەرىشتە كەبى پاك شەكسىز،
بىئەيىب مەزلۇملار بولسا ئەيىبدار.
بۇندا بار نە ئىمان ۋە نە ئېتىقاد.
خەيرلىك ـــ ئالەمنىڭ بۇ تۈپ ئاساسى،
ئۇنىڭ ئىپتىداسى، بەر كامالىسى
ئىستىبدات قولىدا بولماقتا بەربات.
ساپ دىل ئادەملەرمۇ بۇ گىرداب ئارا،
ناپاكلىق يولىغا كىرمەكتە كەم ـ كەم.
قازى بېرەلمىگەچ ئوغرىغا جازا
دىمەك شېرىك بولار ئاڭا ئۆزى هەم.

(بىرئاز جىملىقتىن كېيىن)

ئايانچلىق بولسىمۇ سۆزلىرىم بىراق،
يۇرتنىڭ ئەهۋاللار بۇندىن بەتتارراق.

هالاكەت غارىغا يېقىن مەملىكەت،
ئەۋجىگە چىقماقتا زۇلۇم، ئىستىبدات.
بۇ هال داۋام ئەتسە بىر كۈن ئاقىۋەت
تەختۇ سەلتەنەتنىڭ بولغۇسى بەربات.

## سەركەردە

بۇزۇلدى تىنچلىق، خاتىرجەملىك يوق،
ئەل ئىچرە قاتىللىق سالماقتا دەهشەت.
كېرەكتۇر ئىنتىزام هەم قاتتىق قوللۇق،
ۋە لېكىن ناچاردۇر ئالىي هاكىمىيەت.
هۈنەرۋەن — شەهەردە، دېهقان — يېزىدا،
مۆكۈنۈپ قەلئەيۇ، قورغانلار ئارا،
يېقىن كەلتۈرمەستىن بىزنى يېنىغا،
هۆكۈمەتكە قارشى قىلماقتا غوۋغا.
ياللانغان ئەسكەرلەر بەرمەي هېچ ئارام،
قىلماقتا مائاشىن بەرمەكنى تەلەپ.
تۆلىسەك ئۇلارنىڭ هەققىنى تامام،
كەتكۈسى ئەتىلا بۇ يەردىن چۆنەپ.
ۋە لېكىن ياللانغان ئەسكەرگە تەگمەك —
هەرە ئۇۋۇسىنى كولىماق دېمەك.
ئۇلار باش كۆتۈرسە سەهرايۇ شەهەر
مالۇ دۇنياسىغا زور خەۋپ يېتەر.
زور غوۋغا ئىلكىدە مەملىكەت هازىر،
قايسى يۇرت تىنچ بولسا ۋاقتىنچە ئەگەر،
بىپەرۋا ئولتۇرار تاج ئىگىلىرى.
كەلگۈسى غەلياندىن تامام بىخەۋەر.

## خەزىنچى

ئىتتىپاقچىلاردىن پايدا يوق ئەسلا
ئىئانە پۇللارمۇ كەلمەس بىرىپ كەتتى.
توختىدى سېلىقلار ئېقىمى تامام،
خەزىنە قۇرۇدى — تېگىگە يەتتى.
پەرقسىز — پۇقراكىم، يۇرتنىڭ شاھى كىم؟
بۈگۈنكى زادەگان مۈلۈكدار مىسال.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ھاكىم،
ساڭا تەۋەلىكىن قىلماس ھېچ خىيال.
نەچچە رەت سىياسەت سۆزلەپمۇ كۆردۇق،
قىلمىدى ھېچ پەرۋا — بۇ نېمە ھالەت!
ئۇلارغا شۇنچە زور ھوقۇقنى بەردۇق،
ئۆزىمىز ھوقۇقسىز قالدۇق ئاقىۋەت.
قانداقلا نام بىلەن ئاتالمىسۇن ئول—
تايانچ بولماس بىزگە پارتىيىلەر ھەم.
ئۇلارنىڭ ئالقىش ۋە نەپرىتى بىر پۇل،
بىزلەرگە يوق بۇندىن نەپ ھەم زەرەر ھەم.
بەربىر — سەن گېلىفمۇ ياكى گىببىلىن،
ھە بۈگۈن سورىماس بىرەرمۇ ئىنسان.
ھەممىنىڭ ئۆز جېنى ئۆزىگە شېرىن،
ھەر كىشى ئۆزى بەگ، ئۆزىگە سۇلتان.
ھەممىسى مال - دۇنيا توپلاش كويىدا،
ئامبىرى لىق تولغان، قوش - قوشلاپ قۇلۇپ.
خەزىنە بولسا بوش — بىز نېمە ئويدا.

## ساراي خىزمەتچىسى

مېنىڭمۇ دەردلىرىم تۇرۇپتۇ تولۇپ:
قىلماقچى بولساقمۇ قانچە ئىقتىساد،
كۆنسېرى ھەممىسى بولماقتا بەربات.
چوڭايغان ئاشپەزلەر نەپسى بىھېساب،
توشقان، ئۆردەك، كېيىك گۆشىدىن كاۋاپ...
بۇلارنى، ھەق ئېلىپ تىللا باراۋەر،
سارايغا ئەۋەتەر جوھۇت سودىگەر.
تەڭقىسلىق شۇ پەقەت، مايىنىڭ تېگى كەم،
لىقمۇ لىق تۇراتتى تۇڭلار بىر زامان،
بار ئىدى شارابىنىڭ ھەر تۈرىدىن ھەم.
يالغاندۇر ئۇلارنى ئاز قالدى دېسەك،
ئۇلاردىن قالمىدى بىر نامۇ نىشان،
قۇرۇتتى بەرىنى، ھەممىگە ئايان.
ئۇلارنىڭ راست قېنىپ ئىچمىكى ئۈچۈن،
مەيخانىسىن ئاچسۇن راتۇشا بۈگۈن.
ھۆكۈمالار مەيگە بېشىچە پاتسۇن،
ھە، ئاندىن، دۈم چۈشۈپ ئېغىناپ ياتسۇن.
ئۇلار بەزمە قىلسۇن كۈندۈز - كەچ خەندان،
يەھۇدىلارغا بولاي مەن غەمخان.
بىلگىن پەقەتلا ھەق تەلەپ قىلىش،
تىللانى جىرىڭلىتىپ ساناپلا ئېلىش.
كۈندىن - كۈن چىقماقتا ئىشنىڭ چاتىقى،
كېمىيىپ كەتمەكتە چارۋا تۇيىقى.
ئۈمىدىم يوق ئەمدى، بەرىبىر تىيىن،

بۇ مۇشكۈل ئىلكىدىن چىقماقلىق قىيىن،
بىز پاتقان قەرزدۇر — ئەمەس پەر تۆشەك،
قەرزدۇر ھەتتاكى بۇ يىمەك - ئىچمەك.

### شاھ

(بىر پەس خىيال سۈرۈپ)

قىزىقچى، سەندىمۇ بارمۇ دەرد - ھەسرەت؟

### مېفىستافېل

ھەسرەت نېمە قىلسۇن بۇ يەردە، ھەزرەت؟
قىلچىلىك ئورۇن يوق شىكايەت ئۈچۈن.
جۇش ئۇرۇپ، گۈللىنىپ، ماڭا كۈندىن - كۈن.
ياشناپ بارماقتىدۇر ئۇلـۇغ سەلتەنەت.
بۇ يۇرتنىڭ ياۋلىرى قالماس ھېچ ئامان،
ھەر سەپكە تالايلاپ مەردلەر پاسىبان.
ئەل خۇشال، تىنىمسىز قىلماقتا مېھنەت،
بىلدۈرۈپ ھەر مەھەل سىزگە ساداقەت.
سائادەت يۇلتۇزى نۇر چاچقان پەيتتە؛
بورانلار كار قىلماس بىزگە ئەلۋەتتە.

### خالايىق

كۆرۈڭ بۇ ئالداشنى! نەقەدەر ھەييار!
ئىچىدىن قويۇلۇپ تۇرىدۇ يالغان.

گىبىدىن ئوپئوچۇق بولماقتا ئايان؛
بىر تەكلىپ بىرەركەن — بانىسى تەييارە

## مىفىستافىل

هەركىمنىڭ دەردى ۋە هاجىتى باردۇر،
بۇندا پۇل يوق ئىكەن، پۇل تاپماق زۆردۇر.
ئالتۇن هىچ ياتمايدۇ يەرگە تاشلىنىپ،
ئۇنى يەر ئاستىدىن ئالىمىز قىزىپ.
تاغلاردا، تاملارنىڭ ئاستىدا تالاي
ئالتۇنلار يېتىپتۇ ئەرزان ۋە قولاي.
كىرەكتۇر تاپماقلىق ئەقىل ئىشلىتىپ،
تەبىئەت ۋە روهنى چىن شېرىك قىلىپ.

## دۆلەت كاتىپى

روه بىلەن تەبىئەت بىزگە يات پۈتۈن،
ئۇلارنى نەسرانىي* گۇناه دەپ بىلەر.
بۇ سۆپەت ئاشكارا دەهرىلىك ئۈچۈن،
ئاسىي بەندىلەرنى ئوتتا كۆيدۈرەر.
تەبىئەت هارامدۇر، روه بولسا شەيتان،
ئۇلاردىن تۇغۇلار شۈبهە ۋە گۇمان.
ئۇلۇغ شاهىمىزنىڭ قۇدرەت ئاساسى،
ئىككىلا جەهەتكە تايانغان پەقەت.
بىرى دىن ئەهلىدۇر، پارسلار بىرى.

*نەسرانىي — خرىستىئان.

شۇلارنىڭ يەر ۋە سۇ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت،
قارا خەلق بىلەقىل — قارا ئالامان،
كىم تۇتسا قولىدىن ئەگىشەر ھامان.
ئۇلارنى بىر تالاي دەھرى، بىئىمان،
ئىسيانغا يېتەكلەر ئازدۇرۇپ ھەر ئان.
ھە، سەنمۇ ياقلايسەن شۇ تائىپىنى،
قىزىلچى ئەسلىدا مەھكۇم گۇمراھقا.
نىقاب قىپ ئۆزۈڭگە قىزىلچىلىقنى،
يول ئېلىپ كىردىڭ بۇ قۇتلۇق دەرگاھقا.

## مېفىستافېل

ئالىم مانا شۇنداق بىردۇ تەلىم:
ئۇنىڭچۇن يوق ھېچبىر نەرسە نامەلۇم.
قول سۇنسا چىقمىسا قولغا ھېچنىمە،
ئالەمدە سەن ئۇنى بار ئىكەن، دېمە.
نېمىنى ساناشقا يەتمىسە بارماق،
ئۇ غەيرىي بىر ئىلىم، يالغان ۋە چاتاق.

## شاھ

پەلسەپە ساتماقنىڭ پايدىسى يوق، بەس،
گەپ بىلەن ھېچقاچان خەزىنە تولماس.
پەندۇ نەسىھەتنى بۆلەك جايدا قىل،
پۇل كېرەك، پۇل تېپىپ بىزگە پايدا قىل.

## مېفىستافېل

تاپىمەن، قولۇمدىن كېلىدۇ جەزمەن،
تاپىمەن هاجەتتىن ئاشۇرۇپ هەتتا.
ۋە لېكىن بۇ ئىشنىڭ مېهنىتى كاتتا،
بولماقلىق لازىمدۇر قەيسەر ۋە چېچەن.
قەدىم زامانلاردا تاراجۇ تالان،
ئەلۇ ئۇرۇۋقلارغا سالغاندا ئاپەت،
ئادەملەر جان ساقلاپ قاچقان هەر تامان،
ۋە لېكىن ئالتۇنلار قېپقالغان ئەلۋەت.
بۇنداق هال قەدىمىي رومادا بولغان،
قالمىغان چەتتىمۇ باشقا مەملىكەت.
بولسا يەر ئاستىدا نېمە - يەر بىلەن
سىڭىشكى بولىدۇ ئەي ئالىي هەزرەت!

## خەزىنىچى

يارايدۇ قىزىقچى، دۇرۇس! كارامەت!
يەر دۆلەت مۈلكىدۇر. بۇ راست! هەقىقەت!

## دۆلەت كاتىپى

ئېهتىيات قىلىڭلار سىلەرگە شەيتان،
هازىرلاپ قويۇپتۇ ئالتۇندىن قاپقان.

## ساراي خىزمەتچىسى

مەن بولسام ئامبىرىم تولىشىن بىلسەم،
تەييارمەن ھەرقانداق ناپاك ئىشقا ھەم.
تەنتەكنىڭ گېپى ھەق، پۇل بەرسەڭ ئەگەر،
قەيەردىن دەپ سوراپ ئولتۇرماس ئەسكەر.

## مېفىستافىل

بولسىڭىز شۈبھىلەر ئىلكىدە گاراڭ،
تۇرۇپتۇ مۇنەججىم، ئۇنىدىنمۇ سوراڭ.
بىزگە نېمە ۋەدە قىلماقتا پەلەك؟
يۇلتۇزلار نېمىدىن بەرمەكتە دېرەك؟

## خالايىق

ئەجەبا مۇنەججىم، قىزىقچى مانا،
بىرلەشتى تەختنىڭ ئالدىدا يانا.
قىزىقچى ئۇنىڭغا دېسە نېمىنى،
قاراپتۇر، مۇنەججىم تەكرارلار شۇنى.

## مۇنەججىم

(مېفىستافىلنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلايدۇ)
پارقىراپ تۇرۇپتۇ قۇياش پەلەكتە،
ئۇتارىد* بايلىقتىن خەۋەر بەرمەكتە.

---

*ئۇتارىد — مېركۇرىي.

بىز ئۈچۈن شادلىقنى قىلىپ چىن ۋەدە،
سەھەر ھەم ئاخشامدا نۇر چاچار زۆھرە.
ئاي نازۇك كۆرۈندى. ئاجىزۇ بىراق
مىررىخنىڭ* ئەلپازى بىرئاز بۇزۇقراق.
مۇشتەرى نامايان بولدى شاد ھالدا،
كايۋان* گەرچە كىچىك. سالمىقى كاتتا.
مەدەنى* ئېغىردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم —
بۇ مەدەن باھاسى باشقىلاردىن كەم.
ماس كەلسە ئاي بىلەن قۇياش جامالى،
بۇ ئېرۇر ئالتۇن ھەم كۈمۈش مىسالى.
ھېچبىر توسۇق يوقتۇر يولىمىزدا، راست.
نېمىلا ئىستىسەك قولىمىزدا، راست.
بىزنىڭكى كوچىلار، باغ ۋە سارايلار،
مەگزىلىرى قىزىل گۈزەل جانانلار.
بىز ئۈچۈن بۇلاردىن، قىلماي بىرنى كەم،
تەقمۇ تەق قىلغۇسى دانىشمەن ئادەم.

**شاھ**

گەرچە ئىككى كەررە سۆزلىدى، ئەمما،
گېپىدىن ئۇقمىدىم زەررىچە مەنا.

**خالايىق**

بۇندا يوق گۇمان:
ھەممىسى يالغان.

---

*مىررىخ — مارس.
*كايۋان — مىنېرال.
*مەدەن — مىنېرال.

بىز بىلىمىز، كىم —
دانا مۇنەججىم؟
ئاڭلىدۇق تولۇق،
بىمەنە - قۇرۇق.
بىزنى ئۇ مانا
ئالدىدى يانا.

## مېفىستافىل

بەلكى سۆزلىرىمگە ئىشەنمەس ھېچكىم،
بەلكى دەر — بۇ سۆزلەر ئەقىلدىن خالى.
ئالراۋۇن گىياھىن ئۇيلار بولسا كىم،
كۆچمەمدۇ شۇ قارا ئىتقا خىيالى*؟
ئەجەبا بىز نېچۈن قىچىشسا تاپان،
ۋە ياكى تىترىسە ھالسىزلىنىپ تىز،
ھە، بۇنى سېھىر دەپ قىلىمىز گۇمان؟
بۇنىڭدا ھېچقانداق سىر يوق، بىلىسىڭىز.
ئەسلىدە تەبىئەت بىزگە، كۆرۈنمەس
زەررىلىرى بىلەن قىلىدۇ تەسىر.
زېمىن سىرلىق كۈچلەر كانى ئىكەن، بەس،
بىز مەڭگۈ مانا شۇ كۈچلەرگە ئەسىر.
قەيەردە سىرقىراپ ئاغرىسا سۆڭەك،
قەيەردە ھېچ ئارام تاپالمىسا جان،
دەرھاللا شۇ يەرنى كولىماق كېرەك.
خەزىنە تاپارسىز ئۇندىن بىگۇمان.

## خالايىق

نېچۈندۇر شۇ تاپتا ئاغرىدى بېلىم،
مېنىڭمۇ تالماقتا ئايىغىم، قولۇم.
بېقىنىم سانجىيدۇ، ھېچ دەرمانىم يوق،
يەلكەمنى مىسالى تېشىپ ئۆتتى ئوق.
باقساق بۇ ئاغرىققا سىرقىرار جېنىڭ،
بۇنىدىدۇر بايلىقى پۈتۈن جاھانىنىڭ.

## شاھ

بەس، يېتەر سەپسەتە، قېنى باشلا ئىش،
سۆزۈڭنى ئىسپاتلا، قىلمىغىن ھايال.
نە ھاجەت قۇرۇقتىن قۇرۇق گەپ سېتىش،
ئاشۇ خەزىنىنى كۆرسەتكىن دەرھال.
قىلىچۇ - تاجىمنى قويۇپ مەنمۇ ھەم
بەلگۈرجەك كۆتۈرۈپ ماڭاي ئىزىڭدىن.
سۆزلىرىڭ راست بولسا بار سوۋغام شۇدەم،
گەر يالغان بوپ قالسا، كۆرگىن ئۆزۈڭدىن.

## مېفىستافىل

يېتەكلەپ بارىمەن، بۇنىڭدا گەپ يوق.
بىلىمەن ھەم بارلىق يوللارنى تولۇق.
ئۇ يەردە خەزىنە كۆپكى شۇنچىلىك،
تەسۋىرگە ھەتتا تىل قىلار ئاجىزلىق.

ئەسەۋۋۇر قىل مانا: يەر ھەيدەر دېھقان،
ئۇرۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىگە چىش.
كولاپ يەر تېگىدىن ئالسا ئۇ شۇئان،
ئىچىگە لىق ئالتۇن تولغان بىر ئىدىش!
ۋە ياكى باشقىسى يەرنىڭ تەكتىگە،
ئوغۇت كۆمگەن بولسا بىر يىلچە بۇرۇن،
كولىغان چېغىدا بەلگۈرجىكىگە،
ئىلىنىپ چىقىدۇ بىر خالتا ئالتۇن.
ئەمما بايلىقلارنىڭ خەزىنىسىگە
ئالتۇن، بىللۇرلارنىڭ نەق شۇ ئۈستىگە
يەر ئاستى ئۆي تېمىن بۇزۇپ كىرسىمىز؛
ئۇزۇن تار يوللاردىن ئاداشماي ئۆتمەك،
ياقۇت، ئۈنچىلەرنىڭ كانىغا يەتمەك —
پىلانىن ھەم ئالدىن تۈزۈپ كىرىمەز.
بۇندا ئالتۇن كوزا، ئالتۇن تاۋاقلار،
بىللۇر قەدەھلەر ھەم تۇرار يانمۇ يان.
مۇبادا چاڭقىغان بولسا تاماقلار،
ئىچىڭ مانا شاراب — ئارام ئالسۇن جان.
كۆرۈپ بەلكى دەرسىز سىز ئەجەبلىنىپ:
بوچكىلار چىرىپتۇ — كېمەيمەپتۇ مەي*.
كېمەپتۇ شارابلار تاشقا ئايلىنىپ،
ھەتتا بىر قەترىنى يەرگە چۈشۈرمەي.
بۇ يەردە مەڭگۈلۈك قاراڭغۇ دۇنيا،
جاھان بايلىق ياتار بۇ زۇلمەت ئارا.
ئۇلاردىن يورۇقتا ئالماقتا لەززەت،
كەتمەيدۇ ھېچقانچە ئەمگەك، ھەشمەت.
تاپماقتا ۋە لېكىن كىرىپ زۇلمەتتە،
بىلىم، ئەقلۇ دانىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

## شاھ

ھەقىقەتكە ياتتۇر قاراڭغۇ زۇلمەت،
سەن بىزگە ئالتۇننى يورۇقتا كۆرسەت.
كىم بىلەر تۈن كېچە قاپقارا چاغدا —
نېمە ھەقىقىيۇ، نېمىلەر ساختا؟
ئەلدە بىر ماقال بار: «باقساڭ كېچىسى
كۆرۈنەر قوڭغۇر بوپ مۈشۈك ھەممىسى».

## مېفىستافىل

قېنى، ئالىي ھەزرەت، بەلگۈرجەكنى ئال،
يېكسەككە كۆتۈرەر ئىنساننى مېھنەت.
تەر تۆك، ساڭا كېلۈپ باققۇسى ئىقبال،
يولۇڭغا ئالتۇنلار تۆكۈلەر ئەلۋەت.
تىللالار ئىچىدە كېزەرسەن باغدا،
ئۇنىڭغا ئورارسەن سۆيگىنىڭنى ھەم.
گۈزەللىك ۋە قۇدرەت بىر بولغان چاغدا،
نەقەدەر ئۇلۇغۋار كۆرۈنەر ئادەم.

## شاھ

كىرىشكىن تېز ئىشقا! يوق ئۆزگە تاقەت.

## مۇنەججىم

(ئىلگىرىكىدەكلا مېفىستافىلنىڭ سۆزلىرىنى
تەكرارلايدۇ)
بىرئاز سەۋر قىلىڭ، ئەي ئالىي ھەزرەت،

ئاۋۋال بايرام ئۆتسۇن. ئۇمۇ كاتتا ئىش،
بىھاجەت بىر چاغدا ئىككى ئىش قىلىش.
پەلەكنىڭ بۇ تەگسىز سوۋغىسى ئۈچۈن،
ئۆزىمىز ھەم لايىق بولايلى بۈگۈن.
كىمدىكىم تىلسەمەك بولسا ساخاۋەت،
كۆرسەتسۇن ئۆزىمۇ ئالدىن مۇرۇۋۋەت.
مەي ئىچمەك بولسا كىم — ئۆزۈمنى سىقسۇن.
مۆجىزە كۈتسە كىم — ئېتىقاد قىلسۇن.

## شاھ

بەلەن گەپ! روزىنىڭ ئالدىدا مەردم!
ھە، ئاندىن مەيلىدۇر نىمە بولسا ھەم.
تۆكۈك بار نەرسىنى، ئايىماڭ، قېنى —
نىقاب بەزمىسىگە چىللاڭ ھەممىنى!
(كانايلار چېلىنىدۇ، ھەممە تارقىلىدۇ)

## مېفىستافېل

تەنتەكلەر! شادلىنار تاپقاندەك دۇنيا.
مېھنەتسىز كېلەمدۇ ئۇنچە بىلەن زەر؟
ئۇلارغا مەن ئىكسىر* بېرەتتىم ئەمما.
ئەپسۇسكى بۇ يەردە يوقتۇر كىمياگەر.

*ئىكسىر — ئوتتۇرا ئەسىر خىمىكلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھەممە نەرسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان ئەپسانىۋى تاش (ت).

# نىقاب بەزمىسى

بىرنەچچە خانىلارغا تۇتاشقان كاتتا زال نىقاب بەزمىسى ئۈچۈن ياسالغان.

## گېرالد

ياق، سىز ئالمان ئۆلكىسى* ئارا
قىلالمايسىز بۈگۈن تاماشا.
جىنلار بەزمىسى، ئەرۋاھ ئۇسسۇلى،
شادلىق بەزمىسى قىزىغان بۇندا.
پادىشاھىمىز — ئاتا ئاپىرىن —
ئېشىپ تاغدىن غەلىبە - زەپەردە،
روما تامان چىقتى سەپەرگە.
ئاشۇ يەردىن كىيىپ قايتتى تاج —
سۆيۈپ قولىغا قۇتلۇق بابانىڭ*.
بىزگە ئېلىپ كەلدى، نە ئىلاج،
قالپىقىنى قىزىقچىلارنىڭ.
شۇندىن بۇيان ياسىنىش شۇنداق،
كىيىم شۇ پاسوندا، شۇنداق پەردازلىق.
ھەممىمىزدە كۆرۈمسىز قالپاق،
پۈتۈن يۇرتتا مەسخىرىۋازلىق.
ئەنە، جۈپ - جۈپ بولۇپ شادمان —

*قۇتلۇق بابا — رىم پاپاسى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

### يېتەكلىشىپ دوست ۋە يارانلار
باغ ئىچىدىن ئۆتۈپ، بىز تامان
كەلمەكتىدۇر ئەزىز مېھمانلار.
ئۇلار قانداق كىيىنىۋالغان!
بۇ ئادىتى! تەئەججۇپ ئازدۇر.
ئەسلى بىزنى شۇ كويغا سالغان
دۇنيا ئۆزى مەسخىرىۋازدۇر.

### باغۋەن قىزلار

(ماندالىن چېلىپ ناخشا ئېيتىشىدۇ)
بەزمىڭىزگە كەلدۇق مانا،
كۆرۈپ قويۇڭ بىزلەرنى.
فلارېنسيىلىك* قىزلار
خۇشال قىلار سىزلەرنى.
بىز ھەممىگە ياققاندۇرمىز،
شايى كىيىپ رەڭمۇ رەڭ.
چېچىمىزغا تاققاندۇرمىز،
ھەر خىل گۈللەر. بىر قاراڭ.

ئۇلار شايى، مەخمەل ئۇلار،
بۇندا گۈللەر سولمايدۇ.
بىزنىڭ قولدىن چىققان گۈللەر
ھەرگىزمۇ بۇزۇلمايدۇ.

ئۇلا، ئەسلى قىيىم - قىيىم،
ئەسكى - تۇسكى پۇرۇچتۇر.

**گۈل ياسىدۇق — خوپ بېجىرىم،**
**بۇ سەنئەتلىك بۇرۇچتۇر.**

بىزدە پۈتۈن ئەلنىڭ كۆزى،
كىم باقماس بۇ جامالغا؟
گۈزەللىك ھەم سەنئەت ئۆزى
جەم بولىدۇ ئايالغا.

## گېرالد

مەيلىمۇ بىر قاراپ كۆرسەك
سېۋەتلەردە نېمە بار؟
ھېچ كۆرمىگەن بولسا كېرەك
جاھان بۇنداق بىر گۈلزار.

گۈل سەۋداسى قىلسۇن نىجىل،
تونۇشايلى بىزلەرمۇ.
بىلەلمىدۇق قايسى ئېسىل —
گۈللەرمۇ يا قىزلارمۇ؟

## باغۋەن قىزلار

كېلىڭلار گۈل ئالىدۇ كىم؟
تالاشمايمىز پۇلىنى.
تەرىپلىسە بولدى ھەركىم —
ئالغان ھەر بىر گۈلىنى.

## زەيتۇن شېخى

مەن زەيتۇنمەن، زەيتۇنمەن
چېچەكلەردىن ئۇستۇنمەن.
يوق ئۆزگىگە تارلىقىم،
تەمەننادىن خالىمەن.
تىنچ ھايات، ئەركىنلىكنىڭ،
مېھنەتنىڭ تىمسالىمەن.
يوپۇرمىقىمغۇ ئەنبەر،
ئەرزىر بولسام گۈلچەمبەر.

## ئالتۇن باشاقلاردىن ياسالغان گۈلچەمبەر

قويۇق گۈللەر رەناسىنى،
مەن ھەم گۈزەل، ھەم پايدا—
سېرپىرانىڭ* سوۋغىسىنى
تاقاپ يۈرۈڭ ھەر جايدا.

## غەلتە گۈلچەمبەر

ھەيران بولماڭ مەن يىرسۇنلۇق
يېتىشكەن گۈل تۈرىمەن.
شۇ يىرسۇندا تەبىئەتتە،
خاس ۋە ئايرىم تۈرىمەن.

## غەلتە گۈلدەستە

مېنىڭ نامىم نېمە، بىلمەس
تېئوفراستىنىڭ* ئۆزى ھەم.

قەدرىمگە خەق ئانچە يەتمەس،
ناز - كەرەشمەم بەكمۇ كەم.
ماڭا كىمدۇر قىيا باقسا،
كىمدۇر قىلسا سەل ھەۋەس،
كىمدۇر، يەنە، ئىلىپ تاقسا،
شۇنىڭ ئۆزى ماڭا بەس.

## دەۋەت

مەيلى سۇنىي، مەيلى غەيرىي،
تەبىئەتكە بىگانە—
نازۇكلارنىڭ ئارزۇسىغا
زىچ ماسلاشسۇن زامانە،
مەيلى، چاچقا غەيرىي گۈللەر
بولسۇن تاقاش ئىپتىخار.
بىزلەر بولساق—

## غۇنچىلار

كۆزدىن نىھان
بىزنى تاپقان - بەختىيار.
كۆكلەم يەرگە ياپسا گىلەم،
ھاسىل بولار تىلەكلەر.
مۇھەببەتكە بىزلەر بىلەن
تەلپۈنىدۇ يۈرەكلەر.
ئويغىنىدۇ ئاشۇ تاڭ—
قەلب، ھىسسىيات، كۆز ھەم ئاڭ.

باغۋەن قىزلار ئۈستى يېپەق كـوچىغا گـۈل تولغان سېـ ۋەتلەرنى تىزىپ قويىدۇ.

## باغۋەنلەر

(تېنۇربالار* تەگكىشىدە ناخشا ئېيتىدۇ)
گۈل - چېچەكنى بىرلا كۆرۈپ
بولار تاللاپ ئالغىلى.
مېۋىلەرنى تېتىپ كۆرمەي،
قانـداق بولسۇن بىلگىلى؟

كۆرۈپ ئۇلار جامالىنى—
نېمە سېزەر كۆزىگىز؟
ئالۇچايۇ شاپتۇلىنى
تېتىپ كۆرۈڭ ئۆزىگىز.
شائىر گۈلگە بېقىپ قالسا،
ھەر نېمىلەر دەپ كۆرەر.
لېكىن ئالما يېقىپ قالسا،
ئاۋۋال ئۇنى يەپ كۆرەر.
بېرى كېلىڭ گۈلچى قىـزلار،
قۇۋناق قىزلار، خـۇش خەندان،
گۈلىگىزنى قويىگىزلار
مېۋىمىزگـە بانىمۇ يان.

گۈلباغ ئارا بـولسۇن بۈگۈن
بەزمە تامام بولغۇچە—

هەر كۆكۈلنىڭ كۆيى ئۆچۈن:
مېۋە، ياپراق، گۈل — غۇنچە.

گىتار ۋە تېمۇربالار تەڭكەشىدە هەر ئىككى تەرەپ ئۆز ماللىرىنى كوچىنىڭ بىر چېتىگە يۆتكەيدۇ.

## ئاتا ۋە قىز

### ئاتا

ئوماق قىزىم، سەن تۇغۇلۇپ،
ئاچتىڭ كۆزۈڭ —
ئۆستۈڭ ئاپئاق، پاقلان بولۇپ،
چىرايلىق يۈزۈڭ.
نەچچە يىلدىن مەن ئويغا بەتت:
بولسا بىر ئەر — باي دۆلەتمەن،
لايىقسەن ئۆزۈڭ.

يىل كەينىدىن ئۆتتى يىللار،
ئالەم بىر بازار.
ساڭا قانچە مەرد يىگىتلەر
بولدى خېرىدار:
كۆزلىرىنى باغلاپ كۆردۇق،
باشلىرىنى ئايلاندۇردۇق،
قىلمىدى ھېچ كار.
ئۆتتى تالاي بەزمە يىغىن —

بىزمۇ بىمالال—
قىلدۇق تالاي ھەرىكەت، لېكىن
كۈلمىدى ئىقبال.
بۈگۈن ئامەت كەلسە كېرەك،
ئۇچراپ قالسا بىرەر تەنتەك—
ئىلىندۇرۇپ ئال.

ئۇلارنىڭ يېنىغا بۇرادەرلىرى كېلىشىدۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق كۆڭۈللۈك سۆھبەت باشلىنىدۇ. تور، قارماق كۆتۈرگەن بېلىقچىلار، قۇش تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاياقلارنى كۆتۈرگەن قۇشچىلار يىغىلىدۇ. ئۇلار خۇشال چاقچاقلىشىپ، قىزلار بىلەن قوغلىشىدۇ.

## دەرەخ كەسكۈچىلەر

(قوپال، يېڭىلتەك يۈرۈش بىلەن كىرىپ كېلىدۇ)
پوشت! پوشت!
بىزلەرگە يول ئاچ!
بىز ئورمان كېزىپ
قارىغاي كېسىپ،
قىلىمىز تاختا.
توشۇغان ۋاقتا،
باشنى ساقلا! قاچ!
بىزلەر خالايىق،
قوپال كىشىمىز،
لېكىن ئىشىمىز

ھۆرمەتكە لايىق،
كەسىپسە ئۇتۇن
قوپال بىلەكلەر،
نېمە قىلاركىن
چىنى يىپپەكلەر؟
ئىشلىمىسەك بىز
تەرلەرگە پېتىپ،
ئۆلەر ئىدىڭىز
سوغۇقتا قېتىپ.

## پالشىنىللار *

بەل پۈككۈچى — سىز،
تەر تۆككۈچى — سىز،
چۈنكى جاھىل سىز؛
مانا ئاقىل — بىز،
بىز ئىش قىلمايمىز،
تەشۋىش قىلمايمىز.
باشلاردا — قالپاق،
ئاياغتا — باشماق،
جۇلدۇر — ئىگىلدە
شادلىق — كۆڭۈلدە.
تۈنلەر بىئازار
ئۇخلاپ ئۆتتۈرمىز،
كۈندۈزلەر بازار
كېزىپ يۈرۈۈمىز.
بىز ئەركىن قۇشتەك

قىلسىمىز پەرۋاز.
بەژىدە ھۇشتەك
چالسىمىز خۇش — ساز.
باشلىنار قىي — چۇۋ،
ئەنە، مالىمان!
قاچىمىز دەررۇ،
بىز خۇددى توشقان.
ئەل مىلك سالسا داد،
يوقتۇر ئىشىمىز—
بىتەشۋىش، بىداد
يۈرگەن كىشىمىز.

## تەييار تاپلار

(دەرەخ كەسكۈچىلەرگە سۆركىلىپ تەمەننەگەرلىك بىلەن)

سىز — مېھنەتكەشسىز،
سىز — زەھمەتكەشسىز.
سىز بەرمىسىڭىز
ئۆتۈن ۋە كۆمۈر
تۈگەيدۇ ئىزسىز
بىزنىڭ بۇ ئۆمۈر.
ماختاش بىھاجەت،
ياسالما قىلىق،
سۆزدىن نە پايدا؟
سىز بولسىڭىز بەس،
ئۆيىمىز ئىسسىق،

بىز شاد ھەر جايدا.
ياغمايدۇ ئوتۇن
ھەرگىز ئاسماندىن،
ئوتۇنچى پۈتۈن
توشۇر ئورماندىن.
مانا ئوچاقتا
ئوت يالقۇنلىنار.
تۆمۈر تاۋىدا
بېلىق قورۇلار.
ئاشپەز لېگەندە
كەلتۈرگەندە گۆش،
گۆشخور ئەلۋەتتە
يايرار قەلبى خوش.
ئاغا ئاشۇ كۈن
بولمايدۇ بايرام؟
ئوتۇنچى ئۈچۈن
كۆتۈرمەسمۇ جام؟

## ھاراقكەش

شادلىقىمغا يوق تۇسۇق،
ھەممە دوستۇم، ئۈلپىتىم.
مېنىڭ بايلىقىم — قوشاق،
ئەركىنلىكتۇر ئادىتىم.
تارتىنىشنى قوي دوستۇم،
تېزرەك مەينى قوي، دوستۇم.
قەدەھلەر تولۇپ تۇرسۇن،
كۆڭۈل خوش كۈلۈپ تۇرسۇن.

مەنمۇ خوتۇندىن بەزگەن،
نەشتىرىنى قادايدۇ.
ئۇ مېنى نىقاپ كىيگەن
ئالۋاستى دەپ ئاتايدۇ.
ئەيمىنىشنى قوي، دوستۇم،
تېزرەك مەي قۇي، دوستۇم.
قەدەھلەر تولۇپ تۇرسۇن،
چاقچاقمۇ بولۇپ تۇرسۇن.

قەرز دەپتىرىم تەييار،
قاۋاقخانا بىزگە يار.
ھەيدىۋەتسە خوجايىن،
قويۇپ بېرەر خىزمەتكار
چەتتە تۇرما، قۇي، دوستۇم،
تېزرەك مەينى قۇي، دوستۇم.
قەدەھلەر تولۇپ تۇرسۇن،
كۈلكىمىز ئۇرغۇپ تۇرسۇن.
ھەركىمدە بار بىر ھەۋەس،
ماڭا بۇ يەر بولسا بەس.
ئۇستەل ئاستى خوپ كەلدى،
سوزۇلايچۇ بىر نەپەس.

## ئومۇمىي ناخشا

قېنى، ئىچمەك تەشنالار!
ئەنە، كىرىپ بۇرجەككە—
بىزنىڭ بەزى ئاشنالار
كېتىپ قالدى مۈگدەككە.

قەبرىستان ۋە شەبىستان كۈيچىلىرى ئۆزرە سورايتتۇ، ئۇ-
لار ھازىر يېڭى پەيدا بولغان، ئەتە بىر كۈن شېئىرىيەتتە
يېڭى بىر يۈنىلىش باشلىشى مۇمكىن بولغان يالماۋۇز بىلەن
بىرىپ سوھبەتلەشمەكتە. گېرالد بۇنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئېتىبارغا
ئالىدۇ. ئۇ يۇنان ئەپسانىسىدىكى قەھرىمانلارنى چاقىرىدۇ.
ئۇلار گەرچە زامانىۋى كىيىنگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە خاسلىق ۋە
دەۋر گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالغان.

## ئۈچ نازاكەت*

### ئاگلايا

ھايات ئۈچۈن شەۋىق، لەززەت
بېغىشلىغاي نازاكەت.

### گېكېلانا

شەۋىق - لەززەت تويغاندا ھەم
نازاكەت بولسۇن ھەمدەم.

### ئېفراسنا

كىم بۇ شەۋقتىن مىننەتدار،
نازاكەتكە بولسۇن يار.

## پاركالار*

### ئاتراپاس

قىسمىتىمدە بار خىزمەت—
مۇرەككەپ ئىش، مۇشكۇل ئىش.
تەلەپ قىلار زور غەيرەت
ھايات يىپىنى ئېگىرىش.

ئۈزۈلمىسۇن ئۇچۇن يىپ،
بولسۇن ئۇچۇن سىيلىق، ساز،
ئېشىپ ئۇنى ياخشىلاپ،
ئاندىن بېرىمەن پەرداز.

پۇختا بولسۇن سۈپىتى
بولمىسا ئۇ بۇزۇلار.
يىپنى بەكمۇ زىيادە
تارتىدۇ-تەسەك ئۈزۈلەر.

### كلاتا

قايچا تۇتۇش قولۇمغا
مېنىڭ شورلۇق قىسمىتىم.
قىلمىغان ئىش ئانىمىز
بولدى مېنىڭ خىزمىتىم.

ئۇ مەجرۇھلار كۆڭلىنى
بەكمۇ كۆپ سوزۇپ قويدى،
لېكىن ياشلار ئۆمرىنى
تېگىدا ئۈزۈپ قويدى.

مەنمۇ بىراق بۇ ئىشتا،
يېڭىلىشتىم تالايلاپ.
بۇ قايچىنى ئەمدى مەن،
قويۇپ قوياي ئاۋايلاپ.

ياپراق، ئوينىڭ بىمالال،
تويۇپ - تويۇپ قاراي، مەن.
بۈگۈن سىزگە يوق زاۋال،
مەنمۇ خۇشال ياپرايمەن.

## لاخىيزىس

بۇ دەۋردە پەقەتلا،
مەن يېگانە ئاقلىراق.
چەرخ ئىشى تەرتىپسىز،
ئىشىم تەرتىپ ئورناتماق.

بويسۇندۇ ھەر بىر يىپ،
قائىدىگە، بۇيرۇققا.
ھەر تالا قولدىن ئۆتۈپ
چۈشەر ئاخىر ئورچۇققا.

قارىمىسام مەن ئەگەر،
غۇلار ئالەم شۇ ھامان.

چاق ئايلىنار، كۈن ئۆتەر،
دەستىگاھىقا يىپ راۋان.

### گېرالد

گەرچە تونۇش سىزگە قەدىمي دۇنيا،
تونۇۋالالماسسىز بۇلارنى ئەمما.
ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەي ئېھتىمال،
ئەزىز مېھمانلار دەپ قىلارسىز مېھمان.

بۇ گۈزەل قىزلارنى فۇرىيالار* دەپ،
ئېھتىمال ھېچ كىشى قىلمايدۇ گۇمان.
ئەمما سۆزلەشسىڭىز يېقىنراق كېلىپ —
بىلەرسىز بۇ ھۆرلەر يىلاندۇر، يىلان.

ئۇلار كۆپ مەككاردۇر، لېكىن بۇ - بايرام،
ھەركىم ئۆز خۇلقىنى قىلىدۇ ئايان.
شۇ سەۋەب بىنىقاب فۇرىيالار ھەم،
قىلىدۇ كۆڭلىدە بارىنى بايان.

## فۇرىيالار

### ئالېكتا

نىقابتىن پايدا يوق - بۇنى بىلىمىز،
شۇم غەيۋەت دەرسىنى ئوقۇيمىز سىزگە.

ئۆيلەنمەك بولسىڭىز گەر بىرەر قىزغا،
بىز ئۇنى ئاشۇرۇپ تەرىپ قىلىمىز.

ئېيتىمىز — ئۇ نازۇك، ئەركە ۋە نايناق،
سىزنى ئەر قىلارۇ باشقىدا كۆزى.
ھە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىغايدۇر كۆزى،
ھەم بوينى قىيسىقتۇر، پۇتلىرى مايماق.

بولغۇسى كېلىنگە ئېيتىمىز: — «ئېرىڭ —
ئەسلىلا بۇزۇقتۇر - چۇشمەيدۇ ئىزغا،
سېنى يامانلىدى باشقا بىر قىزغا!»
ھە، ئاندىن سىز بېرىپ ئۆيلىنىۋېرىڭ.

## مېگېرا

بۇ قانداق ئىش بولدى؟ ئەر - خوتۇن بولۇپ،
ياشىغاي بىر جۈپ ياش بىلمەي ئېتىراز.
ئارىغا مەن سالاي شۇملۇق ۋە ئاراز،
تاشقاي بەخت كاسىسى زەھەرگە تولۇپ.

ئىنسان تەبىئىتى ھېچ تۇرغۇن ئەمەس،
ھايات ئۆتسە بىرخىل تېگىدۇ جانغا.
ئەگەر نۇرلۇق كۆن بەرسەڭ ئىنسانغا،
ئۇ قارۇ مۇزلۇقنى قىلىدۇ ھەۋەس.

كىمكى بىر - بىرىگە دوست - يار بولۇر،
كىمكي بىر - بىرىگە ئەزىز مېھرىبان.

ئۇلارغا كۈن يوقتۇر مەندىن ھېچقاچان،
ئاسمادېي* يېنىمدا مەدەتكار بولۇر.

تىزىفانا

يىسقۇ پاسات، غەيۋەتلەر ئەمەس —
مەندە بار قورال - خەنجەر ۋە زەھەر.
قىلسا كىمگە خىيانەت ئەگەر
ئۇ كېچىكمەي جازا تاپار، بەس.

تېرىغاننى ئورۇر ھەر كىم، راست!
لەززەت ئىچىدە ئۆتكەن ئان ئۈچۈن.
لەھزە ئارام تاپقان جان ئۈچۈن.
مەن ئالارمەن رەھىمسىز قىساس!

گۇناھ باركەن، دېمەك، بار جازا،
پايدا بەرمەس نالەيۇ ھەسرەت.
تۇۋىلارغا تاغ - تاشتىن پەقەت —
«ئەلقىساس» دەپ قايتىدۇ سادا.

گېرالد

پوشت، يېگى مېھمانلار كەلمەكتە بىزگە،
ئۇلار ئوخشاشمايدۇ ھېچبىرىمىزگە.
يېپىنىپ ئۈستىگە ماتا - خىلمۇخىل،
ئەنە تاغدەك بولۇپ كەلمەكتىدۇر يىل.
خارتۇمى مىسالى دەھشەتلىك يىلان.

بۇ قانداق تېپىشماق! قىلاي مەن بايان:
پىل بويىنغا مىنىپ تاياقلىق ئايال،
باشقۇرۇپ كەلمەكتە پىلنى بىمالال.
ئۇنىڭدىن نېرىراق بىر ئېگىزلىكتە،
كەلمەكتە يەنە بىر پىلمۇ شۇ پەيتتە.
ئىككى تەرىپىدە ئۇنىڭ، قاراڭ سىز،
كەلمەكتە كىشەنلىك ئىككى ئەسىرە:
بىرى ئىزتىراپتا سۇلغۇن ۋە رەڭسىز،
بىرى بولسا پەرۋا قىلمايدۇ زەردە.
ئۇلار كىم، بۇ نە ھال - ئاڭلىماقچىمىز —
ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىماقچىمىز.

## قورقۇش*

ئەتراپىدا مەشئەللەر
سالدى مېنى قىيناققا.
قاچاي دېسەم كىشەنلەر
بولجۇتمايدۇ ھېچياققا.
ھەممە مەندىن كۈلمەكتە،
ھەممە ماڭا ياۋ - دۈشمەن.
ھەممە تەھدىت قىلماقتا،
ھەممە ئىزىمغا چۈشكەن.

دوست — يولۇمغا گۆر قېزىپ،
مېنى گۆم قىلماق بولدى.

دۈشمەن ـ ئارتتىن ئىز بېسىپ،
پىچاق سانجىماق بولدى.
ئۇنى تۇتماق بولسامۇ،
كىشەندىدۇر قوللىرىم.
قىچىپ كەتمەك بولسامۇ،
چىك ئېتىلگەن يوللىرىم.

## ئۈمىد*

سالام، ھەدە ـ سىڭىللار!
نىقاب، ھەر خىل ئېگىللار
سىزگە بۆگۈن ئۈچۈن خاس.
تاڭلا ئەتە، بىلىمىز،
ئەسلىمىزگە لايىق، ماس
كىيىملەرنى كىيىمىز.
ئەمما ھەدە ـ سىڭىللار
تەھقىق شۇنداق كۈن كېلەر ـــ
نىقابسىزمۇ شاد ـ خۇرام
قىلىمىز ھەر كۈن بايرام.
مېھنەت ناخشا تۆپەيلى
ئەمەك كەبى بولىدۇ.
ھايات خۇددى گۈل سەيلى
چۆچەك كەبى بولىدۇ.
زو كەلمەس ھېچ بىلەككە
گاھ ئىشلەپ، گاھ ئېلىپ دەم ـــ
خالىساق يەككە ـ يەككە،
خالىساق خاھ بولۇر جەم ـــ

يول ئالمىز سەيرگە،
خەندان ئۇرۇپ شاد - قۇۋناق
بىزلەر بارساق قەيەرگە،
بارچە ئاچار كەڭ قۇچاق.
شۇنداق كۈنلەر كەلگۈسى،
بەخت بىزنى سۆيگۈسى.

## دانا

ئۈمىد بىلەن قورقۇشتىن
ئارتۇق ياۋ يوق ئىنسانغا.
ئۇلار ئوت بىلەن سۇدىن
بەتتەر ئاپەت جاھانغا.
پىل گەرچە تاغ بىلەن تەڭ،
بىراق تىزگىن مەندىدۇر،
مۇنۇ ئىككى بالىنىڭ
قوللىرى كىشەندىدۇر.
يۈكسەكلىكتە تۇرغان بۇ
مەبۇدەنى تونۇرسىز:
بارچە ئالەم ئاڭا قۇل،
تۇرار ھەممە پۈكۈپ تىز.
مەغرۇر باقار شان - شۆھرەت
شولىسىدىن مۇنەۋۋەر،
ئىسمىن ئېيتسام، — ئۇ نۇسرەت
ھەممە ئىشتا مۇنەۋۋەر.

## زائىلا - تېرسىد*

بۇ يەرگە كەلدىم بۈگۈن
سىزلەرنى بابلاش ئۈچۈن.

ئەڭ بىرىنچى نىشانىم
نۇسرەت ئاتالغان خانىم،
قاناتلىق دەر ئۆزىنى،
بۈركۈت بىلەر ئۆزىنى.
شەھەر - يېزا خاس ئاڭا،
ئۆيلەر سالغان ماس ئاڭا.
ئۇچرىسا بىر شۆھرەتلىك
قۇيقا چېچىم بولار تىك.
قېنى، گۇناھنى شانغا،
ھەقىقەتنى يالغانغا
ئايلاندۇرسام مەن ھامان،
قىلسام ئەلگە ھەم ئايان.

## گېرالد

يوقال، ئىبلىس، كۆزلەردىن،
تاياق يەيسەن بىزلەردىن!
ئەجەب، بۇ دوك يوقالدى،
يۇمىلاق بولۇپ قالدى.
ئەنە، پىر - پىر ئايلاندى،
ۋاھ، تۇخۇمغا ئايلاندى.
بۇنى بىر مۆجىزە دەڭ.
ئىككىگە بۆلۈنۈپ تەڭ،
ئۇندىن ئىككى جان چىقتى:
شەپەرەڭ، يىلان چىقتى.
يىلان يەر قۇچۇپ كەتتى،
شەپەرەڭ ئۇچۇپ كەتتى.

مەقسەتلىرى بىرلىشىش،
چىقارماي ئەسلا تىۋىش.
بولالماس ئادەم لېكىن،
بۇ، ئۇلار ئۈچۈن قىيىن.

## خالايىق

ئويىنىماقتا ئەل ئۇسسۇل،
كېتەيلى بىز تېزرەك بول.
بېشىمىزدا ئۈچۈپ جەم —
بولماقتىدۇر روھلار ھەم.
چېچىمىغا تېگە - تەگمەي،
بىر نەرسە ئۈچۈپ ئۆتتى.
ئاللىنېمە پەيدىنپەي
پۈتۈمنى قوچۇپ ئۆتتى.
بۇندا ياردار يوق، لېكىن،
قوچتى ئىگراش سورۇننى.
بۇ ئەلۋەتتە شۇ ئىككى
ئۆلۈمتۈكنىڭ ئويۇنى.

## گېرالد

بەزمە تېخى باشلانماي،
تولدى ھەريان مېھمانغا.
كۆزەتمىكىم كېرەكتۇر
تەكشى كۆز سېپ ھەريانغا.

يەنە بۇندا ئۇشتۇمتۇت،
يۈز بەرمىگەي بۇ ئاپەت.
چاقىرمىغان مېھمانلار،
كەلتۈرمىگەي پالاكەت.
ھەيرانلىقتا چۆمۈلدۈم،
چاك - توپىغا كۆمۈلدۈم.
ۋوھلار كىرىپ كېلىشتى،
دېرىزىدىن توپلىشىپ.
مەن بىر چەتتە يېگانە،
قاراڭ، ئۇلار بەكمۇ كۆپ.
مانا ھازىر كىرگىنى —
زائىلە ئىدى ئەينى.
لېكىن، قارا، بۇ نەھال،
قىلدى مېنى بەكمۇ لال.
ئۇلارنى تونۇشتۇرماق
ئەسلى مېنىڭ ۋەزىپەم.
ئەمما مۈشكۈل تېپىشماق
ھەيران قىلدى مېنى ھەم.
مەنزىرىگە قاراۋە،
مەنىسىنى قىل بايان.
تۆت ئات قوشقان بىر هارۋا
كەلمەكتىدۇر بىز تامان —
تىكىپ ئۆتكۈر كۆزىنى،
سوقۇۋەتمەي ھېچكىمنى،
كېلەر يا ياق بىر يىگىت،
مەھكەم تۇتۇپ تىزگىنىنى.
جىلۋە قىلار ئۈستىدە

سانسىز يۇلتۇز نۇر چېچىپ،
ھەم بىھېساب چىراغلار
ۋاللىدايدۇ كۆز چېقىپ.
ئەنە كەلدى، مەن ھالاك ـ تالاك...
چەتكە قاچ! دەھشەت!

## ھارۋىكەش بالا

توختاڭ!
ئۇچقۇر تايلار، بىر نەپەس
ئارام ئېلىڭ ئەمدى، بەس!
سىزدە ئەقىل بار تولۇق،
تىزگىنىڭگە بويسۇنغۇلۇق.
بۇ قۇتلۇق جاي، بىلىڭلار،
ئۇنى ھۆرمەت قىلىڭلار.
مۇخلىسلار، دانىشمەنلەر،
بىزنى ئورنۇۋېلىشتى.
گېرالدتىن بىز ھەقتە
گەپ سوراشقا كىرىشتى.
گېرالد بىزنى باشلىغىن،
تەشۋىشىڭنى تاشلىغىن.

## گېرالد

ئۆزۈڭ كىمسەن، ھارۋىكەش،
سېنى نەدىن بىلەي، مەن؟

ئىقتىدارىم يەتكۈچە
سېنى تەربىيە قىلاي، مەن.

ھارۋىكەش بالا

باشلا، قېنى.

گېرالد

ئالدى بىلەن،
ياشىسەن، بەقۇۋۋەت، بەرنا.
پېشمىغان غورىسەن، ئەمما
خوتۇنلارغا ياقىسەن.
ئۆلگىسىپ، تاپقاچ كامال،
تالايلاپ ساھىبجامال —
قەلبىگە ئوت ياقىسەن.

ھارۋىكەش بالا

گەپ باشلىنىشلىك بولدى باب،
تېپىشماقنى — قېنى، تاپ.

گېرالد

كۆزلىرىڭ تۇم قارا، چېچىڭ جىڭگىلەك،
بېزەكلىرىڭ ياقۇت، ئۈنچە بىلەن زەر.

ئۇچاڭدا يىپەكتىن تىكىلگەن كۆڭلەك،
بېلىڭگە باغلاپسەن كۈمۈشتىن كەمەر.
قىزلاردەك لەتىپسەن، دىلرەبا تەلئەت،
نازاكەت ھەم ھايا بېزىگەن سېنى.
قىزلارنىڭ جېنىغا لېكىن سەن ئاپەت،
ئۇقۇغاچ مۇھەببەت ئېلىپبەسىنى.

**ھارۋىكەش بالا**

كىم بۇ — تەختتە ئولتۇرغان؟
باققىن — زەرگە ئورالغان!

**گېرالد**

ئالتۇنلارغا پۈركەلگەن —
ئۇ ساخاۋەت سۇلتانى.
مۇرۇۋۋەتتىن شان قۇچقان —
ئەلنىڭ پاك مېھربانى.
بېسىپ ياتماي بايلىقنى
تۇرغان ئەلگە تارتىپ.
تارتقانچە، خەزىنىسى
بارغان شۇڭا كۆپ ئارتىپ.

**ھارۋىكەش بالا**

بۇ تەرىپىڭ خېلى ماس،
بىراق باشلىنىش خالاس.

**گېرالد**

ئۇنى تەرىپلەش قىيىن،
ئەمما ئايدەك يۈزىدىن،
مەغرۇر باققان كۆزىدىن،
ۋە بۇ شاھانە كىيىم،
ئۇلۇغۋار قامىتىدىن
ھەمدە سالاپىتىدىن
كىملىكى نامايانىدۇر:
بىرەر يۇرتقا سۇلتاندۇر.

**خارۋىكەش بالا**

بايلىقلار مەبۇدىسى
پلۇتۇس ئۇ بىلسىڭىز.
ئۇنى قوبۇل قىلماقچى،
سىزنىڭ ئاشۇ شاھىڭىز.

**گېرالد**

ئەمما، ئېيتقىن، ئۆزۈڭ كىم؟

**خارۋىكەش بالا**

مەن — ئىجادمەن، قىلمىشىم —
ئۆزۈمنى سەرپ ئەتمەك.
بارىمنى بەرسەم، دېمەك،
ھاسىل بولار ئارمىنىم:

چوققىغا بىرىپ يەتمەك.
بايلىق دېسەڭ — تانمايمەن،
پلۇتۇستىن قالمايمەن.
ئۇندا يوقى مەندە بار:
شاھانە بەزمىلەردە،
ئۇسسۇل ۋە نەغمىلەردە —
مەن بولىمەن ئاڭا يار.

## گېرالد

ماختىنىشىڭ خوپ، لېكىن
ھۈنىرىڭنى كۆرسەتكىن.

## هارۋىكەش بالا

قارسىلدىسا بارمىقىم،
زەرگە تولار ھەر بىنىم.
(بارمىقىنى قارسىلدىتىدۇ)
مانا بۇ — مەرۋايىت — دۇر،
تاقاڭ ھەم قىلىڭ ھۈزۈر.
مانا ھالقا — جىڭ ئالتۇن.
قانچە كېرەك سىز ئۈچۈن؟
ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك بۇ،
ھەممىسىدىن تۈزۈك بۇ.
كۆز - كۆز قىلىپ ھەممىنى
ئۆرتەيمەن ئەل قەلبىنى.

## گېرالد

مانا، ئۇر - سۇر، توپىلاڭ،
سوۋغا بېرىش باشلاندى.
قىي - چۇۋ بىلەن خالايىق
ئولجىلارغا تاشلاندى.
ھەممە ئالار، زەر، كۈمۈش —
بۇ گوياكى شېرىن چۈش.
نەيرىڭنى ئىشلەتكەن —
ئىكەن ئەسلى پلۇتۇس.
ھالقا بىلەن ئۈزۈكلەر،
ئۇنىڭدىنمۇ تۈزۈكلەر،
قولغا چىقار - چىقماستىن،
بولدى غايىب تۇتماستىن.
ھالقا ئۇچتى پەلەككە —
ئايلىنىپ كېپىنەككە.
بۇلاپكىمۇ يوقالدى.
ئۇ قوڭغۇز بولۇپ قالدى.
بىزدىن تىندى بۇ ساختا
ئالتۇنلارنىڭ ساداسى.
ھەممە ئەمدى بىلمەكتە —
بۇ — نەيرەڭنىڭ بالاسى.

## ھارۋىكەش بالا

گېرالد، ئۆزۈڭ بەك ئۇستا،
سۆز قىلىشتا ھەرقاچان.

ھەرخىل نىقاب، ماۋزۇدا
بولسەن ھەم نامايان.
ماھىيەتنى ئېچىشتا
لېكىن ئاجىز سەن ھامان.
مۇنازىرە نە ھاجەت؟
سۆزۈم بار ساڭا خاقان!
(پلۇتۇسقا قاراپ)
سەن ئەمەسمىدىڭ ماڭا
تۆت ئات بەرگەن ھۆكۈمدار؟
مەن ئەمەسمىدىم ساڭا،
ساداقەتلىك خىزمەتكار؟
نىمە ئىشنى بۇيرۇساڭ
ئۇچمىدىمۇ ئوق بولۇپ.
ھەرقانداق بىر مەنزىلگە
يەتمىدىمۇ قۇش بولۇپ؟
بەيگىلەردە ھەرقاچان
كەلمىدىمۇ شان قۇچۇپ؟
قايناق جەڭگە سەن ئۇچۇن،
كىرمىدىمۇ ئوت بولۇپ؟
گۈلتاجىنى نۇسرەتنىڭ
بەرمىدىمۇ كەلتۈرۈپ؟

پلۇتۇس

بولدى قىل، بەردى ئايان،
سۆزلىرىڭدە يوق گۇمان.

سەن مېنىڭ چىن روھىمسەن،
شۆھرىتىم، مۇرىدىمسەن.
مەن قانچىلىك بېيىماي،
يەنىلا سەن مەندىن باي.
گۈلتاجىڭ تاجدۇر ماڭا،
مېھرىڭ — راۋاجدۇر ماڭا.
سېنىڭ بىلەن ھەرقاچان
ماختىنىمەن، ئەي ئوغلان.

## ھارۋىكەش بالا

(خالايىققا)

ئاچتىم قۇتلۇق ساندۇقنى،
چاچتىم سىزگە ئالتۇننى.
چاچتىم گويا شۇ بىلەن
خاسىيەتلىك يالقۇننى.
قونۇۋېلىپ چاچلارغا،
ئۇچۇپ باشتىن باشلارغا،
كۆزنى چېقىپ ۋاللىدار
ئوخشاپ تىللا قاشلارغا *.
گاھى بولۇپ زور گۈلخان،
ئۇچار ئۆرلەپ كۆك سايان.
بولار غايىب كۆپلىرى
ئۆچكەن ئۇچقۇن - ئوتسىمان.

* تىللاقاش — پېشانىگە ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويۇلىدىغان تىللادىن ياسالغان بېزەك بۇيۇمى.

## ئايىللار

بۇ ئىش ئۆزى بىر ھىيلە،
ئىجراچىسى ھىيلىگەر.
ئارقىسىدا تۇرغىنى
ھەتتا ئەرۋاھتىن بەتتەر.
قاراپ بېقىڭ، قاق سۆڭەك،
گۆشى يوق چىمدىغۇدەك.

## ئورۇق كىشى

بەس، جاۋىلداق ئايالىلار!
شۈبھىسىز، بىر زامانلار،
ئايالىم بولغان خېنىم،
مەن ئاقىل خەسىس ئىدىم.
كىرىم بارۇ چىقىم يوق،
باي، بە دۆلەت ياشايتتۇق.
تولدى ئامبار لىقمۇلىق،
بولدۇق ناھات گۇناھلىق.
ھازىر ئۆزگە زامانە،
ئۇ ئادەتلەر بىگانە.
مال يىغماقنى ھەر ئايال،
قىلمايدۇ ھەرگىز خىيال.
بىھاجەتتۇر تارازۇ،
ھەمىياندىن تولا ئارزۇ.
بوغۇلغان ئەر قەرزگە،

ئىشى يۈگۈرۈش ئەرزگە.
نېمە چۈشسە ھەميانغا،
خوتۇن خەجلەر مېھمانغا.
بېزەك ئالار تاقماققا،
ئۈيىنىشىغا ياقماققا.
شۇندىن بۇيان كۆزۈم يوق
خوتۇن خەققە باقماققا.
ئالتۇن ماڭا كۆپ ئەزىز،
مەن ئەركەكمەن، مەن خەسىس.

## ئاياللار باشلىقى

ئەجدىھادىن كەم ئەمەس،
ئەجدىھاغا ھەمنەپەس.
قەستى قوزغاپ ئەرلەرنى
ئاياللارغا كۈن بەرمەس.

## ئاياللار

ئەي، بىر خالتا قاق سۆڭەك!
سېنى بىر بابلاش كېرەك!
نەيرەڭۋاز بۇ ئەزەلدىن،
ئەجدىھاسى قەغەزدىن،
قىلايلى بىر تۇركالتەك.

## گېرالد

سىلەر نېرى تۇرۇڭلار،
ماڭا قويۇپ بېرىڭلار.

تايىقىم بار، مەن ئۈنى...
شۇئان سوزۇپ بويىنى،
ئەجدىھالار بۈرۈلۈپ،
قاناتلىرى سۆرىلىپ،
ئاغزىدىن ئوت چېچىشتى.

قورقۇپ كەتكەن ئالامان
بىردەمدىلا ھەر تامان
پىترىشىپ قېچىشتى.
تىنجىپ شۇئان تۆپىلاڭ،
بولدى تىمتاس يەر - جاھان.

(پىلۇتۇس ھارۋىدىن چۈشىدۇ)

ئەنە پىلۇتۇس ئورنىدىن
قوزغالدى - دە، دەس تۇردى.
چۈشۈرمەكنى ساندۇقنى،
ئەجدارلارغا بۇيرۇدى.
ھاسىسىنى، — چۈش، — دېدى —
ئىما قىلىپ كىرىپكتە.
بەرى بەجا قىلىندى،
تاڭ قالغۇدەك تېزلىكتە.

### پىلۇتۇس

(بالىغا)
يۈكتىن قۇتۇلدۇڭ مانا،
ئازاد بولدۇڭ راستىنلا،

چاپقىن ئۇچقۇر تايىنى، بەس،
سىنىڭ جايىڭ بۇ ئەمەس.
ئىقابلىق بەنـدىلەردىن،
مەنىسىز خەئدىلەردىن،
قاچ تەنھالىق جاھانغا،
سەن لايىق شۇ پىـنھانغا.
ئۇ تىنىق ئايدىڭ پىنھان،
ئۈزۈگدەك تازا، ئوبدان.
ئۇندا گـۈزەل، بىغۇبار —
يارىتىسـەن بىر دىيار.

## ھەرۋىكەش بالا

ئۇ ئىجاد قىلىنغان تىنچ دۇنيـادا،
قىلارمەن ئەلچىلىك بۇرچۇمنى ئادا.
ئاخىر ئىككىمىزنىڭ مەسلىكىمىز بىر؛
سەن بار يـەردە توقلۇق، ھەممە نەرسە تەل،
مەن بار يەردە شوخلۇق، خۇشلۇق مۇكەممـەل.
ئىنتىلىش، ئارزۇ ۋە تىلىكىمىز بىر.
بەزىلەر ئىزدىشەر بايلىقنى — سىنى،
بەزىلەر ئىزدىشەر ئىجادنى — مىنى.
ھە، سىنى تاپقانلار لەززەت تاپىدۇ،
ھە، مىنى تاپقانلار - زەھمەت تاپىدۇ.
مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە يوقتۇر ھەۋىسىم،
قىلىدۇ ئاشكارا مىنى نەپىسىم.
ئىلتىجا قىلىدىڭ سەن، رەھـمـەت، ئەلۋىدا
ئىزدىگەن چىغىڭدا كىلىسـەن ئەمما.

(قانـداق پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق يوقىلىدۇ)

## پلۇتۇس

كەلدى ئىچىش نۆۋىتى
ئەمدى مانا ساندۇقنى.
گېرالدىنىڭ تايىقى
ئوينار ئاچقۇچ رولىنى.
تەگدى مانا قۇلۇپقا،
گېرالدىنىڭ تايىقى.
قاراڭ، ساندۇق ئىچىلدى،
ئىچىدە لىق بايلىقى.
مىس قازاندا لىق ئالتۇن
ياتار ئېرىپ، لىغىرلاپ.
ئالتۇن زەنجىر، ھالقىلار،
چاقنار ئۇندا جىمىرلاپ.

## خالايىق سورۇنى

ۋاھ، قاراڭلار بۇ ياقتا،
ئالتۇن سۇيى تاشماقتا.
رەت - رەت تىللا، ئىدىشلار،
ئۇندا ئالتۇن - كۈمۈش بار.
كۆز چاقنىتىپ جىمىرلار،
ئالتۇن پۇللار جىرىڭلار.
بۇيان تۇرۇڭ يول بېرىپ،
يوقالمىسۇن ئۇ ئېرىپ.

پۇلدۇر ياتقان يەردىكى،
بىلسەڭ جان ئۇ تەندىكى.
قول ئۇزارتساڭ — ئالسەن،
چەكسىز باي بوپ قالسەن.
بىزمۇ دەرھال بارايلى،
ساندۇق بىلەن ئالايلى.

## گېرالد

قانداق دېگەن غەلۋە بۇ؟
ئاخىر نىقاب بەزمە بۇ!
بۇندا، ھەممە بىلسۇن،
ئالتۇن نېمە قىلسۇن؟
تىللا تۇرماق، شۇ تىللا
سايىسىمۇ يوق بۇندا.
ھېچكىم چاقچاق چۈشەنمەس،
ئىشى چاڭگال سالماق، بەس،
دېمەك ئويۇن بىھاجەت،
بولغاي ھەممە چىن پەقەت!
ئىدقابىلىنىپ پلۇتۇس
بولغان كىشى، بول، قېنى!
قايتۇر خىيال ئىلكىدىن،
بۇ ئاچكۆزلەر توپىنى.

## پلۇتۇس

يەنە زۆرۈر تايىقىڭ،
بېرىپ تۇر، بىر ئىش كۆرەي.

ئۇنى ئوتتا قىزدۇرۇپ،
نىقابلارنى كۆيدۈرەي.
تۆمۈر تاياق تاۋلاندى،
مانا چوغقا ئايلاندى.
كەلسە يېقىن كىم بۇيان
كۆيدۈرىمەن بىگۇمان.

## غەلۋە — غۇۋۇر

قاچقىن! خاراب بولسەن!
تىرىك كاۋاپ بولسەن.
قاچ ئارقىغا! مانا يول!
كەلدى ئوتنىڭ ئۇلى، بول!
تاياق تەگدى ئېتەككە،
ئوت تۇتاشتى كۆكلەككە.
ئېتىلدى يول، يوق نىجات،
ئۇچاي، ماڭا بەر قانات.

## پلۇتوس

ئاردىن يول ئېچىلدى،
ھېچكىم ئوتتا كۆيمىدى.
ھولۇقمىسۇن ئەل يانا،
سىزىپ قوياي ئايلانما.

## گېرالد

دانالىق ھەم شىجائەت،
كۆرسەتتىڭىز، كۆپ رەھمەت!

## پلۇتۇس

ماختىمىغىن ئۇنچىلا،
ئالدىمىزدا ئىش تولا.

## خەسىس

تۆت تەرەپكە سالماققا نەزەر،
خاتىرجەملىك باشلاندى مانا.
ئادىتىنى قىلىپ خوتۇنلار
ئىنتىلمەكتە ئالدىغا يانا.
مەن ھاياتمەن، ئۆلگىنىم يوقتۇر،
سۇلۇپ، ئادا بولغىنىم يوقتۇر.
جانانلار جەم بولغان ھەر سورۇن،
قىلار مېنى ھېلىمۇ مەپتۇن.
چىرايىمنى ئۆزگەرتىپ شۇڭا
كۆرۈنىمەن شاد ـ خۇرام ئاڭا.
ئەمما بۇنداق غاۋۇر ـ غۇۋۇردا
سۆز بەرمەيدۇ قىلچىمۇ پايدا.
ئويناپ ئۇسسۇل، قىلىپ شوخ جەۋلان،
قىلماق كېرەك مەقسەتنى ئايان.
گەر ئۇسسۇلۇم ئوينالمىسا رول،
ھىيلە ئۇچۇن بار ئۆزگىچە يول.
خېمىر قىلىپ ئالتۇننى. شۇئان،
سالاي ئەپلىك شەكىلگە ئوبدان.

## گېرالد

قاراڭلار بۇ ئاۋاقنى —
سۆگەك بولۇپ قالسىمۇ،
يىقىلاي دەپ تۇرسىمۇ
قويماس يەنە چاقچاقنى
خېمىر قىلىپ ئالتۇننى،
ئۆزۈپ ئۇندىن زۇۋۇلا،
ھەر خىل شەكىل ياسايدۇ،
دېمەس قىلچە — سەت بولا.
قىلىپ قىسمەت بەتقىلىق،
تويىنى يېرىپ ئۆتىدۇ.
قولىدىكى شەكىلنى،
ئاياللارغا تۇتىدۇ.
ھەريان قاچار ئاياللار،
بارمۇ ئۇندا نومۇس - ئار؟
زادى قانداق قىلىق بۇ؟
بەكمۇ بوزەك قىلدىغۇ.
ئىشقا سېلىپ تاياقنى
قوغلايمەن ئۇ ئەخمەقنى.

## پلۇتۇس

بىلمەس — يېقىن پالاكەت،
مەجبۇر قىلسا زۆرۈرىيەت،
تاشلار ئىشىن نائىلاج.
قانۇندىن زور ئېھتىياج.

## شاۋقۇن ۋە ناخشا

تاغدىن چۈشۈپ بىز تامان،
كەلمەكتە زور ئالامان.
شاۋقۇنلىرى كۆك قۇچقان،
ئەڭ ئالدىدا ئۇلۇغ پان*.
قىلىپ تەزىم ئالامان،
تىلەر پانغا شەرەپشان.
پان نىقابىن كىم كيگەن،
پەقەت ئۇلارغا ئايان.

## پلۇتۇس

سىلەر كىملەر، كىمدۇر ئۇلۇغ پان،
مەن بۇ سىرنى ياخشى بىلمەن.
شۇ سەۋەبتىن ئىلتىپات بىلەن
سىرۇنىمىزغا تەكلىپ قىلىمەن.
سىزگە پەقەت تەلەي بولسۇن يار،
ئاشنا بولسۇن مۆجىزە ھەرۋاق.
سەپەردە سىز — بىلمەيسىز بىراق،
ئالدىڭلاردا يەنە نىمە بار.

## ۋەھشەت قوشىقى

ساراي ئەھلى — ساختىدۇر.
بىزنىڭ ماكان — تاغدىدۇر.

قوپالمىز ھەم ئاساۋمىز،
باتۇر، پالۋان راسا بىز.

## قاۋنلار*

بىلمەك بولساڭ، قاۋنلار
بەكمۇ قوۋناق كېلىدۇ.
باشلىرىغا ھەر قاچان
گۈلچەمبىرەك كىيىدۇ.
گۈلچەمبىرەك ئاستىدا
قولاقلىرى سالىپايغان.
يۈزى يالپاق، يۇمىلاق،
بۇرۇنلىرى كالچايغان.
بىراق قەددى قاۋننىڭ
جانانلارغا ئوت يۇقار.
تەگسە قوپال قوللىرى
قىزلار ئىبسىن يوقىتار.

## ساتىر

قاۋنلارنىڭ كەينىدىن —
ئەنە، ساتىر* كېلىشەر.
پۇتى ئۆچكە تۇياقلىق
ئارقاردەك تېز يۈرۈشەر.
ئۇ تاغلاردا يايرايدۇ،
گاھى پەسكە قارايدۇ.
بۇندىكى ئەر ۋە ئايال —

**هاياتنى كۆرگەتەر.**
**ئاڭا كېلەر بۇ مالال،**
دەر، بۇ — زۇلمەتتىن بەتتەر.
باقار — كەڭلىك بىپايان.
گويا ئۇنىڭدىن جاھان.

## گناملار*

بىزلەر ۋىجىك ھەم قارا،
توپ - توپ بولۇپ يۈرىمىز.
كىيىمىمىز جەندىدەك،
غارلار بىزنىڭ ئۆيىمىز.
كانچىلار بىز — چىراغلىق،
يالتىراق قۇرت سىياقلىق.
چۈمۈلىدەك قاتار بىز،
ئىرماش - چىرماش ياتارمىز.
كابالد* ھەمراھىمىز،
تاغلارنىڭ جەۋلانى بىز.
تېپىپ مەدەن كانىنى،
قازىمىز بىز باغرىنى.
تالاي كاننى كەزدۇق بىز،
تاغ تۆمۈردىن كەستۇق بىز.
بىزنى كۆرسە ھەر ئادەم،
«ئاق يول بولسۇن!» دەر ھەردەم.
ساپ نىيەتكە يولداش بىز،
ياخشىلارغا قولداش بىز.
لېكىن بىز تاپقان كاندىن —

قوغۇشۇن ھەم تىللادىن
بەھرى ئالماي مۇفلىسلار*،
پايدىلىنار ـ ئىبلىسلار.
ياسار ئۇلار ئۇندىن ئوق،
بۇندا بىزدە گۇناھ يوق،
شۇ ئايانكى: كىم ماڭماس،
تىغ ئوينىتىش يولىدىن،
ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتماس،
ھەر ئىش كېلەر قولىدىن.
نا ئىلاجىمىز بۇ ئىشقا،
كېرەك پەقەت چىداشقا.

## چوڭلار*

پارس تېغىدا قالغان بىز
ياۋايى نام ئالغان بىز.
چۈنكى بىزلەر تولىمۇ
ئېگىز، ساددا، يالىڭاچ.
تاياق گويا بىز ئۈچۈن
شۇ ئېگىز قارىياغاچ.
ئۆكتەملىكتە بىزلەرگە
يەتمەس بۇندا ھېچقايسى.
قالار ھەتتا لال بولۇپ،
نامدا پاپا ساقچىسى.

## نىمفالار*

(ئۇلۇغ پاننى ئوراپ، ناخشا ئېيتىشىدۇ)
بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى
خۇدايىمىز بۈيۈك پان،

هالقىپ ئېگىز تاغلاردىن
كەلمەكتىدۇر بىز تامان.
ئەتراپىنى ئورايلۇق،
ئۇنى شادلاندۇرايلۇق.
ئۇ ئوچۇق دىللىق سەزگۈر.
ئويۇن - كۈلكىنى سۆيەر.
كېچىلەر ئويچان، يەككە،
تەلمۈرىدۇ پەلەككە.
دەم ئالغاندا كۈندۈزى،
ئۇيقۇدا بولار كۆزى.
هەر تەرەپتە دەل شۇئان
بولار جىملىق هۆكۈمران.
چۆكۈپ سىرلىق سۈكۈتكە
ئالار سۈرلۈك تۇس هەر يان.
شامallar نەپەس ئالماس،
ياپراقلار قىمىر قىلماس.
تارقىتىدۇ جىلغىلار
يېقىملىق خۇش كۈيىنى
دىلرەبا گۈل چېچەكلەر
چاچىدۇ خۇش بۇيىنى.
شۇندا مۈگدەك نىمپا هەم
ئاستىلاپ تاشلار قەدەم.
لېكىن چىقسا ساداسى
دەيسەن چاقماق نىداسى.
قالماي بىرەر تىرىك جان
قېچىپ كېتەر هەر تامان.

ھېيىقىشتىن ۋە ھەتتا
بۇزۇلار جەڭگىۋار سەپ.
بارچىغا دەھشەت بولغان،
بىزلەرگە مەدەت بولغان،
ئۇ قادىرغا شان - شەرەپ.

## گىناملارنىڭ ۋەكىللىرى

گىناملار غار كېزىدۇ،
ئالتۇن تېپىش يولىدا.
بار سىھىرلىك تايىقى،
گىناملارنىڭ قولىدا.
گىنام جېنى كۆلپەتتە،
ئىشلەر دائىم زۇلمەتتە.
نۇردۇر سىنىڭ بايلىقىڭ
روشەن پەرق ئەتمەكتە.
بىز بۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىن
تېپىۋالدۇق ئەجەب كان.
بۇنداق كاننى چۈشۈڭدە،
كۆرمىگەنسەن بىگۇمان.
بولسا سىنىڭ ھەممىسى،
قاش ئۈستىدە تۇرساڭ سەن.
خىزمەت قىلار تىنچلىققا،
نېمىگە قول سۇناڭسەن.

## پلۇتۇس

(گېرالدقا)

ئەمدى بۇندا بولسۇن نېمە ئىش
كېرەك چىدام، غەيرەت كۆرسىتىش.
مەرد باتۇرسەن، بىلىمەن سېنى،
بىر دەھشەت ھال يۈز بېرەر، لېكىن
ئىشىنەلمەس ئادەملەر كېيىن،
ھۆججەتكە ياز بۇ ھادىسىنى.

### گېرالد

ئەنە قاراڭ ئۇلۇغ پان
كېلەر گىناملار بىلەن —
يالقۇنلۇق قۇدۇق تامان.
بۇندا ئاتەش ئوت - يالقۇن،
كۆۋەجەپ، ياساپ دولقۇن
ئېتىلار فونتانىسىمان.
گاھى پەسلەر، گاھى ئۆرلەر
ئۇنىڭ كۆچلۈك يالقۇنى.
يېقىن كېلىپ، تاماشا
قىلماقتىدۇر پان ئۇنى.
ياقۇت رەڭلىك ئۇچقۇنلار
گۈلدەك ھەريان چېچىلار.
ئېشىپ پاندا ئىشتىياق،
بارغانسېرى يېقىنلار.

ھەيرەت بىلەن يايرار ئۇ،
قۇدۇقتا ھەم قارار ئۇ.
شۇندا بىردىن دەرەختىن
چۈشكەن ياپراق مىسالى،
چۈشۈپ كەتتى تۇساتتىن
ئوتقا پانىنىڭ ساقىلى.
پان كۇسىلىق ئەپتىدە
سەزدى بىئەپ ئۆزىنى.
قوللىرىنىڭ كەينىدە
ئالدى توسۇپ يۈزىنى.
يەنە بىر دەھشەتلىك ھال:
قۇدۇقتىن كۆيگەن ساقال،
قايتىپ يەنە ئىزىگە،
يېپىشتى پان يۈزىگە،
تاجىغا ئوت تۇتاشتى.
كۆيدى قولى، كۆكرىكى،
ياندى تۈتەپ كۆڭلىكى.
ئۆزگىگىمۇ ياماشتى.
ھەر ياقتا دادۇ پەرياد،
بايرام بولدىيۇ بەربات،
توي ھازىغا ئالماشتى.
بىرى كىيىم يەشمەكتە،
يەرگە تاشلاپ تەپكىلى.
بىرى بولسا چېلەكتە،
سۇ توشۇيدۇ سەپكىلى.
ھەممە بىردەك ئۇرۇنار،
ئوت بارغانچە ئۇلغىيار،

بارچە لال يېڭى گەپتىن،
ناھات بۇ كەپ بولسا چىن؟
شۇنچە پالاكەتنى، تۈن،
بەردىڭ بىردىنلا نېچۈن؟
ھە، بۇ چىن! ئەتە سەھەر
بىلىدۇ پۈتۈن شەھەر —
دەھشەتلىك ئىش بولۇپتۇ —
ئەلنىڭ شاھى كۆيۈپتۇ!
ئوت ئىچىدە بوپ كاۋاپ
تاجدار ئۇلۇغ جاناب،
چەكمەكتە قاتتىق ئازاب!
دېمەك، پان — ساھىب نىقاب
ئالىي ھەزرەت ئۆلگەندۇر،
كۆيگەن ئۆتىنىڭ يۈزىدۇر!
شۇ يەرمۇ ئۆتىنىڭ ئورنى؟!
ئۇلۇغ ئىمپېراتورنى —
يۈزىگە باغلاپ خەشەك —
ئەل ئىچرە قىلىپ ئەرمەك —
ئوتقا سالغان مەنپۇرنى
مەڭگۈ لەنەتلەش كېرەك.
ئەي ياشلىق، شوخ توپىلاڭ —
ھەددىن قاچان بىلۇرسەن؟
ئەي ئىقتىدار، سەن قاچان
ئەقىلگە يار بولۇرسەن؟

ئوت كەتتى خىيابانغا،
تۇتاشماقتا ئورمانغا.

كۆچەيمەكتە يالقۇنى،
پۇرقىراپ ئىس - تۈتۈنى.
ئەمدى تامام! يوق نىجاد!
بىر كېچىدىلا، ھەيھات!
ئۇن يىللار تىكىلگەن بۇ
ھەشەمەت بولار بەربات!

## پلۇتۇس

بولدى ئەمدى! بىھاجەت
بۇنىڭدىن ئارتۇق دەھشەت!
يەرگە ئۇرسام تاياقنى —
قۇچىدۇ ھەممە ياقنى.
گۈلدۈرلىگەن بىر سادا
كەلتۈر بىزگە ئەي سابا،
باغلاردىن سالقىن ھاۋا!
تۇمانلار قولاق سېلىڭ،
دېڭىزدىن ئۆتۈپ كېلىڭ،
قانىتىڭىزدا بۇ دەم
ئېلىپ كېلىڭ مۇزدەك نەم.
بۇلۇتلار قاپاق تۈرۈڭ،
چېلەك - چېلەك سۇ تۆكۈڭ!
كۆرەي بۇ ئوت - يالقۇنىڭ
شەپەققە ئايلانغىنىن.
ياندۇرسا ئوت سېھرىگەر،
بېسىپ قويار سېھرىگەر.

# ساراي بېغى

قۇياش چىقىۋاتقان چاغ. پادىشاھ ساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە. ئۇنىڭ ئالدىدا فائۇست بىلەن مېفىستافېل تىز چۆككەن. ئۇلار ھەشەمەتسىز، ئاددىي - ساددا كىيىنگەن.

**فائۇست**

ھەزىل يانغىن ئۇچۇن، ئۆزىر، شاھىمىز.

**شاھ**

(ئۇلارنى تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ)
تېز - تېز بولۇپ تۇرسۇن بۇ ھەزىلىڭىز.
مەن يالقۇن ئىچىدە بولدىمۇ پەيدا،
ئۆزۈمنى پلۇتان ھېس قىلدىم گويا.
قىيالار ئىچىدىن چىقىتى - دە، يانغىن.
تۇتاشتى چىمەنلىك باغلارغا ئاندىن.
قۇدۇقتىن ئېتىلغان ئوت گويا ۋولقان،
كۆپ ئۆتمەي قالدى ئوت ئىچىدە قورغان.
قۇببىلەر ئۇستىدە جەم بولۇپ ناگاھ،
گاھ كۆزدىن يوقىلىپ، پەيدا بولدى گاھ.
ئەجەب مەنزىرىلەر كۆرسەتتى يانغىن،
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم مەن ئاندىن:
يالقۇنلار ئىچىدىن ئۆتۈپ ئالامان،

كېلەتتى بولماققا تەۋە مەن تامان،
مەرمەردىن ياسالغان سەھنىلەر ئارا،
بۇندا نىقاب بەزمى بولمىغان ئەسلا.
مەن كېچە بىر ئەجەب دۇنيانى كەزدىم،
ئۆزۈمنى سەمەندەر* شاھىدەك سەزدىم.

## مېفىستافېل

سەن بولدۇڭ ئۇلارنىڭ شاھى، راست سۆزۈڭ،
ھە، بارچە ئۇنسۇرلار شاھىسەن ئۆزۈڭ.
ئوت سەندىن ھېيىقار، شۇ ئۆزى ئىسپات،
دېڭىزلار باغرىدا ئەمدى غۇلاچ ئات.
ئەڭ ۋەھشىي دولقۇنلار ئەسىرىگىدۇر سېنىڭ،
ھە، ئۇنىڭ قۇچىتى قەسىرىگىدۇر سېنىڭ.
ئايىغىڭ ئاستىدا ئۇنچىلەر ئوينار،
بېشىڭدا دولقۇنلار ھەريانە سويلار.
مىسالى لەئلى رەڭ قەسىر ئۇ، باقساڭ،
بۇ رەڭنى سارىيىڭ ئىچىگە تاقساڭ.
قەيەردە تۇرما يا يۈرمىگىن قايان —
دائىما ئەڭ مەركەز بولار ساڭا جاي.
بۇ شۇنداق سەلتەنەت، بۇ شۇنداق ماكان:
سەن بىلەن بىللە يۈرىدۇ ساراي!
تىرىك ھەم ھەرىكەتلىك بۇ جانلىق قورغان،
ئەتراپى خىلمۇ خىل جاندارغا تولغان.
ھە، ئۇلار توپلىشىپ يۈرسىمۇ ئەركىن،
ۋە لېكىن قېشىڭغا كېلەلمەس يېقىن.

---

* سەمەندەر — ئوت ئىچىدە ياشايدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق.

ئەنە، لەھەڭ ساڭا ئېغىزىن ئاچتى،
تاملارغا ئۇرۇلۇپ نەگىدۇر قاچتى.
دېڭىز ئەجدارلىرى تۇرۇشار كېلىپ.
سەن بولساڭ ئۇلارغا قارايسەن كۈلۈپ.
سەن ئۇسسۇل بەزمىسىن كۆرسەن ھەر كەچ،
ئەمما بۇنداق بەزىم كۆرمىگەنسەن ھېچ.
يېنىڭغا نېرېيدەلەر* كېلىپ تۇرىدۇ،
شۇ سىرلىق قەسرىڭدە مېھمان بولىدۇ.
سۇ ئاستى سارىيى ھەققىدە خەۋەر
ئېيتار فېتىدەنىڭ قۇلىقىغا ھەم.
سېنى پېلېي* كەبى قىلىدۇ ھەمدەم،
ئۇ بىلەن ئالىمپقا قىلىسەن سەپەر.

شاھ

ساماۋى قەسرلەر خاس بولغاي ساڭا،
دائىما گۆدەكلەر ئىنتىلەر ئاڭا.

مېفىستافېل

بۇ زېمىن — سېنىڭدۇر، شۈبھە يوق ئەسلا!

شاھ

بەختىم شۇ، سەن بولدۇڭ سارايدا پەيدا،
سېنى ئەۋەتتىمۇ يا «ئەلىف لەيلا»!
ئىستىكىم ھەمىشە بۇ ئارادا بول،
تاپقۇرلۇقتا مىسلى شەھرىزادە بول.

مەن ساڭا قىلىمەن كاتتا مەرھەمەت،
ھازىر تۇر ھەر قاچان خىزمەتكە پەقەت.
كۆن بويى ماجىرا، تەشۋىش مەن بىلەن،
كەچقۇرۇن كۆڭلۈمنى ئاچاي سەن بىلەن.

## ساراي خىزمەتچىسى

(ئالدىراپ كىرىپ كېلىدۇ)
ئويلىغان ئەمەسمەن مەن ھەتتا بىرەر،
ئەكىلەرمەن دەپ بۇنداق خۇش خەۋەر.
شاھىمىز، بۇ بىر چۈش، خىيال، بۇ ئەييام —
بارچە قەرزلىرىمىز تۆلەندى تامام.
قۇتۇلدۇق! قانداق بەخت! نەقەدەر شادمەن!
سۈتخورلار جەبرىدىن ئەمدى ئازادمەن.
دوزاخ ئازابىدىن خالاسمەن بۇ دەم،
بۇنداق شادلىق بولماس جەننەتلەردە ھەم.

## سەركەردە

(ئوخشاشلا ئالدىراپ)
لەندسكنېختلەر* ھەققىـــن تۆلىدۇق بىزلەر،
ئەسكەرلەر ئەمدى بىزگە سادىق ئۆمۈر بات،
مەيخانا ساھىبى بۇندا چەكسىز شاد،
يايرىشار سولداتلار، يايرىشار قىزلار.

## شاھ

ئەجەبا، ھەممىسى خۇش نەپەس ئالار!
يوقىغان يۈزىدىن ھەتتا قورۇقلار.
كۆڭلى خۇش ھەم دادىل قەدەم ئېلىشى.

خەزىنىچى

(ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ)
مۆجىزە سەۋەبى — بۇ ئىككى كىشى.

فائۇست

ھېسابات — ساھىبى دېۋانىنىڭ* ئىشى.

دۆلەت كاتىپى

(ئاستا يېقىن كېلىپ)
قېرىغان چېغىمدا بەخت كۈلدى ماڭا،
تۇنجى رەت شاد ھېساب بېرىمەن ساڭا.
مانا شۇ بىر ۋاراق قەغەز — بۇ زامان
بارچە مۈشكۈللەرنى ئەيلىدى ئاسان.
(ئوقۇيدۇ)
«ھەممىگە مەلۇمى ئاشكارا بولسۇن،
شۇ قەغەز باھاسى مىڭ تىللا بولسۇن.
سەلتەنەت يېرىدە ياتقان بارچە كان
بۇ قەغەزگە ئاساس بولار بىگۇمان.
قەغەزنىڭ قىممىتى بولار تۆلىنىپ،
خەزىنە ئاشكارا بولغىنى ھامان».

* دېۋان — ئەمەلدارلىق ئۇنۋانى.

### شاھ

بۇ نېمە ساختىلىق؟ قانداق مەسخىرە؟
مەن ئۇچۇن قەغەزگە كىم قويدى ئىمزا؟
ئېيتقىن، ئۇ مۇتتەھەم تارتتىمۇ جازا؟

### خەزىنىچى

شاھىم، بۇ ئۆز قولۇڭ، ياخشىراق قارا،
شۇ نىقاب بەزمىدە پان بولغاندا سەن
بىز ئىككىمىز دۆلەت كاتىپى بىلەن
يېنىڭغا كەلدۇق - تە دېدۇق: «پادىشاھ،
ھاجەتمەن ئەل ساڭا، قويۇپ قوي ئىمزا».
قول قويدۇق ۋە مۇشۇ قەغەزدىن كېچە —
تۈن بويى ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ نەچچە —
خەتتاتلار كۆچۈردى بىھېساب نۇسخا.
ئۆتكۈزمەي پۇرسەتنى بىزمۇ ئاشۇ يىل،
كىرىشتۇق باسماققا كۆپلەپ قەغەز پۇل.
خىلمۇ خىل باھادا تالون سەرمايە.
ئونلۇق ۋە ئوتتۇزلۇق، ئەللىكلىكمۇ بار.
خالايىق شادلىقى سىغماس قەلبىگە،
ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىزمۇ بەختىيار.
بۇرۇنمۇ نامىڭنى ئاڭلىغان ھامان،
سۆيۈنۈپ كېتەتتى پۈتۈن يەر - جاھان.
ئەمدى خەلق نامىڭدىن ئۆزگە سۆز دېمەس،
ئوقۇيدۇ ئىسمىڭنى، ئېلىپپەدەك بەس.

## شاھ

تاھاتكى خالايىق، ئەسكەر - بارچىسىن
خۇش قىلغان بولسا شۇ قەغەز پارچىسى.
ھەيرانمەن، لېكىن يوق مەندە ئېتىراز.

## ساراي خىزمەتچىسى

بىردەمدە تارقالدى بۇ سانسىز قەغەز.
ئۇلارنى توختىتىپ بولمايدۇ ئەمدى،
بىرىنچى دولقۇننى بازارغا كەلدى.
سەرراپنىڭ تەگمەس قولى قولىغا،
ئالتۇن بېرەر ئەلنىڭ قەغەز پۇلىغا.
قەغەز تولدۇرۇپ ئەل ھەميانىغا،
بارار مەيخانىغا، گۆش دۇكىنىغا.
ھەممە ئىچىپ ئالغان، شادىمان، گويا
بەزمىدىن ئۆزگىنى ئويلىماس دۇنيا.
چىرايلىق كىيىمگە قىلىشار ھەۋەس،
ئۇستىلار پىچىپ ھەم تىكىپ ئۈلگۈرمەس.
مەيخانا لىقمۇلىق، ھەرياندا سادا:
«سىز ئۈچۈن ئىچىمىز، ياشاڭ پادىشاھ!»

## مېفىستافېل

قىلغاندا تاماشا باغنى ئارىلاپ
چېلىقار بىر گۈزەل جامالى ئاپتاپ.

تاۋۇس قانىتىدىن يەلپۈگۈچ تۇتقان،
قايرىلىپ قارايدۇ سىزگە ئۇ جانان.
ئۇنىڭغا ئىشتىياق، شېرىن سۆز ئەمەس،
كېرىكى قەغەزدۇر، قەغەز بولسا بەس.
ئەپ يۈرۈك پۇللارنى مەيدە چۆنتەكتە،
يەر خېتىن تۇتقاندەك دائىم يۈرەكتە.
بۇ پۇلدىن ئەسكەرنىڭ مۈشكۈلى ئاسان
ئۇ ئەمدى ئېسىپمۇ يۈرمەيدۇ ھەميان.
ئۇ بىلەن پوپەممۇ بولىدۇ يەڭگىل،
بۇ پۇلنى سېلىشقا ئىنجىلمۇ ئەپچىل.
كەچۈرگىن مەنىسىز سۆزلىرىم بىلەن
ئۇلۇغ ئىش قەدرىنى بولسام چۈشۈرگەن.

## فائۇست

بار سانسىز خەزىنە يەرنىڭ تەكتىدە.
ياتماقتا بىھۇدە زېمىن قەرىدە.
تەپەككۇر بولمىسۇن قانچىلىك ئۇلۇغ،
تەسۋىرلەش تەستۇر بۇ بايلىقنى تولۇق.
بولمىسۇن قانچىلىك دادىل ۋە چىڭقۇر،
يېتەلمەس چېكىگە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر.
پەقەت زور دانىشمەن ھېس قىلار شەكسىز،
چۈنكى چەكسىزلىككە ئىشەنچى چەكسىز.

## مېفىستافېل

جان راھەتى قەغەزلەر ھامان،
كېرەك ئەمەس تەڭگەيۇ ھەميان.

يوق بولدۇ تەشۋىشلەر تالاي،
ئۆزى يەڭگىل، خەجلەشمۇ قولاي.
بولسا ئالتۇن ئالماق خىيالىڭ،
سەرراپلار بار — بەردىڭمۇ ئالدىڭ.
تېپىلمىسا ئۇلاردا ئەگەر،
يەر ئاستىدا كۆپ ئۇ شۇ قەدەر
قېزىپ - قېزىپ ئالمىز دەررۇ،
بازارلارغا سالىمىز دەررۇ.
ئىشەنمىگەن، كۈلگەن ھەر بەندە
شۇندا تامام بولار شەرمەندە.
ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن يانمۇ يان،
بولار قەغەز ئەلدە ھۆكۈمران.

## شاھ

كەلتۈردۈڭلار يۇرتقا كۆپ بايلىق،
ھىممىتىم بار شۇنىڭغا لايىق.
باشقۇرۇشنى كانلارنى تامام،
قىلماقچىمەن سىلەرگە ئىنئام.
خەزىنىنى كۆرستىش — سىزدىن،
ئۇنى قېزىپ چىقىرىش — بىزدىن.
خەزىنىلەر ئېچىلغان جىق - جىق.
تولغاي دۆلەت خەزىنىسى لىق.
يەرنىڭ ئۈستى - ئاستى بايلىقى،
قوشۇلۇپ بىر بولسۇن بارلىقى.

**خەزىنچى**

بولغاي بەلەن مەن ئۆچۈن، ئەگەر
بەرسە مەدەت شۇنداق سېھىرگەر.
(فائۇست بىللە چىقىپ كېتىدۇ)

**شاھ**

مۇكاپاتلاي ساراي ئەھلىنى،
ئېيتسۇن ھەممە كۆڭۈل مەيلىنى.

**لاۋازىماتچى**

(سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ)
مەن ئەمدى بىتەشۋىش ئويناپ كۈلىمەن.

**باشقا لاۋازىماتچى**

(سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ)
جانانغا ھالقىلار سوۋغا قىلىمەن.

**سازەندە**

(سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ)
قانغۇچە مەي ئىچمەك مېنىڭ تىلىكىم.

باشقا سازەندە

(سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ)
قىمارغا تەلپۈنۈپ سوقۇر يۈرىكىم.

كىچىك پىئودال

(سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ)
بىر قەسىر سالىمەن، چوڭ ھەم چىرايلىق

باشقا كىچىك پىئودال

(سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ)
مەن بولسام قوشىمەن بايلىققا بايلىق.

شاھ

ئويلىغانىمەن، سىلەردە بۇ دەم
يىڭى ئارزۇ بولار نامايان.
بىشىڭلاردىن چاچساممۇ ئالتۇن،
ئۆزگەرمەيدۇ ئەسلىڭلار ھامان.

قىزىقچى

(پەيدا بولۇپ)
نىمە سوۋغا بار شاھ ماڭا لايىق؟

شاھ

تىرىلدىڭمۇ؟ ئىچەرسەن تايلىق!

**قىزىقچى**

لال قىلدى بۇ سېھىرلىك قەغەز.

شاھ

نەپ ئېلىشنى قىلمىغىن پەرەز.

قىزىقچى

يىغلىماقتا ھەممىسى ماڭا.

**شاھ**

ئال ھەممىنى، بەردىم مەن ساڭا.
(چىقىپ كېتىدۇ)

**قىزىقچى**

بەش مىڭ كىران؟ ئوڭۇممۇ - چۈشۈم؟

مېفىستافىل

تىرىلدىڭمۇ، قوش ئاياغلىق خۇم؟

قىزىقچى

تىرىلىش كۆپ بولغان، بۇنداق بولمىغان.

مېفىستافىل

قەلبىڭدە قوزغاپتۇ شادلىق ھاياجان.

قىزىقچى

پۇل ئىسمىش بۇ قەغەز، خەجلەيمىز قانداق؟

مېفىستافىل

خەجلەيسەن قارنىڭغا، يەيسەن ئاش - تاماق.

قىزىقچى

بولامدۇ بۇنىڭغا ئالسام يەر، سۇ، مال؟

شاھ

ئەلۋەتتە! كۆڭلۈڭگە نېمە ياقسا ئال.

قىزىقچى

دېمەككى قەسىر ھەم داچا، خىيابان...

مېفىستافېل

ياشارسەن مىسالى خان سۆپەت شادمان.

قىزىقچى

بۆگۈنلا شۇ سۆپەت باي بولماق كېرەك.
(چىقىپ كېتىدۇ)

مېفىستافېل

شۆبھەم يوق، ئەقىللىك ئىكەن بۇ تەنتەك!

## قاراڭغۇ قىسىلچاق

### فائۇست ۋە مېفىستافېل

مېفىستافېل

نېچۈن باشلاپ كەلدىڭ قاپقارا
زۇلمەتلىك بۇ تار قىسىلچاققا؟

ئاشقىرىدا كەڭ كوچا ئارا
بارغۇ ئىمكان ھەزىل - چاقچاقتا.

فائۇست

جىددىي ئىش بار! توختات سۆزۈڭنى،
دائىم ئەرمەك ئۈچۈن چاپسەن.
قاچۇرماقتا گەپتىن ئۆزۈڭنى،
ھەر دائىم بىر سەۋەب تاپسەن.
تۇتۇق بەرمەي كۆپ كۈندىن بېرى،
كىرىشمىدىڭ ئىشقا تېخىچە.
فارىس بىلەن ئېلىنانى مەن*،
ۋەدە قىلدىم ئېلىپ كېلىشكە.
سۆز ئېيتىلدى — بېجىرمەك كېرەك،
ئاڭلاش بىلەن ئۇلار ئېتىنى.
ساراي ئەھلى كۆرسەم دەر ئەركەك —
ۋە ئايالنىڭ كامالىتىنى.
شاھنىڭ ئۆزى كۈتمەكتە جاۋاب،
گەپ شۇ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن،
جەزمەن بۇنىڭ ئامالىنى تاپ.

مېفىستافېل

ئەتتەڭ، بىكار ۋەدە بېرىپسەن.

فائۇست

سەنمەي قالدىڭ ئۆزۈڭمۇ، ئويۇن —
ئېلىپ كەلدى شۇنداق ئاقىۋەت.

ئادەملەرنى باي قىلىپ قويدۇڭ،
ئەمدى بەرگىن ئۇلارغا ئىشرەت.

مېفىستافېل

سەن بۇ ئىشنى ئويلىما ئاسان،
ئاسان ئەمەس ئۇنى بېجىرىش.
بىگانىدۇر بىزگە ئۇ تامان،
قىيىن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش.
ئىلىنانى چاقىرىپ كەلمەك
قەغەزدىن پۇل ياساش ئەمەستۇر.
ساڭا قانچە جىن - شەيتان كېرەك —
هازىر قىلاي، چاقىرسام بەستۇر.
يالماۋۇزۇ، شۇم كەمپىرۇ، جىن،
يىغىلسۇنمۇ ئالدىڭغا بەرى؟
تونۇشلارنىڭ هېچبىرى لېكىن
بولالمايدۇ هەرگىز هۇر پەرى!

فائۇست

تووا، يەنە ئاشۇ كونا گەپ،
شۇبهىلەرگە ئالىي پەدەرسەن.
قىلسام دائىم نېمىنى تەلەپ،
ئاۋۋال ئۇنى مۇشكۇل ئېتەرسەن.
سۇپ - كۆچ قىل، بەس، كەلمىسۇن مالال.
پەيدا بولار ئىلىنا دەرهال.

مېفىستافېل

مەجۇسلەر دوزىخى ئۆزگە،
ئۇلار كەرمەس مەن ئېيتقان سۆزگە.
لېكىن يول بار.

فائۇست

ئېيتقىنا تېزرەك.

مېفىستافېل

ماڭا مۇشكۇل بۇ سىرنى يەشمەك.
بەلكى شۇنداق مەبۇدىلەر بار:
ئۇلارغا يەر، ۋاقىت بىقارار —
تىلغا ئېلىش قىيىندۇر ئەمما *.
ئۇلار - ماما!

فائۇست

(چۆچۈپ)
ھە، نېمە؟ — ماما؟

مېفىستافېل

چۆچۈيسەنغۇ سۆزۈمدىن، ئەجەب؟

فائۇست

ماما... ماما... غەلىتە بۇ گەپ.

مېفىستافېل

ھە، غەلىتە، چۈنكى تامامەن —
بەندىلەرگە بىگانە ئالەم،
بەلكى، ئۇلار نامىنى ھەتتا —
قورقۇپ تىلغا ئالارمىز بىز ھەم
قەيەرلەردە ئۇلار ماكانى،
ساڭا ئۇلار مەدىنتى كېرەك.
شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ ماكانغا
ئاتلىنىشقا مەجبۇرسەن دېمەك.

فائۇست

يولى بارمۇ؟

مېفىستافېل

يوقتۇر يول ئەسلا،
كۆزىدىن نىھان سىرلىق ئۇ دۇنيا.
تەييارمۇسەن؟ بۇندا دوقمۇش يوق،
قەسىرلەرنى بۇزۇپ ئۆتۈش يوق.
سەن بولىسەن سامادا پەيدا،
سۈكۈناتلىق شۇ چەكسىز جايدا،
بىلەمسەن بۇ ئالەم كەڭ بوشلۇق؟

## فائۇست

بۇ سېئالىڭ ئەسلىتەر ماڭا،
ئالۋاستىنىڭ ئاشخانىسىنى.
نېمە ھاجەت ئاتلانماق ئاڭا،
كۆرگەنغۇ بىز ئاستانىسىنى؟
يەتمەسمىدى كەزگىنىم جاھان —
ئوقۇبەتتە، زارۇ سەرگەردان.
يەتمەسمىدى خالىس مېھنىتىم —
ئوقۇتقىنىم ۋە ئوقۇغىنىم؟
قانچە ئاقىل بولمىسۇن سۆزۈم،
قارشى چىقتىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم.
شۇنداق ۋىجدان ئازابىدا مەن
بولدۇم ئاشنا تەنھالىققا مەن.
ئادەملەرگە بىگانە بولدۇم،
بوشلۇق بىلەن ھەمخانە بولدۇم.
قاتتىق تەگكەچ تەنھالىق جانغا،
جاننى ئاخىر ساتتىم شەيتانغا.

## مېفىستافىل

ياق، ھېچكىمسىز دېڭىز ئىچرە ھەم
تەنھالىقتىن بولمايدۇ ئەسەر.
كۆككە ئۆرلەپ دولقۇن دەممۇ دەم —
ھاياتىڭغا سالىدۇ خەتەر.
ئۇندا ئويناپ دېلفىنلەر * ئۈزەر،

* دېلفىن — دېڭىزدا ياشايدىغان كىتسىمان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

ئۇندا باردۇر ئاي ۋە يۇلتۇزلار.
ئۆزگىچىدۇر ئەمما بۇ جاھان —
ھېچ نەرسىدىن يوق نامۇ نىشان.
ئۇندا ھاكىم سۈكۈنات تامام،
زېمىنسىز بىر بوشلۇق، ۋەسسالام.

فائۇست

مەن ساڭا بىر نېئافىت* گويا،
ئالداۋاتىسەن مىستاگوت* مىسال.
ئۇ دۇنياغا ئۆزۈمنى ئەمما
يوللىماقنى قىلارسەن خىيال.
كۆرسىتەرسەن بولسا نېمە يوق،
نەيرەڭلىرىڭ ئاياندۇر بىراق —
چۈشىنىمەن، تۇتماق ئۇچۇن چوغ
باشقىلارنىڭ قولى ياخشىراق.
مەيلى يۈللا، شۇ بوشلۇق - يوقلۇق،
ھاسىل قىلار ماڭا مەۋجۇتلۇق.

مېفىستافىل

خەيرلىشىش ئالدىدا بىرگەپ:
سەن دوراپسەن شەيتاننى ئەجەب.
مانا كىلىت.

فائۇست

ئېيت، بۇ نېمىكەن؟

**مېفىستافېل**

كېرەك بولار ئېلىپ قوي.

**فائۇست**

لېكىن
ئاستا چوڭلاپ چاچماقتا ئۇ نۇر.

**مېفىستافېل**

ھە ئۇ ئاددىي كىلىت ئەمەستۇر.
سېنى ئېلىپ بارغان ئۇ ئامان،
ماماﻻرنىڭ ماكانى تامان.

**فائۇست**

(تىترەپ)
ماماﻻر! زور گۈلدۈرمامىدەك،
ئۇﻻشتۇرار جىسمىمغا تىترەك.

**مېفىستافېل**

يېڭى سۆزدىن نېچۈن تىترەر جان؟
بۇنى قانداق ئۇيلىشىڭ كېرەك؟
مۆجىزاتقا سەن ئاللىقاچان
ئادەتلەنگەنى بولۇشۇڭ كېرەك.

ئاملار قانداق بولمىسۇن دەھشەت،
ئىنتىلمىكىڭ كېرەككۇ پەقەت.

فائۇست

ياق، ئىزدەيمەن زەررىچە ئارام.
ئەگەردە بىر نەپەس توختىسام —
توختاتقان ئۇ مېنى — ھەيرەتتۇر،
ھەيرەت بولسا زور سائادەتتۇر.
ئادەت شۇكى ئىستىكىمىز تار،
ھەيرەت قىلىۇر چەكسىزلىككە يار.

مېفىستافېل

بەس ئەمدى، سەن ئۇ قەھرىگە چۈش،
ياق، ياق، يۈكسەل بولۇپ گويا قۇش.
ئۇنتۇپ بۇ بارلىق دۇنيانى،
قۇچ ئۇ يوقلۇق چەكسىز پەزانى.
كۆز ئالدىڭدا بولسۇن نامايان،
ئالىقاچان يوق، بولغان جاھان.
شۈبھىلەرنى قوغلىغىن يىراق،
تۇت كىلىتنى بول گويا چاقماق.

فائۇست

(زوق بىلەن)
تېپىپ قۇدرەت سىرلىق كىلىتتىن،
جۇش ئۇرماقتا يۈرەك ھېلىتتىن.

## مېفىستافىل

ئۇتتا يانغان مەزبەخ * كۆرگىنىڭ،
بىل، مەنزىلگە بېرىپ يەتكىنىڭ.
ئاشۇ يەردە بولار مامالار
ھەرىكەتلىنەر دائىما ئۇلار.
بىرى تۇرار، بىرى ئولتۇرار،
بىرى بولسا تىنىمسىز ماڭار.
ھەرىكىتىنى ئۇلارنىڭ شۇدەم،
كۆرەلەيسەن تولۇق، خاتىرجەم.
سېنى ئۇلار كۆرمەس ھېچقاچان —
پەقەت سىزىق ئۇلارغا ئايان.
بېرىپ مەزبەخ يېنىغا سەن تېز،
ئاڭا دادىل كىلىتىنى تەگكۈز.
(فائۇست كىلىتىنى كۆتۈرۈپ بۇيرۇق ئىشارىتى قىلدۇ)
مانا شۇنداق، ئۆرلە ئۈستۈنرەك.
بارار كىلىت كەينىدىن مەزبەخ.
سەزمەي تۇرۇپ بىرەرمۇ ماما،
سەن بۇيەردە بولارسەن پەيدا.
پەرىزاتنى، غىلمانىنى ئاندىن،
چاقىرىسەن زۇلمەت دۇنيادىن.
بۇ مۆجىزە ئالەمدە پەقەت،
ساڭا نېسىپ بولار تۇنجى رەت.
بەخۇر* دۈتى ئۆرلەپ پەلەككە،
ئايلىنىدۇ ئىككى مەلەككە.

فائۇست

ئېمە قىلاي؟

مېفىستافېل

يەرگە تەپ بىرنى،
قايتىشتىمۇ تەكرارلا شۇنى.
(فائۇست يەرنى تېپىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ)

مېفىستافېل

كىلىت ئاڭا قىلسا بەس خىزمەت،
قايتارمىكىن ساقۇ سالامەت؟

## ھەشەمەتلىك يورۇق بىنا

شاھ ۋە كىنەزلەر. ساراي ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان.

نەغمىچى

(مېفىستافېلغا)
روھلار قاچان بولار نامايان؟
ئىنتىزار بوپ كۈتمەكتە خاقان.

### ساراي خىزمەتچىسى

هازىر يەنە سورىدى تېزرەك،
ئۇياتلىق ئىش شاھنى كۈتكۈزمەك.

### مېفىستافېل

خانىسىدا ئولتۇرۇپ تەنھا
ئوي - پىكرىنى تامام جەم قىلىپ،
شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولماقتا
مېنىڭ يېقىن دوستۇم شۇ تاپتا.
بۇ سېھىرلىك تاماشا ئۈچۈن،
بىلىسەك، كېتەر كۆپلەپ ھەشەمەت.
يۈزمىڭ دۇرۇت ئوقۇپ خاتاسىز،
قىلىش كېرەك تەكرار ئىبادەت.

### ساراي خىزمەتچىسى

ئۇنىڭ بارى ماڭا بىكېرەك.
باشلانسا بەس تاماشا تېزرەك.

### ئاق سېرىق جۇۋان

قىش كۈنلىرى خېلى تۈزۈكمەن،
قىلار ھۆسنۈم ئەلنى مەھلىيا.
باھار كېلەر، باسىدۇ سەپكۈن،
ئېيتىڭ بارمۇ بۇنىڭغا شىپا؟

### مېفىستافېل

ئىست، شۇنداق جۇۋان يازلىقى
بولۇپ قالسا قاپلاندەك چىپار!
بىراق ئۇنى داۋالاپ دەرھال
تۈزىتىشىنىڭ چارىسىمۇ بار.
تۇخۇمنى تېپىپ پاقىنىڭ،
قاينىتىسىز چىققان چاغدا ئاي.
يازدا ئۇنى سۈرتسىڭىز، شۇندا،
سەپكۈن يوقاپ ئاي بولار چىراي.

### قارامۇتۇق ئايال

سىز تەرەپكە چاپار ھەممىسى
تەستۇر بىراق مېنىڭ بارمىقىم.
چۈشەلمەيمەن ھەرگىز ئۇسسۇلغا،
بارمۇ داۋا، ئاغرىق ئايىغىم.

### مېفىستافېل

كېرەك دەسسەپ قويمىقىم ئۇنى.

### قارامۇتۇق ئايال

تەگكۈزمىگەن ئەركەككە بۇنى

### مېفىستافېل

قورۇنماڭ، يوق بۇندا باشقا گەپ،
ئېرىمۇ شۇ — يەلكىگە يەلكە،
قولغا قولۇ، بەل بولسا بەلگە
شىپا بولار. مانا شۇ سەۋەب.
پۇتىنىڭ دەردى ھېچ مۈشكۈل ئەمەس،
پۇتۇم بىلەن بېسىپ قويسام بەس.

### قارامۇتۇق ئايال

ۋاي! نېمانچە ئېغىر بۇ ئاياغ،
ئاياغ ئەمەس گوياكى تۇياق.

### مېفىستافېل

مانا دەردتىن خالاس بولدىڭىز
ئۇسسۇل ئويناڭ ئەمدى قانغۇچە.
ئاغرىمايدۇ سىزگە بېقىشىپ
ئويىنغانلار ھەتتا يانجىسا.

### خانىم

(ئۇھسىنىپ)
ياردەم بېرىڭ! چەكسىز بىر قايغۇ
يۈرىكىمدە مىسالى تۈگۈن.

ئۆنۈگۈنلا سۆيەر ئىدى ئۇ،
كۆڭۈل قويدى باشقىغا بۈگۈن.

مېفىستافېل

سىز مانا بۇ كۆمۈرنى ئېلىپ،
تۈندە ئەپلەك پۇرسەتنى تېپىپ،
كەمزۇلىغا سۈرتسىڭىز نىھان،
قىينار ئۇنى ۋىجدانى شۇئان.
ئاندىن يۇتۇپ ئېلىڭ كۆمۈرنى،
بىراق ھەرگىز ئىچمەڭ سۇيۇقلۇق.
شۇندا سىزگە بولغان سۆيگۈسى
ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ تولۇق.

خانىم

زەھەرسىزدۇ؟

مېفىستافېل

ياق، بۇنى بىلگەن
تاپالمايدۇ ئىزدەپ بىر ئۆمۈر.
دىن، ئېتىقاد ئۈچۈن يېقىلغان
گۈلخانلاردىن چۈشكەن بۇ كۆمۈر*.

مەھرەم

سۆيدۈم، ياشسەن دېيىشەر بىراق،

**مېفىستافىل**

(ئۆز - ئۆزىگە)
سالاي قايسى بەرىگە قۇلاق؟
(مەھرەمگە)
كۆكۈل بېرىپ سۆيمەك ياش قىزنى،
كۈتەر يېشى ئۆتكەنلەر سىزنى.
(مېفىستافېلنىڭ يېنىغا باشقىلارمۇ توپلىشىپ كېلىشكە باشلايدۇ)
ھەممە ئۇرار ماڭا ئۆزىنى،
ئېيتايمۇ يا ھەقىقىي سۆزنى؟
ئاخىر مېنى يانجىپ تاشلىماس.
ئەي مامالار! ئەھۋالىم خاراب!
ياردەم قىلىپ قائۇستىنى شۇتاپ
قايتۇرۇڭ تېز، بولمىسا بولماس.

(ئەتراپقا قارايدۇ)

خىرەلەشتى ئاستا چىراغلار.
شاھ ۋە ئاغا يېقىن - يىراقلار —
توپ - توپ ياكى بولۇپ يېگانە
كارىدورغا چىقىشتى ئەنە.
ساراي ئەھلى ماڭار ئالدىراپ،
قارىسلارنىڭ زالىغا قاراپ.
ئەنە ئۇلار زالغىمۇ يەتتى.
بەردەمدىلا زال تولۇپ كەتتى.
تامدا ھەرخىل بېزەكلەر قاتار،
قورالىلارنىڭ ھەممە تۈرى بار.

بۇندا روھنى چىلىلماق كەتمەس.
روھلار ئۆزى تەييار ھەر نەپەس.

## رەسساملار زالى

شاھ بىلەن بىللە ساراي مۆتىۋەرلىرى كىرىپ ئولتۇ-
رۇشىدۇ. چىراغلار خىرەلەشتۇرۇلگەن.

### گىيوالد

ۋەزىپەمگە كىرىشەي بۇگۈن،
ئىشىم ئايان، لېكىن شۇ تاپتا
تاماشىنى باشلىماق ئۈچۈن
روھلار ماڭا دەخلى قىلماقتا.
ئولتۇرۇشتى تاماشىبىنلار
شاھمۇ ئەنە ئولتۇردى كېلىپ.
تۇرار ئۇلار تامدىكى گۈزەل
سۈرەتلەرنى تاماشا قىلىپ.
بۇندا ھەرخىل نەقىش پۈتۈلگەن،
جەڭنامىلەر تەسۋىر ئېتىلگەن.
شاھ ۋە چوڭلار يىغىلغان تولۇق،
بوش قالمىدى ياغاچ ئورۇندۇق.
بولدى ئاشىق - مەشۇقلارمۇ جەم:
ئەڭ كەينىدە ئەنە يانمۇ يان.
ئولتۇرۇشۇپ ئىككى سۆيۈشكەن
قول قىسىشىپ پىچىرلاپ ھامان.

ئاياللارنىڭ گەپلىرى تىندى.
روھلار كەلسە بولىدۇ ئەمدى.

مۇنەججىم

خاقانىمىز تېززەك دراما
باشلانسۇن دەپ چۈشۈردى پەرمان.
كۆتۈرۈلۈپ گىلەم، ئوتقاشتەك
سەھنە مانا بولدى نامايان.
سىرلىق نۇرلار تارالماقتا جىم.
مەن سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقتىم

مېفىستافېل

(سۇفلىيور تۇرىدىغان جايدىن باش چىقىرىپ)
بىز كېپىنى قىلغان شۇ كىشى—
مەشغۇلاتى شەيتاننىڭ ئىشى.
(مۇنەججىمگە)
بولار ساڭا سەييارە ئايان
ھەم ئاڭلىنار مەن قىلغان بايان.

مۇنەججىم

سېھىر كۈچى بىلەن پەلەكتە
بولدى ئېھرام* ماڭا نامايان.
بەئەينى ئۇ قەدىمىي ئاتلانت*

*ئېھرام — پىرەمىدە شەكلىدىكى بىنا.

يەلكىسىگە قونغاندەك ئاسمان،
تۈۋرۈكلىرى سانسىز، بەھەيۋەت.
تىرەشكىمۇ قادىر ئاسماننى.
بۇ تۈۋرۈكنىڭ ئىككى تىلسىلا
تۇرالايدۇ تۇتۇپ ئېھرامنى.

## بىناكار

مانا شۇ ـ دە قەدىمىي دۇنيا!
قانداق قوپال، قانداق بەھەيۋەت!

ئوخشاتماسلىق ئۆزى بىر ئىجاد،
شۆركۆندۆرەر تەننى بۇ سەنئەت.
تۈۋرۈك بولسا ئىنچىكە، نەپىس،
ئۇچلۇق بولسا قۇببىلىرى ھەم.
قۇشتەك يەڭگىل سەزسە ئۆزىنى
ئاڭا نەزەر سالغان ھەر ئادەم.

## مۇنەججىم

بۇ پۇرسەتنى بىزگە ياراتقان
شۇ يۇلتۇزغا بولسۇن شەرەپشان.
بۆگۈن خىيال كۆككە ئۆرلىسۇن،
پىكىر قىلىش ئۇنى بوغمىسۇن.
كۆۋرۈك، نېمە ياقسا بىمالال،
بەلكىم ئەقىل بولار ئاڭا لال،
بۇ چىنلىقتا تەئەللۇق بىر ھال

(سەھنىنىڭ بىر چېتىدىن فائۇست چىقىدۇ.)

ئەنە كەلدى قىلىڭلار قوبۇل،
بەخت ئىزدەپ كەزگۈچى جاھان.
قەلەندەرنىڭ لىباسىدا ئۇ،
گۈلتاج كىيىپ بولدى نامايان.
قاراڭ، بەخۇر تۈتۈنى ئارا
مەزبەخ بولدى كەينىدىن پەيدا.
باشلايدۇ ئۇ روھنى تەختكە،
يار بولۇرمىز بەلكىم بەختكە.

**فائۇست**

(ئۇلۇغۋارلىق بىلەن)
ئەي مامالار، سىز سۈكۈت ئارا
تاجدارسىز، ياشايسىز تەنھا.
تەنھا، لېكىن ئەمەسسىز يەككە،
ئۈستىڭىزدە سۇنىڭ ئەبەدكە —
يايغان سانسىز شەپىلەر قانات،
ئۇلار جانسىز — ئەمما بەر ھايات.
نېمە تىرىك بولسا، شۇ زامان،
ئىنتىلار ئۇ ماكانى تامان.
نېمە ياشاپ ئۆتسە بىر نۆۋەت.
ياشىماقنى ئىزدەر قايتا رەت.
بىر چاغ تىرىك ئۇ جانلارنى سىز
كۈن ۋە تۈنگە تەقسىم قىلارسىز،

بىرى بولار ھاياتقا ئاشنا،
بىرى ياشار ئەرۋاھلار ئارا—
ۋە نېمىگە دىل بولسا شەيدا
سېھىر بىلەن قىلغۇسى پەيدا.

## مۇنەججىم

كىلمت سالدى مەزبەخكە، شۇئان
تۇتۇن بىلەن قاپلاندى ھەريان.
نە تۇتۇندۇر، مىسلى قارا تۇن
سانسىز روھلار يايدى قانىتىن.
نەپىسىدىن ياڭرىدى سادا،
نە سادادۇر، بىر نەغمە ـ ناۋا.
ياڭراپ كۈيلەر ھەر قەدەمدە
بېغىشلار زوق ھەر كىم قەلبىگە.
شەپىسنى ئاڭلاپ كۆي چالار
تام ۋە تۈۋرۈك، پەشتاق، قۇببىلار.
قاراڭ، تۇتۇن ئىچىدىن بۇ ئان
چىقىپ كەلدى خۇش چىراي ئوغلان.
نە كارامەت! تېگى يوق بەرنا
فارىس بولدى بۇ يەردە پەيدا!

(فارىس پەيدا بولىدۇ)

## خانىم

ياشلىق كۆچى تولۇپ تۇرۇپتۇ.

**ئىككىنچىسى**

يۈزى ئالما بولۇپ تۇرۇپتۇ.

**ئۈچىنچىسى**

لېۋى بەكمۇ چىرايلىق، ئەجەب!

**تۆتىنچىسى**

ئاشۇ لەۋگە قويارمىدىڭ لەۋ؟

**بەشىنچىسى**

بەكمۇ كۆركەم، بىراق سەل قوپال.

**ئالتىنچىسى**

يۈرۈشىدە ھەم بار شۇ ئەھۋال.

**فارىس**

نە شاھزادە، چوپاندىن بەتتەر،
نازۇكلۇقتىن يوق قىلچە ئەسەر.

باشقىسى

يامان ئەمەس يالىڭاچ تېنى.

فارىس

ساۋۇت كىيسۇن، كۆرەيلۇق قېنى!

خانىم

ئۆلتۈردى، ئاھ، تەننى پۈكۈپ...

فارىس

ئالىڭىز ـ ھە ئۇندا ئۆلتۈرۈپ!

باشقا خانىم

قوللىرىنى بېشىغا قويىدى.

سازەندە

بۇ نېمە ئىش، ياتتى، سوزۇلدى.

خانىم

تاپار ئەر خەق ھەممىدىن ئەيىب.

سازەندە

سەت شاھ ئالدىدا ياتماق لالىمپ.

خانىم

ئۇ سەھىندە، ئۇ ئاخىر تەنھا.

سازەندە

سەھىندىمۇ كېرەكقۇ ھايا.

خانىم

كەتمەكتە ئۇ شېرىن مۇگدەككە.

سازەندە

ئەنە خالاس. چۈشتى خورەككە.

ياش خانىم

(زوق بىلەن)
ۋاھ، ھەيرانمەن بۇ خۇش پۇراققا.
ئۇشتۇمتۇتلا ئۇردى دىماغقا.

شۇ ھىد بىلەن تولۇپ كۆكرىكىم،
خۇشال تەپتى مېنىڭ يۈرىكىم.

### ئوتتۇرا ياش خانىم

راست گەپ. ئەجەب ھېسقا تولىدۇ
نەپىسىدىن ھەرقانداق يۈرەك.
خۇددى شۇنداق نەپەس ئالىدۇ،
تاڭغى شېردىن ئۇيقۇدا گۆدەك.

### ياشانغان خانىم

كۆچكە تولغان ياشلىق ھىدى ئۇ،
مۈشكى ئەنبەر تاراتقۇچى ئۇ.
(ئېلىنا پەيدا بولىدۇ)

### مېفىستافېل

ئاشۇمىكەن پەرىزات! خوپ ساز.
ئەمما ماڭا ماس ئەمەس بىرئاز.

### مۇنەججىم

بولسام ئاتەش تىللىق بىر شائىر،
تىلىم گەپكە كەلمەستى ھازىر.
ئۇ سەھنىدە نامايان بولدى،
پارچە شېئىرۇ قەسىدە ئۆلدى.

بولالىغان ئاڭا بىردەم يار،
ئاھ، نەقەدەر بولار بەختىيار.

### فائۇست

ھەقىقەتمۇ ۋە ياكى خىيال،
كۆرۈنگىنى پەرى جامالى.
ھەقىقەتمۇ ئالدىمدىكى بۇ،
گۈزەللىكنىڭ بۈيۈك كامالى.
مەقسىتىمگە يەتكۈزدى، شۈكۈر،
شۇنچە ئۈمىد، ئىزتىراپ، سۇبات...
چۈشكۈن ئىدى نەقەدەر ئۆمۈر،
تۆۋەن ئىدى نەقەدەر ھايات.
سېنى كۆردۈم، كۆزۈمگە ئالەم
تازا، مەرغۇپ، ئېسىل كۆرۈندى.
سېنى كۆردۈم، ئۆلۈپ كەتسەم ھەم
ئۇ ھاياتقا قايتماسمەن ئەمدى.
يادىمدىدۇر ماڭا بىر زامان
ئەينەك ئىچرە كۆرۈنگەن سىما.
قارىشىڭدا ئۇ خۇنۇك، ناتىۋان
سايە بولۇپ قالدى، ئەجەبا!
مېنىڭ بارلىق كۈچۈم، ئىرادەم —
دانالىقىم، جۇنۇنلۇقۇم ھەم،
شەۋقىم، ئىشقىم، ھاياتىم بەرى
ساڭا بولسۇن، ئەي گۈزەل پەرى.

**مېفىستافىل**

(سۇفلىيور تۈرىدىغان جايدىن)
ئېسىڭنى يىغ، چىقما ئۇيۇندىن.

**ياشانغان ئايال**

قەددى ـ بەستى كېلىشكەن چىندىن،
بېشى بەكلا كىچىككەن بىراق.

**ياش جۇۋان**

بېشى كىچىك، پۇتى قوپالراق.

**دىندار**

كۆپ كۆرگەنمەن مەلىكىلەرنى،
بىراقتا بۇ كۆڭلۈمدىكىچە،
گۈزەل باشتىن ئايىغىغىچە.

**ساراي ئەمەلدارى**

ئارا بولماق ئۇچۇن جېنىغا
كەلدي يەنە يىگىت يېنىغا.

**خانىم**

يىگىت گۈزەل، قىزنىڭ ھۆسنى كەم،

**شائىر**

قىز ھۆسنىدىن يىگىت ھەم كۆركەم.

**خانىم**

ئېندىمىئون، دىئانا مىسال*.

**شائىر**

يېقىنلىشىپ كەلدى - دە دەرھال —
تۇيدى پەرى يىگىت نەپەسىن
ئەنە سۆيدى. تاشتى ھەۋەسىم.

**موماي**

ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا! بەك سەت!

**فائۇست**

شۇنداق سۆيەر بالىنى پەقەت،



**ميفىستافىل**

جىم! نە قىلسا قىلسۇن ئۇ پەرى.

**ئەمەلدار**

ئويغاندى ئۇ، قىز كېتەر نېرى.

**خانىم**

ئارقىسىغا قاردى جانان.
بۇ قىلىقى مەن ئۈچۈن ئايان.

**ئەمەلدار**

يىگىت ھەيران. قىزنى كۆرۈپ لال.

**خانىم**

قىزغا بولسا تونۇش بۇنداق ھال.
كۆپنى كۆرگەن. مەلۇمغۇ. مانا...

**ئەمەلدار**

ئارقىسىغا قايتتى قىز يانا.

خانىم

هازىر ئاڭا دەرس بېرەر قىز،
يىگىت شورلۇق ئۆزىنى شەكسىز
بىرىنچى دەپ ئويلىسا كېرەك.
ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى تەنتەك.

فارىس

ئوتلۇق نىگاھ، شاھانە خىرام!

خانىم

بۇزۇقلۇق بۇ، نومۇس يوق تامام.

پوتوكچى

شۇ يىگىت مەن بولسامدىم، قېنى،

ئەمەلدار

قىز دامىغا ئەسىر يولغىنى
ھەممە تەييار.

خانىم

ماڭا خوپ روشەن،
كۆپنى رازى قىلغان بۇ بەدەن.

## باشقا خانىم

تونۇلغان ئۇن ياشتا بۇ سەنەم.

## فارىس

قانچە - قانچە قول تەگكەن بىلەن
يارايدۇ ئۇ بىزلەرگە شۇدەم.

## ئالىم

قىز كۆڭلۈمگە شۈبھە سالماقتا.
كۆرگىنىم چىن ۋە ياكى ساختا؟
ئاڭا چىندىن ئىشەنمەك ئۈچۈن
كېرەك كىتاب كۆرمىكىم بۈگۈن.
ئەپسانىدە قىلىنغان زۇھۇر*،
قېرىلارغا كۆپ ياققان ئۇ ھۈر —
گەر چىن بولسا گوھېرنىڭ سۆزى.
ئېلېنا — شۇ پەرىنىڭ ئۆزى.
چۈنكى قېرىپ كەتسەممۇ تامام،
جىمىرلار تەن ئۇنىڭغا باقسام.

## مۇنەججىم

بالا ئەمەس ئەمدى ئۇ — ئەركەك!
مانا قىزنى كۆتۈردى. جانان

* زۇھۇر — نامايان.

ئەمدى ئۇندىن قاچالماس ھەريان.
ئېلىپ ماڭدى، ئەنە.

### فائۇست

ئەي تەڭتەك!
قايت ئارقاڭغا! قۇلاق سال ماڭا!

### مېفىستافېل

تەئەللۇققۇ بۇ سەھنە ساڭا.

### مۇنەججىم

پېيىسە مەلۇم... بىلەر ھەر كىشى:
«ئېلېنانىڭ ئوغرىلىنىشى».*

### فائۇست

ئوغرىلىنىش؟ نېچۈن؟ مەنچۇ، مەن؟!
ئۇ ئەلەمگە مەنغۇ ئەلچى مەن!
مۇشەققەتلىك زۇلمەت يولىدا
ھەمراھ بولغان، قوللىغان مېنى،
مەقسىتىمگە يوللىغان مېنى
سىرلىق كىلىت ئاخىر قولۇمدا!
كېزىپ جانسىز دەھشەت سەھرادا،
قايتتىم كۆرۈپ گىردابلارنى ھەم:

مەن — يەردە مەن — مەۋجۇت دۇنيادا،
تۇرۇپتىمەن پۇت تىرەپ مەھكەم.
سەزدىم، روھلار بىلەن روھىمۇ،
بىرلىشمىشكە بولار مۇيەسسەر.
نېسىپ بولسا نەئەجەب ئەمدى
ئىككى ئالەم ماڭا باراۋەر.
قۇتقۇزۇشۇم كېرەك پەردنى،
يېتەلمەسمەن قايتا سەنەمگە.
يەر قەرىنىڭ ماماللىرىنى
چاقىرىمەن ئەمدى ياردەمگە.
مەدەت بېرىڭ! بۇ شۇنداق دىدار!
كۆردۇم، ئۇندىن ئايرىلىش دىشۋار.

مۇنەججىم

توختا فائۇست! ئېسىڭ يىغىۋال!
ئۇ پەرىگە يېپىشتى! نىھال؟
دەرھال كۆزدىن يوقالدى سىما.
يېقىنلاشتى يىگىتكە ئەنە —
ئاڭا كىلىت تەگكۈزدى، مانا
ئەمدى تامام! بولارمىز ئادا!
(كۈچلۈك پارتلاش. فائۇست يىقىلىدۇ. روھلار كۆزدىن يوقىلىدۇ.)

مېفىستافېل

(فائۇستنى يەلكىسىگە ئېلىپ)

ئەنە خالاس! بولالماس ئاشنا
تەنتەك بىلەن شەيتانمۇ ھەتتا.

(قاراڭغۇلۇق. ھەممە ئۇپۇر - توپۇر بولىدۇ)

# ئىككىنچى پەسىل

گاتىك ئۇسلۇبىدا قۇرۇلغان ئېگىز راۋاقلىق
ھويلا
فائۇستىنىڭ ئۆيى مۇشۇ ھويلىدا

پەردە كەينىدىن مېفىستافىل چىقىدۇ. ئۇ پەردىنى كەينىگە سىرگەندە ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان قەدىمىي كارىۋاتتا ياتقان فائۇست كۆرۈنىدۇ.

**مېفىستافىل**

ياتىۋەر ئەي، ئاشىق بىچارە،
دەردىڭ ئېغىر، دەم ئالىۋەر جىم
ئېلېناغا كۆڭۈل بەرسە كىم —
ئۆمۈر بويى يۈرىكى يارە.
(ئۆي ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ)
كۆردۈم ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى،
ئۆزگىرىش يوق، ھامان شۇ ھالەت.
قارىيىپتۇ ئەينەكلەر پەقەت،

كۆپەيتىپتۇ ئۆمچۈك تورىنى.
سىيادانىدا سىيا قۇرۇپتۇ،
سارغىيىپتۇ قەغەزلەر يۈزى.
مانا ئاشۇ قەلەم تۇرۇپتۇ،
ئۇندا يەنە قاتقان قان ئىزى.
يادىكارلىقلار ئىچرە بىگۇمان
بۇ قەلەمدە ئۆزگىچە قىممەت.
ئۇنىڭ بىلەن فائۇست بىر زامان،
بەرگەنىدى شەيتانىغا تىلخەت.
هامان ئاشۇ جايىدا ئىلگەك —
ئۇندا لىباس ئېسىقلىق هامان.
كىيىپ ئېلىپ ئۇنى مەن بىر ئان
تالىپ بىلەن قىلغانىدىم ئەرمەك.
ئۇ چوڭايغان، لېكىن بىگۇمان
تەكرار قىلار دەرسىمنى هامان.
يەنە كىيىپ ئالىم لىباسىن
قىياپەمنى ئۆزگەرتەي بىر دەم.
بۇ ئىشلىنى يەلكىگە ئارتىپ
بولىۋېرەر قانداق جۆيلۈسەم.
شۇنداق قىلار ئالىم دائىما
بۇ ئىش قىيىن شەيتانىغا ئەمما.
(لىباسنى ئىلگەكتىن ئېلىپ قاقىدۇ. ئۇنىڭدىن چاكَ
ئارىلاش تۈرلۈك هاشاراتلار — كېپىنەك، قوڭغۇز،
يىڭناغۇچلار ئۇچۇپ چىقىدۇ)

## هاشاراتلار قوشىقى

ئەسسالام، ئەسسالام،
مېھرىبان خوجىمىز،

ئۇستۈڭدە چەرخ ئۆرۈپ
غىڭىلداپ ئۇچىمىز.
سەن بىزنى بىر زامان
ئەگكەندىڭ بىر تاللاپ،
ئەمدى بىز كۆپەيدۇق،
مىڭلاپ ۋە مىليونلاپ.
قاباھەت كۆڭۈلدە
كۆرۈنمەس سۈركىلەر.
ۋە لېكىن ئاشكارا
سەكرىشەر بۈرگىلەر.

## ميفستافيل

يېڭى ئەۋلاد قىلىمەن ھەۋەس!
ھوسۇل ئۆزى كېلەر، ئەكسەڭ بەس.
يېپىنچىنى سىلكەي مەن يەنە،
ئەتراپىمدا يەنە پەرۋانە
كېپىنەكلەر ھەمدە قوڭغۇزلار:
چاۋاك چېلىپ، ئويناپ ئۇسسۇللار،
توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشار ئەنە،
ئەتراپىنى قۇچۇشار ئەنە.
ئۇچۇپ بېرىپ تەرەپ - تەرەپكە،
يوشۇرۇنار بۇرجەك - بۇرجەككە.
يوشۇرۇنار چېقىلغان ساپال
ۋە سارغايغان قەغەز تېگىگە.
نەچچە يۈز خىل ئاداسقا داشقال،
ئەسكى قۇتا، باش سۆڭكىگە.

تۇرسا ھەممە يەر ئاشۇنداق مەيئەن
ماكان تۇتمسۇن نېچۈن ھاشارات؟

(يېپىنچىنى يەلكىسىگە تاشلايدۇ)
يەنە ئۇنى تاشلاي يەلكىگە،
ئۇستاز بولاي مەن يەنە بىر رەت.
ئەمما تەنھا پىر بولماق مۇشكۇل
مۇرىد كېرەك، ھەي قېنى، كۆرسەت.
(قوڭغۇراقنى تارتىدۇ. قاتتىق جاراڭلىق سادادىن ئۆي - ئىمارەتلەر لەرزىگە كېلىدۇ ۋە ئىشىك ئېچىلىپ كېتىدۇ)

## فامۇلۇس

(ئۇزۇن قاراڭغۇ كارىدوردىن ھودۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ)

بۇ قانداق دەھشەت سادا،
لەرزىگە كەلدى بىنا.
گويا ئۇ گۈلدۈرماما،
چاقماقمۇ چاقتى يانا.
غىچىرلاپ پول. سىلكىندى،
تورۇستىن لاي تۆكۈلدى.
تاملارمۇ تارسىلدايدۇ،
ئىشىكلەر قارسىلدايدۇ.
فائۇستىنىڭ لىباسىدا،
چوڭ بىر ئادەم قېشىمدا،

مېنى ئىملاپ چىللايدۇ،
لېكىن پۈتۈم بارمايدۇ.
ھېچنېمە قىلالماسمەن،
نە بولدى، بىلەلمەسمەن.

مېفىستافېل

(ئىشارەت قىلىپ)
كېلىڭ، سىز نىكادىم ئەمەسمۇ سىزيا؟

فامۇلۇس

ھە، شۇنداق. قىلايلۇق ئىبادەت بەجا.

مېفىستافېل

بۇنى قويۇپ تۇرۇڭ.

فامۇلۇس

خۇشالمەن غايەت،
مېنى تونۇيدىكەنسىز.

مېفىستافېل

ئېسىمدە ئەلۋەت.
لېكىن خېلى قېرىپىمۇ قاپسىز.
ئەپسۇسكى سىز ھامان تالىپ سىز؟

ھە، ئاشۇنداق ئالىملىق ئۆزى:
تىكىلگەنچە كىتابقا كۆزى —
ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيدۇ ئالىم.
جەملەپ بارچە پىكرى خىيالىن،
تىكلەر قۇمدا غازاڭدىن بىنا.
بىراق قانچە بولمىسۇن دانا،
قانچە سادىق ئۆز غايىسىگە.
ئاشۇ غازاڭ ئۆيىنى ھەتتا
يەتكۈزەلمەس نىشانىسىگە.
ئەمما ۋاگنېر — بۇ باشقا دۇنيا،
ئۇستازىڭىز ئالەمگە مەشھۇر.
پەن بابىدا تەڭداشسىز، ئەمما،
ئۆگىنەر يەنە قىلماستىن شۈكۈر.
يۇرتقا مەشھۇر بەرگەن ساۋىقى،
مۇرىدىنىڭ يوقتۇر سانىقى.
تەنھا بايان قىلار مۇنبەردە
ئالەم سىرى ئىزاھىنى ئۇ.
مىسالى ئۇ پېتىر ھاۋارىي
تۇتقان يەر - كۆك مىفتاھىنى ئۇ.
ئەرزىمەيدۇ ئۇنىڭ ئالدىدا،
ئۆزگىلەرنىڭ دانا ھېكمىتى،
ئۇنىڭ تەڭسىز داڭقى ئالدىدا
سۇندى ھەتتا فائۇست شۆھرىتى.

**فامۇلۇس**

كەچۈرۈڭ، بۇ پىكرىڭىز خاتا،
مۇئەللىمگە بۇ ئۆي بىگانە.

ئىلمدە ئۇ تەنھادۇر ئەمما،
كەمتەرلىكتە يەنە يېگانە.
ئۇستازىنى ئويلار كۈندۈز - كەچ،
فائۇست نەگە يوقالدى، ھەيران.
جۇدالىقتا كۆنۈكەلمەس ھېچ،
ئۈمىدى بار، كۈتىدۇ ھامان.
دانىشمەنىنىڭ خانىسىغا ئۇ،
ھېچ كىشىنى يولاتقىنى يوق.
ۋاگنېر ئۆزى بولدى پاسىبان
ھېچ نەرسىنى قوزغاتقىنى يوق.
يۇلتۇزلارنىڭ ئەمرىدىن بۈگۈن
چاقتى چاقماق، گۈلدۈرلەپ ئاسمان،
ئاستىن - ئۈستۈن بولدى ھەممە ياق،
گويا قورقۇش ئىچرە شۇ ھامان،
قۇلۇپ، زەنجىر چېچىلىپ كەتتى،
پەنجىر، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى.
شۇڭا بولدۇق بىز بۇندا پەيدا،
كىرمەس ئىدۇق بولمىسا ئەسلا.

## مېفىستافېل

ئۇستازىڭىز قەيەردە ھازىر؟
ئۇ، زات ئەگەر بولسىلا رازى،
بىررەت كىرىپ قىلسام زىيارەت.
ياكى ئۆزى كەلگەي.

**فەمۇلۇس**

بىلمەيمەن،
ئۇلۇغ ئىشقا بەئت ھازىر ھەزرەت،
يوق ھېچكىمگە كىرىشكە رۇخسەت،
نەچچە ئايدىن ئۆز خانىسىدا،
تاشقىرىغا چىقمايدۇ ئەسلا.
شۇ كۈنلەردە، شۇ چوڭ ئىجتىھات،
ھاسىل قىلار بىر بۈيۈك ئىجاد.
ئىلگىرىدە بىزگە مۇئەللىم
تازىلىقتىن بېرەتتى تەلىم.
بۈگۈن بولسا ئۆزى قاپقارا،
كۆرۈپ بولماس ئۇستىبېشىنى.
قۇرۇم باسقان كۆزى - قېشىنى.
كېچە - كۈندۈز ئوت پۈۋلەر پەقەت،
پەقەتكىنە ئەنبىقۇ مىلقەت*
سادا سىدىن ئۇستازىمىز مەست،
ھېچ كىشىنى يېقىن يولاتماس.

**مېفىستافېل**

يوشۇرۇنسۇن نېچۈن مەندىن ھەم،
ئىجادىغا بېرەتتىم ياردەم.
(فامۇلۇس چىقىدۇ. مېفىستافېل مەغرۇر، ياسىنىپ ئولتۇرىدۇ)

---

*خىمىيە ئەشيالىرى.

ئەنە خالاس، شۈتاپ بىر مېھمان،
كەلمەكتىدۈر قاراپ مەن تامان.
ياشتۇر ئۆزى، ھازىرقى ئەۋلاد،
ئۆتۈپ كەتكەن قەيسەر ۋە شەددات*.

## باكالاۋر*

(كارىدوردىن شاۋقۇن سىلىپ كىرىپ كېلىدۇ)
ۋاھ، ئىشكىلەر ئېچىلغان،
قۇلۇپ، زەنجىر چېچىلغان.
دېمەك، قاماق تامامدۇر.
دېمەك ئازاد زاماندۇر.
تەلەپ ئەھلى بەختىيار،
ئەركىن نەپەس بولدى يار.

تام خۇداغا ئامانەت،
لازىم بىزگە ئېھتىيات.
تۇرار بەك سەت قېپىشىپ،
كەتمەك كېرەك تېز قېچىپ.
ئۆرۈلسە ئۇ بەك يامان.
مەردمىز، ئەمما شېرىنجان.

تونۇشلۇق بۇ خانا زەپ.
بوسۇغا ئاتلاپ دەسلەپ،
كىرگەن ياپياش تالىپمەن.

---

* شەپقەتسىز.

بۇندا دەرس ئالغانمەن،
نېمىدېسە ئۇزۇن ساقال،
ئىشەنگەنمەن بولۇپ لال.
بىلدىم ئۇنى ئەمدى مەن،
موللام سۆزى تامامەن،
راست ئەمەس يالغانىكەن.
هاۋادىن ئالغانىكەن.
كېتىپتۇ زايا ئۆمرۈم.
ئاۋۇ تۇرغان بولدى كىم؟

تونۇدۇم كۆرۈپ دەرهال،
ئۇچىدا شۇ لىباس.
ئولتۇرۇپتۇ يېگانە،
شۇ ئورۇن موللامغا خاس.
ياش ئىدىم مۆمىن - ياۋاش،
تۇرار ئىدىم ئېگىپ باش.
ئەمدى باشقا گەپ، قېنى
ئالدىراپ كۆرسۈنچۇ مېنى.

مۆھتەرەم زات! ئەگەر مۇبادا
«ئۇنتۇش» دەپ ئاتالغان دەريا —
يۇمىسىلا خاتىرىڭىزنى
ئەسلەپ كۆرۈڭ مانا سىز بىزنى.
تەجرىبىسىز، ساددا، نادان، بىر —
شاگىرتىڭىز بولسمەن. ئۆزىر،
ئۆزگەرمەپسىز، ئوخشاش سىز هامان،
مەنچۇ، باشقا بىرىمەن تامام.

## مېفىستافىل

ياخشى بوپتۇ كەلگەنلىكىڭىز،
ياقاتتىڭىز ماڭا ئۇ چاغ سىز.
ئەجەبلەنمەڭ، بىلىپ ئالسىز،
كېپىنەكنى تۇخۇمىدىن بىز.
ياشلىقىڭىز ئېسىمدە، ئۇ چاغ
چاچلىرىڭىز ئىدى جىڭگىلەك.
تور ياقىڭىز بېجىرىم غايەت،
شاد ئىدىڭىز مىسالى گۆدەك.
ئەمدى بولسا شىۋېقلارغا خاس —
باشنى چاچتىن خالى قىلىپسىز.
ئۆزىڭىزگە يارىشىپتۇ، ماس.
ئاۋۋالقىدىن كۆركەم بولۇپسىز.

## باكالاۋر

گەرچە ئۇستاز. كونا جايدا بىز،
ئەمما بۈگۈن شارائىت ئۆزگە.
ئەرمەك پىكرى ئەمدى پايدىسىز،
چۈشىنىمىز ئەگىتمە سۆزگە.
گۆدەك ئىدىم — بىلگەنىدىڭىز،
مەندىن راسا كۈلگەنىدىڭىز.
ئەمدى بۇنداق مازاق كەتمەيدۇ،
ھۈنىرىڭىز ھەرگىز ئۆتمەيدۇ.

## مېفىستافىل

ئەق يۈزدە ئېيتسا، نە ئەجەب،
ياشلارغا ھېچ ياقماس توغرا گەپ.
چىنلىقىنى بىز ئېيتقان سۆزنىڭ،
ھايات ئۆزى تەستىقلەر، بىراق
ياشلار دەيدۇ: مەن ئۆزۈم ئۆستۈم،
موللام ئىدى قىپقىزىل ئەخمەق.

## باكالاۋر

ئەخمەق ئەمەس. ئالدامچى ئەييار،
سۆزىدە يوق قىلچە ھەقىقەت.
يوق دەپ كۆرۈڭ. ئۇستاز نەدە بار —
ھەقىقەتنى ئېيتقۇچى پەقەت.
بەزى سۆزلەر قوشۇپ، يا ئېلىپ،
ئاقنى قىلىپ كۆك، كۆكنى قارا.
نېمە قىلسۇن بىچارە تالىپ،
ئىشەنمەكتىن ئۆزگە يوق چارە.

## مېفىستافىل

ھەممە ئىشنىڭ دائىرىسى بار،
تەھسىل بۇندىن مۇستەسنا ئەمەس.
شۇنچە شاگىرت بولدىڭىز سىز، بەس،
ئوقۇپ بولغاچ ئوقۇتماق ھەم بار.

تەجرىبىڭىز ئەمەس ئانچە ئاز،
پۈرسەت يەتتى بولۇشقا ئۇستاز.

باكالاۋر

تەجرىبىنى ئولتۇرماڭ سۆزلەپ،
روھ ئالدىدا ئۇ قانچىلىك گەپ؟
شۇ چاققىچە قانچىلىك بىلسەك،
بەرىبىر پۇل، بەرى بىكىرەك.

مېفىستافىل

توغرا، مەنمۇ شۇنداق دېگەنمەن.
مەنمۇ بىر چاغ تەنتەك ئىكەنمەن.

باكالاۋر

تۇنجى قېتىم ئۇچراتتىم بۈگۈن،
بۇ قېرىنىڭ مېڭىسى پۈتۈن.

مېفىستافىل

زەخمەت چەكتىم خەزىنە ئىزدەپ،
بولدى ئەخلەت تاپقىنىم ئېرىق.

باكالاۋر

چاچسىز قالغان بېشىڭىز سىزنىڭ،
باش سۆڭەكتىن قىلمايدۇ پەرق.

مېفىستافېل

بۇنچە قوپال بولمىغىن، ئەجەب،
يوق ئىكەنغۇ سەندە ئەندىشە.

باكالاۋر

نېمىسلاردا پەقەت يالغان گەپ،
نازاكەتلىك بولۇر ھەمىشە.

مېفىستافېل

(غالتەكلىك ئورۇندۇقنى ئاستا - ئاستا سۈرۈپ،
سەھنە ئالدىغا، خەلققە يېقىن كېلىدۇ)
جاي قالمىدى مەن ئۈچۈن، ۋاي - ۋاي،
سىز بېرەرسىز مەن شورلۇققا جاي.

باكالاۋر

قىزىق ئىنسان يېشىنى ياشاپ،
سۈلۈپ تامام بولغاندا ئادا —
يېقىن قالغاچ تۆردىن گۆر، ئەجەب،
كۆپ نەرسىنى قىلىدۇ دەۋا.
ئاخىر ھايات قانىنىڭ مىسالى،
سوۋۇمىقى يۈرەكنىڭ — مامات.

ياشلىق بولسا يېنىپ تۇرغان جان،
يارانقۇچى ھاياتتىن ھايات.
ھەممە تىنماس، ھەرىكەتتە بولۇر،
قۇدرەت يېڭەر ئاجىزلىق ئۆلۈر.
بىز ئىگىلەپ يېرىم دۇنيانى
ئۆزىمىزگە قىلغاندا تەسلىم،
سىز ھەقىقەت بىلىپ خىيالنى.
خام پىلانلار تۈزۈردىڭىز جىم.
قېرىلىق بۇ — كېسەللىك يامان،
قاقشاتقۇچى قىزىتما — بەزگەك.
ئوتتۇز ياشقا يەتتىمۇ ئىنسان
ئۇ دۇنياغا جۆنىتىش كېرەك.
ئاشۇ تەدبىر داۋانىڭ سازى.

**مېفىستافىل**

شەيتان ھامان بۇنىڭغا رازى.

**باكالاۋر**

شەيتان - پەيتان ماڭا بىر تىيىن.

**مېفىستافىل**

(چەتكە قاراپ)
تەگسە شەيتان بىلىسەن كېيىن.

## باكالاۋر

ئىشىنىدۇ ياشلىق دائىما —
دەر: بارلىققا ئاچقاندا كۆزۈم —
ئەسلى تامام يوق ئىدى دۇنيا،
يوق دۇنيانى بار قىلغان ئۆزۈم.
مەن قۇياشنى دېڭىزدىن ئېلىپ
كۆتۈرگەنمەن تىنىق ئاسمانغا.
مەن بەرگەنمەن كۆكتە نۇرلىنىپ
سەير ئېتىشنى ماھى تابانغا.
مەندىن ئالەم كۆكى ئېچىلدى،
يوللىرىمغا گۈللەر چېچىلدى.
تۈن يايغاندا باش ئۆزرە قانات،
يۇلتۇزلارنى تۆكتى ساماۋات.
بۇ دۇنيانى ياشلىق، ئىھتىراس
سەپسەتىدىن ئەيلىگەن خالاس.
دادىل ئالغا تاشلايمەن قەدەم،
ماڭا مەشئەل يۈرەكتىكى نۇر.
يوروق — نېمە بولسا ئالدىدا،
زۇلمەت ئىچرە — ھەممە ئارتتادۇر.
(كېتىدۇ)

## مېفىستافىل

كېتىۋەر، ئەي دانىشمەن ئادەم،
ماڭسۇن ئېلىپ غۇرۇرۇڭ سېنى.

سەن بىلگەننى ساڭا قەدەر ھەم
بىلگەنلەرنى بىلسەڭدىك قېنى.
شاۋقۇن سالماق ساينىڭ ئادىتى،
دەريا بولسا تىنىدۇ ئەلۋەت.
مىڭ ماختانسا ئۈزۈم شەربىتى،
شاراب بولۇر بىر كۈن ئاقىۋەت.
(زالدىكى چاۋاك چالماي ئولتۇرغان ياشلارغا قاراپ)
يەتمىدىڭىز سۆزۈم قەدرىگە،
نە تاڭ ئاتقاي ھەر ئىشنىڭ كۈنى.
تېخى ياشسىز، شەيتان قېرىدۇر،
چۈشىنەرسىز ياشىنىپ ئۇنى.

## ئوتتۇرا ئەسىر روھىدىكى ھۇجرا

(ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ئۈچۈن موللاللانغان چوڭ غەلىتە ئەشيالار)

### ۋاگنىر

(ئوچاق يېنىدا)
ۋاھ، ياگرىدى قوڭغۇراق!
تىترەر بارلىق ۋۇجۇدۇم.
بىر سائەت ھەم ئۆتمە ياق
ھاسىل بولدى مەقسىتىم.

پايانسىز ئەمەس مېھنەت،
مېۋىسى بولار ئەلۋەت.
ئەنە ئەجەب سىرلىق نۇر،
شىشىدە جىلۋە قىلۇر.
يېنىمپ دەررۇ چوڭ بولدى.
قاراڭغۇلۇق يوق بولدى.
يالىلدايدۇ ئۇچقۇنى،
ئەسلىتىپ ياقۇت، دۇرنى.
ئەنە، ئاخىر كۆرۈنەر
كۆز چاقچۇچى ئاپئاق نۇر.
بۇ سەپەر بولاي ئاگاھ
كىم ئىشىك قاقتى ناگاھ؟

**مېفىستافېل**

(كىرىدۇ)
سالام! سىزگە ئامەت بولسۇن يار.

**ۋاگنېر**

(ھاياجان بىلەن)
خۇش كېلىپسىز بەختىيار دەمدە.
(پىچىرلاپ)
گۇۋاھ بولۇڭ، بۇگۈن بىتەكرار
بۈيۈك بىر ئىش بولۇر ئالەمدە.

**میفستافیل**

(ئاستا)
نېمە ئۆزى؟

**ۋاگنېر**

(پىچىرلاپ)
يارىلۇر ئادەم!

**میفستافیل**

شۇ ئىدىشتا؟ ئەجەبا نىھال؟
يوققۇ بۇندا ئەركەك ۋە ئايال؟

**ۋاگنېر**

كېرەك ئەمەس ئەرھەم، ئايال ھەم،
پەيدا قىلماق ئۈچۈنلا ئادەم
ئەجدادلاردىن قالغان ئۇسۇل بۇ،
كېرەك ئەمەس بىزگە ئەمدى ئۇ.
بۇندا ھايات پەيدا قىلغۇچى،
ئىنساندىكى ئىرسىيەت كۈچى.
پىنھاندا ئۇ يارىلىپ نىھان،
ئۆز - ئۆزىدىن بولۇپ بەھرىمان،
ئاندىن سىرتقا بولۇپ نامايان،

كۆتۈردۇ غۇلغۇلا - چۇقان.
بىراق بۇ يول بۈگۈندىن باشلاپ
ھايۋانلارغا بېرىلگەي تولۇق.
چۈنكى ئادەم ھەممىدىن ئۇلۇغ،
يارالغاي ئۇ ئۆز قەدرىگە باب.
(ئوچاق تەرەپكە قاراپ)
ئۇ ھەريانغا شولا چاچماقتا،
ئارزۇيۇمغا يوللار ئاچماقتا.
دېمەك ئۈمىد باردۇر ئالدىمدا.
شۇ نەچچە يۈز ماددا مۇبادا
مەلۇم تەرتىپ بىلەن قوشۇلسا،
(شۇ تەرتىپتە تۆپكى تەرغىبات)
ئاندىن نورمال ئىسسىقلىق بولسا،
پەيدا بولار شىشىدە ھايات.
(يەنە ئوچاققا قاراپ)
ئەنە! ۋۇجۇد بولماقتا زاھىر!
مەن كۆپ كۈتكەن پەيت كەلدى ئاخىر!
خىياللىرىم بولار ھەقىقەت،
ئۆز سىرىنى ئاچار تەبىئەت.
ئەمگىكىمىز كەتمەيدۇ بىكار،
بولدى پىنھان مۆجىزە - ئاشكار.
قىلسا پەيدا ئىنسانى ھايات،
يارىتىدۇ بىزنىڭ ئىجتىھات.

### مېفىستافىل

كۆپ ياشىغان كۆپ كۆرۈر ھامان،
ئاڭا ئاچار سىرىنى ئالەم.



مەن كۆپ يىللار بولۇپ سەرگەردان،
كۆردۈم تالاي ئۇلۇغۋار ئادەم.

## ۋالگىنېر

قاينىماقتا، شولا چاچماقتا،
ئارزۇلىرىم چىراي ئاچماقتا.
يوقاتقان، — دەر مېنى، — ئەقلىنى،
ئوخشىتار تەنتەك ئادەمگە.
ئەمما دانا تېخى ئالەمگە،
بېرەرتالاي دانا ئەھلىنى.
(شېشىگە زوق بىلەن قارايدۇ)
ئەنە، سادا بەرمەكتە شېشە،
ئاخىر ئاشۇ پەيتنى ھەمىشە
ئارزۇ قىلغانىدىم، مانا ئۇ —
مەن ئىنتىزار بولغان قۇتلۇق دەم!
ۋاھ، ۋۇجۇدقا كىرمەكتىدۇر جان،
قىمىرلايدۇ شۇ كىچىك ئادەم!
سىر ئېچىلدى! ئېلىمدە ئۆزگە
قالدى يەنە قانداق مۇددىئا؟
دىققەت، مانا، جاراڭلىق سادا —
ئاۋاز بولدى، قۇلاق بىر سۆزگە.

## ھامۇنكۇل*

(شېشە ئىچىدىن ۋاگنېرغا)
ئەي ئاتا جان يىراتتىڭ، ئاۋۋال،

پەرزەنتىڭمەن، قۇچىقىڭغا ئال.
پەقەت سىقما ئۇنچىلىك مەھكەم،
ئېھتىيات قىل، سۇنمىسۇن شېشەم.
بۇ ئالەمنىڭ ھەرخىل ئىشى بار،
شۇنداق ئەجەب قۇرۇلغان جاھان:
يەرگە سىغماس تەبىئەي ئىنسان —
ئۇنىڭ ئۇچۇن چەكسىز ئالەم تار.
لېكىن سۇنئىي ئادەمگە زىنھار
تېپىلمايدۇ بۇندا ھېچ ماكان.
(مېفىستافېلغا)

بارمىدىڭ سەن ئالدامچى ئاغا؟
كۆز ئاچقاندا مەن بۇ دۇنياغا —
بۇندا بىزنى قوۋناق تەسەددىپ
ئۇچراشتۇردى، تىرىكمەن، دېمەك —
مەن بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك.
نېمە قىلاي؟ ئۆرۈك بەر تەكلىپ.

## ۋاگنېر

توختا، بىر سۆز ئېيتاي قۇلاق سال،
ماڭا دائىم بېرىشەر سوئال.
مەن بولسام ھېچ قىلالمايمەن ھەل:
جان تەن بىلەن بولۇر مۇكەممەل،
بىر - بىرىسىز ياشالماس، ئەمما —
كۆرىشىدۇ نېچۈن دائىما؟

مېفىستافېل

جاۋاب ئىزدەپ قاتتاي مەنمۇ ئۇن:
چېقىشالماس ئەر - خوتۇن نېچۈن؟
ساڭا مۇشكۈل بۇنى چۈشىنىش،
ئەي، كىچىك جان، بۇ سەن قىلار ئىش.

ھامۇنكۇل

نېمە قىلاي؟

مېفىستافېل

(ياندىكى ئىشكىنى كۆرسىتىپ)
ئەمەلدە كۆرسەت،
پەقەت سەندە بار قابىلىيەت.

ۋاگنېر

(شىشىنى تىكلەپ)
دەر ھەقىقەت، ئاجايىپ ئوغلان!
(يان تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇ يەردە ياتقان
فائۇست كۆرۈنىدۇ)

ھامۇنكۇل

(تەئەججۈپ بىلەن)
(شىشە ۋاگنېرنىڭ قولىدىن چىقىپ فائۇستنىڭ ئۈستىدىن
ئۇچىدۇ ۋە ئۇنى يورۇتىدۇ)

بۇندا نامايان.
زەپ مەنزىرە! تىپتىنىق كۆللەر،
قىپيالىڭغاچ قىزلار چۆمۈلەر.
بىر - بىرىدىن چىرايلىق بەرى،
ئەمما بىرى گۈزەل بىقىياس.
يا مەبۇدە ئۇ، ياكى پەرى،
يۈزى، قەددى پەرىشتىگە خاس.
ماكان قىلىپ كۆل قىرغىقىنى،
ئولتۇرىدۇ سۇغا تىقىپ پۇت.
ئارام بېرەر تەنگە سالقىنلىق،
پەسىيدۇ بەدەندىكى ئوت.
يېيىپ شۇندا بىر ئاق قۇش قانات،
پەيدا بولدى سۇ ئۈزرە، ھەيھات!
قىزلار ھەريان قاچتى، يوقالدى،
پەرىزاتنىڭ بىر ئۆزى قالدى.
ئۇ قورقماستىن تۇراتتى مەغرۇر،
ۋۇجۇدىدا ئالەمچە غۇرۇر.
ئاق قۇشلارنىڭ شاھى شۇ ھامان،
يېقىنلاشتى پەرىزات تامان،
ۋە چىرماشتى ئاياغلىرىغا.
ئاۋۋال بىرئاز ئويالدى، بىراق
ئازدى كېيىن بولدى مەرد، ئويناق...
كىردى قانات قۇچاقلىرىغا.
شۇئان تۇمان قاپلىدى تېزدىن.
ساز مەنزىرە يوقالدى كۆزدىن.

## ميفستافيل

بۇ گەپلەرنى قاياقتىن ئالدىڭ؟
چۈجە سەنۇ ــ توقۇشقا بالا.
مەن بۇلارنى كۆرمىدىم ئەسلا.

## هامۇنكۇل

سەن كەلگەنسەن چۈنكى شىمالدىن،
تۇغۇلغانسەن ئوتتۇرا ئەسىردە.
رومۇلۇق بوۋا بىلەن فارىسلار،
بەھىسلىشىپ ئۆتكەن شۇ يەردە
تۇمانلىقتۇر دانالىق ھېسلار.
ئىسكەنجىدىن چىقمايسەن ئەبەد،
ياردۇر ساڭا زۇلمەتلا پەقەت.
(ئەتراپقا قاراپ)
بۇ يەر قانداق سوغۇق ۋە سۈرۈن،
تاش تاملاردىن سىقىلار يۈرەك.
بۇ بىچارە ئويغانغان چاغدا
كۆڭلى ئاينىپ جان بەرسە كېرەك.
ئورمان ۋە كۆل، يالىڭاچ قىزلار،
تەبىئەتنىڭ ھۆزۈر بەخشى ــ
مانا ئۇنىڭ خىيالى، چۈشى.
ھەر دەقىقە ئۇ شۇنى ئىزدەر،
قانداق چىدار بۇ يەرگە ئاخىر،
ئۆگەنگەنمەن گەرچە مەن چىداپ ــ

لېكىن بۇندا ماڭىمۇ ئېغىر،
ئېپ كەتسەك ئۇنى.

**مېفىستافېل**

بولىدىغان گەپ.

**ھامۇنكۇل**

ئەسكەر يىگىت جەڭ ئۈچۈن زۆرۈر،
جانان بولسا بەزمىلەر ئۈچۈن.
ھەر نەرسىنىڭ ئۆز خىزمىتى بار،
ئويلاپ قويدۇم بىر ئىشنى بۈگۈن.
خۇددى بۈگۈن باشلىنار بايرام، —
ئۇ كلاسسىك ۋالپۇرگىي تۈنى.
ئاشۇ ياققا ئۇچايلۇق بۇ دەم،
بىللە ئېلىپ كېتەيلى ئۇنى.
كۆرۈپ ئۇندا بىتتىنچ غەليان،
ھۇزۇرلانسۇن ئارامسىز بۇ جان.

**مېفىستافېل**

ئىشتىشىم بۇ ھەقتە شۇدەم.

**ھامۇنكۇل**

ساڭا تونۇش رومانتىك ئالەم.
بىلسەڭ شەيتان بولماق ئۈچۈنمۇ،

شۇ كىلاسسىك ئالىمىگىمۇ
زۆرۈر بىر رەت باسمىقلىك قەدەم،

**مېفىستافىل**

يول قاياققا؟ قەدىمكى دۇنيا
جىنلىرىغا خۇشتۇم يوق ئەسلا.

**هامۇنكۇل**

شىمالىي غەرب سېنىڭ ۋەتىنىڭ،
ساڭا شەيتان، بۇ يۇرت مەرغۇپتۇر.
ئۇندا يايرار جېنىڭ ۋە تېنىڭ،
بىز بارار يۇرت شەرقىي جەنۇبتۇر.
ئۇندا قۇرام تاشلار ئارىلاپ،
ئاقار پېنىي* دولقۇنلاپ گۈزەل.
شۇ دەريانىڭ باشلىنىشىدا —
ئېرۇر كونا ۋە يېڭى فەرسەل*.

**مېفىستافىل**

قوي، سۆزلىمە، جانغا تەگدىغۇ
زالىملار ۋە مەزلۇملار جېڭى.
داۋام قىلار بۇ جاڭجال مەڭگۇ،
قىلار بىرئاز تۈزۈمنى يېڭى،
سەللا تۈزەپ هايات شەكلىنى —
يەنە باشتىن تالاش قىلىشار.
قوزغىغۇچى ئەسلىدە بۇنى

ئاسمادىدۇر. نەدىن بىلىشەر؟
ئاشۇ ئىبلىس غەلىيان قوزغىغان،
ئازادلىق دەپ جەڭ قىلار بۇلار.
ئەسلىدىچۇ مىڭ يىلدىن بۇيان
قۇللار بىلەن كۆرىشەر قۇللار.

### ھامۇنكۇل

قېرى - ياشتا پەقەت بىرلا ئوي:
ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلماق.
سەن ئۇلارنىڭ جاڭجىلىنى قوي،
كەلدى پەيتى، كېرەك ئويغاتماق.
ئەپلەلىسەڭ، تاپشۇراي ساڭا،
قىلالمىساڭ، قويۇپ بەر ماڭا.

### مېفستافېل

بىراكىندە بولساق مۇبادا،
چىقار ئىدى مەندىن مەسلىھەت.
مەجوسلەر دۇنياسى ئەمما،
تاقاقلىقتۇر مەن ئۈچۈن ئەبەد.
ئادەملەردە قەدىمكى يۇنان
(ماڭا ئۇ يۇرت ياقماس ھېچقاچان)
گۇناھلىق ھېس تۇغدۇرۇپ قويغان.
بىزنىڭ شىمال گۇناھىدىنمۇ،
ئۇنى ئارتۇق كۆرىدۇ ئىنسان.
نېمە ئىلاج؟ قانداق قىلىمىز؟

### ھامۇنكۇل

ئىلاجىنى ياخشى بىلىمىز.
قانداق بولار دەرھال يول ئالساق،
فېسسالىيە ئۆلكىسى سىرى؟
ياقسا كېرەك ساڭا تولىمۇ،
ئۇنىڭ جانان جادۇگەرلىرى.

### مېفىستافېل

(يايراپ)
فېسسالىيە جادۇگەرلىرى!
تەلپۈنىمەن مەن ئۇلار سىرى.
ئۆمرۈمنىڭ قىلىمەن بەخش،
ئەمما — قانداق ئۇ يەر دىلبىرى —
ئۇنى سىناپ كۆرمەكلىك ئۈچۈن
قونۇپ كۆرەي ئۇندا بىرەر كۈن.

### ھامۇنكۇل

ئەمىسە، قىلغىن دوستۇڭنى ھەمراھ،
ئاۋۋالقىدەك يېپىنچاڭنى ياي.
قانات بولسۇن يېپىنچاڭ ساڭا،
مەن ئالدىڭنى يورۇتۇپ ماڭاي.

## ۋالگنېر

مەنچۇ؟

## ھامۇنكۇل

ياق، سەن قالغىن بۇ يەردە،
كۆپتۇر تېخى بۇندىكى ئىشىڭ.
ئېچىلمىغان سىرلار كۆپ يەنە،
ھەممىسىنى كېرەك ئېچىشىڭ.
زېمىن قويۇپ جەملە، ئۆگەنگىن
قېزىلمىلار... سۆگەك ھەم تاشنى.
تەتقىق قىلغىن يەرۇ كائىنات،
تىرىك جاننىڭ ئىپتىداسىنى.
مەنچۇ، كېزىپ بەلكى يېتەرمەن،
كائىناتنىڭ ئەڭ چېككىسىگە.
يەكۈنۈمنى تەقدىم ئېتەرمەن،
ئىزدىنىشلەر ھېكايىسىگە.
ھە، سېنىڭكى بولىدۇ ئۇ كۈن
شۆھرەت، بايلىق، خاتىرجەم ھايات.
چەككەن بارلىق زەھمىتىڭ ئۈچۈن
تاپقۇسى سەن لايىق مۇكاپات.
نېسىپ بولغاي ساڭا بەر كامال
ھېكمەت، خىسلەت، خەير، ياخشى قال.

ۋاگنېر

(قايغۇرۇپ)
خوشلىشىمەن، قەلبىمدە قايغۇ،
كۆرەلمەسمەن سېنى مەن مەڭگۇ.

مېفىستافىل

ئالغا! نەدە پېنىپىنىڭ بويى!
بىز دوستلارمىز، بىردۇر سۆزىمىز.
(تاماشىبىنلارغا)
گاھ، ئۆزىمىز يارىتىپ قويۇپ —
بويسۇنىمىز ئاڭا ئۆزىمىز.

# كلاسسىك ۋالپورگىيە كېچىسى

## فەرسەل دالالىرى، قاراڭغۇچىلىق

### ئەرىختا

ئاۋۋالقىدەك يەنە بىر دەھشەت كەچلىك بەزمىگە
مەن بىچارە ئەرىختا كەلدىم بۈگۈن يەنە مەن.
ئۆتكىنىدەك تەسۋىرلەپ شۇ شەپقەتسىز شائىرلار
ئەمەستۇرمەن ئۇنچىلىك بەتبەشىرە ئەمما مەن.
مەيلى ماختاپ كۆتۈرسۇن، ياكى تىللاپ چۆكۈرسۇن،

بولغان ئەمەس ئۆلاردا توغرا ئۆلچەم تامامەن.
ئەنە كەڭلىك ئارقاردى، كۆتۈرۈلدى تۇمانلار،
قاپلىنىپتۇ بىھېساب چېدىر بىلەن دالالار.
بۇ دەھشەتلىك كېچىنىڭ قورقۇنچلۇق شەپىسى،
بۇ ئاشۇنداق دائىما، بولار مەڭگۈ بۇ تەكرار.
كىمكى زورلۇق كۈچ بىلەن سەلتەنەتنى ئالاركەن،
رەقىبىنى يولاتماي تۇتار زورلۇق كۈچ بىلەن.
ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلالمىغان بىچارە،
ئۆزگىلەرنى دائىما قىلماق بولار ئىدارە.
ئەۋلادقا دەرس بولغۇدەك جەڭلەر بولغان بۇ يەردە
بۇ مەيداندا دۇچ كەلگەن ئىككى بۈيۈك زور قۇدرەت.
پايمال بولغان بۇ يەردە ئازادلىقنىڭ گۈلتاجى،
غالىبلارنىڭ بېشىغا قونغان ئالتۇن تاج شۇ پەيت.
بۈيۈك پامىپي بۇ يەردە ئۆتكەن ئەسلەپ دەھشەتتە،
ئۆتمۈشتىكى بىھېساب شەرىپىنى - شانىنى.
سېزار بولسا، مۆلچەرلەپ دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى،
ئۈمىدىگە جەم قىلغان تەپەككۇر مىزانىنى.
نەتىجىسى كۈرەشنىڭ ئايان بارچە ئالەمگە،
باشلىنىدۇ بۇ كېچە شۇ ئىلمىش قايتىلاپ*.

يېنىپ تۇرار مەشئەللەر گۈلخانلارنىڭ ئوتىدا،
تارالماقتا ھەر يانغا قىزىل نۇرلار ۋاللىداپ.
بۇ ئاجايىپ كېچىدە قەدىمي ئەپسانىلەر
جەڭگىۋار قوشۇنلاردەك سەپ - سەپ بولۇپ تىزىلار.
شۇ قەدىمي كۈيلەرنىڭ ئەڭ كونا شەپىلىرى
گۈلخانلارنى ئايلىنىپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشار.
مانا كۆككە ئاستىلاپ كۆتۈرۈلدى يېرىم ئاي،

يورۇتتى كەڭ مەيداننى ئۇنىڭ مەيىن شولىسى،
شۇ شولىدىن پەسىيىپ گۈلخانلاردىن چىققان نۇر،
غايىب بولدى كۆزلەردىن چېدىرلارنىڭ سايىسى.

قانداق ئۇچار يۇلتۇزدۇر ئۇچۇپ ئۆتكەن بېشىمدىن؟
ئىچىدە بار بىر ۋۇجۇد، نۇر چېچىلار ھەر يانغا.
كەلدى ھايات نەپىسى، ئەمدى كېتەر بۇ يەردىن،
يېقىنلىشىش يات ماڭا ھامان تىرىك بىر جانغا.
چۈنكى مېنىڭ بارلىقىم ھەربىر جانغا پالاكەت.
ھە ئۇ قوندى، يوقلاي ئەمدى دەرھال پىنھانغا،
يېتەرلىكتۇر بوينۇمغا ئاسقان بۇ توقالەنەت.

ئۇچۇپ كەلگەنلەر ئېگىز چوققىدا

**ھامۇنكۇل**

بۇ كۆرۈمسىز مەيدان ئۆزرە
ئايلىنايلى بىر يانا،
بۇندا دەھشەت شەپىسىدىن
باشقا نېمە بار يانا؟

**مېفىستافېل**

شىمال تەسكەيلىرىدىن
نەچچە مەرتە كۆرگەنمەن.
قارىغاندەك ئەينەكتىن
زوق، پەيزىنى سۈرگەنمەن.

ماڭا ياقتى بۇ ماكان،
ئۇ يەردىن كەم ئەمەسكەن.

**ھامۇنكۇل**

ئەنە يوغان بىر ئايال،
بىزدىن نېرى كەتتى ئۇ.

**مېفىستافېل**

بىزنى كۆرۈپ ئېھتىمال
تەشۋىشلەندى، قورقتى ئۇ.

**ھامۇنكۇل**

كېتىۋەرسۇن مەيلى ئۇ،
سەن يەرگە قوي شەيدانى.
قىلسۇن بۇندا سەيلە ئۇ
كۆرسۇن سىرلىق دۇنيانى.

**فائۇست**

(يەرگە چۈشۈپ)
ھە، قېنى ئۇ؟

**ھامۇنكۇل**

بىلمەيمىز بىزلەر.
بىلگۈچىنى تاپارسەن، ئىزدە،



ئاختۇرۇپ كۆر گۈلخانلار ئارا
تاڭغا قەدەر تا.
مامالار يۇرتىغا بارغىن باھادىر
ھەممىگە قادىر.

مېفىستافېل

ئاختۇرۇشقا قوشۇلدۇم مەنمۇ،
گۈلخان ئارا تاماشا تولا.
ھەر بىرىمىز كەزسەك يېگانە،
كۆرگىنىمىز بەكمۇ كۆپ بولار.
تارقىلىمىز بولماق ئۈچۈن جەڭ
تاپىمىز بىز كىچىك بىر چارە،
ئۇ نۇر بىلەن قىلسۇن ئىشارە.

ھامۇنكۇل

تارقىتىمەن جاراڭلىق بىر نۇر.
(شىشە شولا چېچىپ جاراڭلايدۇ)
مۆجىزىلەر سىرى ئالغا يۈر!

فائۇست

(يالغۇز)
قېنى پەرى؟ بولما بىتاقەت!
ۋاقىت تېخى ئەتىگەن ھازىر.
بولمىسىمۇ مەيلى بۇ يەردە

قەدىمنىڭ ئىزلىرى زاھىر.
مەيلى چىقسپ يولىغا پېشۋاز
ئايىغىنى ئوپىمىسۇن دەريا.
ۋە لېكىن بۇ كەڭلىكلەر ئارا
لەۋلىرىدىن تارالغان سادا،
جاراڭلىغان ئىلاھى ئاۋاز.
بۇ يەر - يۇنان، ئۇنىڭ دىيارى،
كۆزۈم ئېچىپ ھېس قىلدىم دەرھال.
تاشتى ئۇرغۇپ ياشلىق مادارى،
قۇدرەت تاپتىم مەن ئانتېي مىسال.
مەيلى قانداق بولمىسۇن بۇندا،
ئۇنى تاپاي گۈلخانلار ئارا.

## پېنېيىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە

### مېفىستافېل

(ئەتراپقا قاراپ)
گۈلخانلار ئارىلاپ تاشلايمەن قەدەم
ماڭا بۇ مەنزىرە ئەرش تۇيۇلار.
نېمانچە ئۇيياتسىز گرىڧ، سفىنكس*
تامامەن يالىڭاچ يۈرۈشەر ئۇلار.
يۈرۈشەر ياپماستىن ئارقا - ئالدىنى،
كۆرستىپ قۇيرۇق ۋە قاناتلىرىنى.
ئەسلىدە بىزدىمۇ ئۇيات يوق، ئەمما
ھاياسىز ئىدى شۇ قەدىمىي دۇنيا.

يېڭىچە ئۆرپ ۋە ئادەتلەرگە ماس،
كىيىنىپ يۈرۈشسە نېمىشقا بولماس؟!
كۆڭۈلۈمگە ياقمىغان بولسىمۇ بۇلار
غەزەپ ۋە نەپرەتنى تۇتىمەن نىھان.
ماڭىمەن ئۆزۈمنى سىپايە تۇتۇپ،
قانداقلا بولمىسۇن مەن بۇندا مېھمان.
سالام! ئالقىشلايمەن سىلەرنى، پەررۇھ*
خانىملار ۋە قېرى دانىشمەن گۇرۇھ.

## گرىف

(بوغۇق ئاۋازدا)
قانداقچە گۇرۇھ بىز؟ گرىفلارغۇ بىز،
يوق قېرى گۇرۇھقا ھېچ ئالاقىمىز.
قېرى دەپ نام ئېلىش كىمگىمۇ ياقار،
ھەر بىر سۆز مەنىسىن قىلماق ئۈچۈن ھېس،
دانا خەلق ھەرقاچان تاۋۇشقا باقار.
بىزنىڭ نامىمىزغا بوپتۇ ئاھاڭداش
گرىيايۇ، گرىدىخۇ، گرىدلىغ، گرىپتار*.
بۇ سۆزلەرنىڭ بەرى گرىفقا ئوخشاش،
ئىستەيمىز ئۇلارغا بولماقلىقنى يار.

## مېفىستافېل

نە ھاجەت ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئىستەپ،
مېڭىنى شۇنچىلىك ئۇپرىتىش ھامان؟

---

*پەررۇھ — گوزەل.

گەر داۋام قىلساق بىز شۇ خىلدا، ئويلاڭ —
گىرىفقا ئۇلىنار سۆزسىز گىرىبان*.

## گرىف

(شۇ يول بىلەن)
ئەلۋەتتە، تاۋۇشلار تولىمۇ يېقىن،
بۇ سۆزمۇ جاي ئالار گىرىف يېنىدىن.
گىرىبانۋازلىققۇ يامان ۋە لېكىن
تۇتتۇڭمۇ، مەھكەم تۇت گىرىباندىن.
تۇتتۇڭمۇ مەھكەم تۇت، يەر، سۇ، مال، خوتۇن،
بايلىغۇ تاجۇ تەخت، خەزىنە، ئالتۇن —
بەرىگە - بەرىگە سالىدۇر چاڭگال،
كۆلىدۇ ئامىتىڭ قىلساڭ چىڭ قامال.

## چۇمۇلىلەر

(چوڭ قىياپەتتە)
ئېيتىلدى «خەزىنە»، «ئالتۇن» سۆزلىرى،
ئالتۇنغا كان ئىدى ئۆڭكۈرلەر قوينى،
ئەرىمەسپلەر* كەتتى ئوغرىلاپ،
ئەنە بىزلەردىن كۆلمەكتە شۇ تاپ.

## گرىفلار

بېرەيلى ئوغرىنىڭ ئەدىبىنى بىز.

*گىرىبان — ياقا، گەل، بوغۇز.

### ئەرىمەسپىلەر

تىنچ ئۆتكەي بۇ كېچە، چۈنكى بۇ بايرام،
ئەتىلا — تاڭغىچە قالغىنىنى بىز،
ئۆيلەرگە ئاپىرىپ قويىمىز تامام.

### مېفىستافېل

(سفىنكسلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ)
ئاستىلاپ چۆكتۈمەن سۇلار تەكتىگە
ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بەھرىگە.

### سفىنكس

نەپەس ھەم تاۋۇش بەرگۈچى: بىزلەر
تاۋۇشنى سۆز قىلىپ تەرگۈچى: سىزلەر.
تونۇشۇۋالايلى نېمىدۇر ئىسمىڭ؟

### مېفىستافېل

ئىسمىمنى سورىساڭ، بىر ئەمەس، يۈزمىڭ.
ئۇنىڭدىن كۆرە سەن، ئېيتقىنا، بۇندا
كەلدىمۇ سەيلە قىپ ئىنگلىز سەيياھ؟*
ئۇ جاننى بېرىدۇ تاماشا دېسە،
تارىخي جەڭگاھمۇ، يا ئۆزگە قىسسە...
ئۇ دەيدۇ ھەممىدىن بولاي مەن ئاگاھ،

شۇ سەۋەب ئۇ جاھان گېزەر ھەمىشە،
سېھىرلىق تولغان مانا بۇ مەيدان،
ياقاتتى ئۇلارغا — ياقاتتى چەندان.
ھە، ئۇلار سەيىردە ئېتسىنى ئېيتتى:
«كونا يالغان، يەنى ئالد ئىنىبىتى*.»

سفىنكس

ئەجەبا، نېچۈن؟

مېفىستافېل

قاراڭغۇ ماڭا
ئاشۇنداق ئاتايدۇ نامىنى نېچۈن.

سفىنكس

مەيلى، خوش، قانداق سەن ئىلمىي نوجۇمغا؟*
قىلىدۇ نېمىنى ۋەدە يېڭى كۈن؟

مېفىستافېل

(ئاسمانغا قاراپ)
يۇلتۇزلار مەۋج ئۇرغان كۆككە قارايمەن
يېڭى ئاي تارقىتار ئەجەب لاتاپەت.
مەن بولسام پەقەت شۇ يەردە ياپرايمەن،

---

*ئىلمىي نوجۇم — ئاسترونومىيە.

بە ڤۇۋۋەت ڤوينىدىن ئېلىپ هارارەت.
نە هاجەت كۆك ئاسمان بىلەن ئېتىشماق؟
مەسىلە قىزي ماڭا، ئېيتقىن تېپىشماق.

## سفىنكس

سەن بارىسەن — تېپىشماق نېمىگە كېرەك،
سەن بارىسەن — مەسىلە نېمە قىلار هەل؟
سانالسا بىرمۇ بىر سېنىڭ سۆيمىتىڭ،
مەسىلە هەل ئۆزى، تېپىشماقمۇ تەل.
توغرا ۋە ئەگرىلىك ئۈچۈن سەن هامان،
باراۋەر زۆرۈرسەن، توغرا هەر قاچان
قىلماققا نامايان توغرىلىقىنى،
قىلىدۇ نىشانە ئوقىغا سېنى.
ئەگرىلىك سەن بىلەن هەر قاچان هەمدەم،
پاتماققا رەزىللىك تەكتىگە هەردەم.
مانا بۇ قىلمىشلار بىلەن زېۋۇسكە
توغرا هەم، ئەگرى هەم بولىدۇ كۆلكە.

## بىرىنچى گرېف

نەقەدەر رەزىل ئۇ!

## ئىككىنچى گرېف

ياقماس ماڭا هەم.

**ئىككىسى**

قەيەردىن كەلدى بۇ ئەبلەخ، مۇتتەھەم.

**مېفىستافېل**

(قوپاللىق بىلەن)
سەن تېخى ماڭا مۇشت ئۇرماق بولدۇڭمۇ؟
تىرنىقىم كۈچىنى كۆرمەك بولدۇڭمۇ؟
كەل، قېنى، تېگىپ باق!

**سفىنكس**

(سىپايىلىك بىلەن)
مەيلى، قالىۋەر،
ھازىرلا ئويۇنغا چۈشۈرسەن ھاي ـ ھاي.
ئۆز يۇرتۇڭ ساڭا ساز، قەدىردان ئۇ يەر،
بىلىمەن، ياقمىدى كۆڭلۈڭگە بۇ جاي.

**مېفىستافېل**

ئالدىڭدىن قارىسام دۇرۇس جانانسەن،
كەينىڭدىن قارىسام ۋەھشىي ھايۋانسەن.

سفىنكس

ھه، ئەمدى ۋەھىمىگە چۈشتۈڭمۇ رەزىل!
ئۆزۈڭنى پاش قىلدىڭ، خوپ بولدى، قورقاق.
ئارسلاننىڭ ئايىغى بەقۇۋۋەت، ئەپچىل
سەنچۇ، تۇياقلىقسەن ۋە يەنە چولاق!
(يۇقىرىدىن سىرېنالارنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ)

مېفىستافېل

بۇ قانداق قۇشلاردۇر، دەريا بويىدا
قونۇشۇپ دەرەخكە خۇشال سايرىغان؟

سفىنكس

قوي، قۇلاق سالمىغىن، ئۇلارنىڭ كۈيى،
تالايلاپ باتۇرنى جاندىن ئايرىغان.

سىرېنالار

بولماڭ ئاشنا ئۇلارغا،
ئۇلار سىزگە بىۋاپا.
كېلىڭ بىزگە مەرھابا،
بۇ كېلىشكەن دىلرەبا،
كۈيلىرىمىز خۇشناۋا. •

## سفىنكسلەر

شاخ، يوپۇرماق ئىچىدە
يوشۇرۇنۇپ ياتارسىز.
ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ،
سىز ساردىنىمۇ بەتتەرسىز.
قۇلاق سالسا تىرىك جان—
ۋەيران قىلىپ تاشلارسىز.

## سىرپىنالار

بەس، يوقالسۇن ماجىرا،
دوستلۇق كۆيى — شادا سادا
قۇچسۇن يەرۇ ئاسماننى.
قورۇقلۇقتا، سۇدا ھەم
بولۇپ ھەمدەم، بىز ھەردەم
شاد ئېتەيلۇق مېھماننى.

## مېفىستافېل

بۇ قۇشلار كۆپ ئېكەن خۇش ئاۋاز،
كۈيلەشمەكتە ئاھاڭدار ۋە ساز.
ئارام ئالار بۇ كۈيدىن قۇلاق،
مۇزىكىلار يېقى ۋە يېقى.
شۇنداقتىمۇ قوشاق ئاھاڭى —
بېرىپ تەگمەس يۈرەككە بىراق،

### سفىنكسلەر

يۈرەك دىمە، ئۈيات بولىدۇ،
يۈرەك سەندە نىمە قىلىدۇ،
بوش خالتا دەپ ئىيتساڭ ياخشىراق.

### فائۇست

(يېقىنلىشىپ)

نەقەدەر ئۇلۇغۋار! نەقەدەر كۆركەم!
بۇ يەرنىڭ ئەڭ خۇنۈك مەخلۇقلىرى ھەم—
ماڭا گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى غايەت،
بۇندا تاپسام كېرەك تەلەي ۋە نۇسرەت.

(سفىنكسلەرگە قاراپ)

بۇلارنىڭ قېشىدا تۇرغاندى ئەدىب.

(سىرېنالارغا قاراپ)

ئودىسسېي ئۇلاردىن قوشاق ئىشتىپ،
ئىسكەنجە ئىلكىدە قالغاندى ئامان.

(چۈمۈلىلەرگە قاراپ)

بۇلار يىغقاندى ئالەمدە يوق كان،

(گرىفلارغا قاراپ)
بۇلار بولسا ئۇنى كۆزىتىپ ياتقان،
بۈيۈك بىر مەنزىرە ئالدىمدا پەيدا،
دىلىمدا ئۇلۇغۋار ھېسلار ئويغاتقان
ئۆتمۈش سايىلىرى، مەن سىزگە شەيدا.

**مېفىستافېل**

بۇلارغا قارىماس ئىدىڭ سەن ئاۋۋال،
ھە، بۈگۈن ئۇلارغا بولۇپسەن ھەمدەم.
كۆڭۈل پەرىسىنى ئىزدىگەن مەھەل
كۆرۈنەر يولدىكى دۈشمۇ كۆركەم.

**فائۇست**

(سفىنكسلەرگە قاراپ)
ئاياللارغا ئوخشاپ كېتەر تۇرقىڭىز،
ئېيتىڭ، ئېلېنانى كۆرگەن بولسىڭىز.

**سفىنكسلەر**

گېركۇلىس بىزلەرنى قىرغان، ئەسلىمىز
ئېلېناغا قەدەر يېتىپ كەلمەيدۇ.
خىران ئېيتار*، ئۇندىن سوراڭ ئەسلى سىز،
پەرىزاتنى ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ.

شۇ ئەتراپتا كېزىپ يۈرەر ئۇ بۇ دەم،
بېرەر سىزگە پەقەت ئاشۇلا ياردەم.

## سىرېنالار

بىزدىنمۇ پايدا يەتكەي.
ئۇلس* بىزگە بىر زامان —
كۆپ نەرسە ئېيتىپ كەتكەن.
بۇندا بولغاندا مېھمان.
يوشۇرمايمىز سەندىن ھېچ،
ھەممىسىنى بىلەرسەن.
شەرتى شۇ پەقەت، بۇ كەچ —
بىزگە مېھمان بولارسەن.

## سفىنكس

ئىشەنمىگىن، بۇ بىر تور!
قەستى قىلماق سېنى بەنت،
ئۇلس زەنجىردىن زور —
ساڭا نىجات بىزنىڭ پەند:
خىراننى تاپ، ئۇ پەقەت
بېرىدۇ ساڭا مەدەت.

(فائۇست يىراقلىشىدۇ)

## مېفىستافېل

(ناخۇشلۇق بىلەن)

قاقىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن
بۇ بىر توپلار قانداق قۇش؟
ئاتالماس ھېچبىر مەرگەن،
كۆرسە قاچار ئەقىل - ھوش.

سفىنكس

بىر توپ ستىمفالىدە*
كېلەر ئۇچۇپ، كېلەر تېز.
قانىتىنىڭ ھەرىكىتى
ئالكىد ئاتقان ئوقتىن تېز.
باش، تۇمشۇقى ساز كەبى،
ئاياغلىرى غاز سىمان.
ئۇلار بىزگە قېرىنداش،
ئۇچۇپ كېلەر بىز تامان.

مېفىستافىل

نېمىدېگەن دەھشەتلىك!

سفىنكس

قورقما، ئەمەس خەتەرلىك،
بۇ لارنېي ئەجدارلىرى*
بولسىمۇ گەرچە بەرى.
بېشىدىن بولۇپ جۇدا،
قالغان تەن بىلەن تەنھا،

ئادىتىنى قىپ ئايان
پىشلىدار ئۇلار ھامان.
بىئارامسەن نە ئۈچۈن،
نېچۈن ئۇيان قارايسەن؟
قايرىلما، ئەلدىن بۇرۇن
بوينۇڭنى سۇندۇرىسەن.
لامىيەلەرگە قارا*.
ياخشىسى شۇ ياققا بار.
ئۇلار ھەرگىز تارتىنماس،
يوق ئۇلاردا نومۇس - ئار.
ئۇلار ئۈچكە تۇياقلىق —
سەتىرلەرگە بېقىشار.
بارغىن، سەنمۇ تۇياقلىق،
بەلكىم خۇشال بېقىشار.

**مېفىستافېل**

سىزنى قانداق تاپىمەن؟

**سفىنكس**

پەقەت
خاتىرجەم بول. بار ئىزدە ئىشرەت.
دىيارىمىز مىسىر، بىزنىڭ ئىش
قىمىرلىماي مىڭ يىللار تۇرۇش.
كىمنىڭ بىزگە بولسا ھۆرمىتى
كىمگە مەنسۇپ بۇ تىنچ ھالەت

ئۈنىڭغا ئاي، كۈننىڭ ھەرىكىتى
بولغۇسىدۇر نامايان ئەلۋەت.
بىز ھەممىنى كېلىشتۈرگۈچى،
ئېھراملارغا تىككەنچە نىگاھ.
جەڭۇ جېدەل، ئاپەتۇ بالا
ھەممىسىگە بولارمىز گۇۋاھ.

## تۆۋەنكى پېنىپىدا

پېنىپى تارماق ئېقىنلار ۋە نىمفالار قورشاۋىدا.

**پېنىپى**

كۈيلە، قومۇش، خۇش ئاۋاز،
شىلدىرلىشىڭ بەكمۇ ساز!
ياپرىقىڭ سىلكىپ خۇشال،
شاخلىرىڭ ئېگىپ تۇر، تال.
سىزگە بېقىپ دەم ئالاي،
دەم ئېلىپ ئۇخلاپ قالاي.
گۈلدۈرلىگەن ئۈن كەلدى
قۇلاق سال، نېمە بولدى؟
زادى قانداق غەلۋە بۇ؟
كۆزۈمدىن قاچتى ئۇيقۇ.

### فائۇست

(ئېقىمغا يېقىن كېلىپ)
ئەجەبا، بۇ نە سادا
ئوكۇممۇ، چۇشۇممۇ يا؟
ئۇن قاتماقتا مانا سۇ،
نەق ئادەمنىڭ ئۇنى بۇ،
شامااللار شوخ كۈيلەيدۇ،
دولقۇن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

### نىمفالار

(فائۇستقا)
بۇ يەر كۆلەڭگە،
سوزۇلغىن بىردەم،
چارچىغان تەنگە
دەم بېرەر ھەردەم.
سېنىڭ ئۈچۈن بۇ،
گويا كى بەزمە.
بىزدە بار چالغۇ،
قوشاق، ئەلنەغمە.

### فائۇست

بۇ چۈش ئەمەس، بۇدۇر ھەقىقەت!
قارشىمدا ئۇ بىرنەچچە جانان.

گویا خىيال! قورقىمەن پەقەت؛
كۆزلىرىمدىن بولمىسۇن نىھان.
ئەجەب، ماڭا تونۇش مەنزىرە،
قەيەردىدۇر كۆرگىنىم ئېنىق.
بۇ يەر كۆركەم يېقىملىق شۇنچە،
تىنچ ئېقىن، ئېقىنلار تىنىق.
كۆپكۆك ئوتلاق، سالقىن دەرەخزار —
ياپراقلىرى كۈيلەر خۇش ئاۋاز.
تارماقلاردىن بۇندا بىغۇبار
كۆللەر ھاسىل، چۆمۈلمەكتە ساز.
سۇدا ئۈزەر، قىرغاقتا تۇرار
دىلرەبالار — لىباسسىز تەنلەر.
سۇ بېتىدە ئەكسى يالتىرار
جىلۋىلىنىپ كۈمۈش بەدەنلەر.
بىر - بىرىگە چېچىشىدۇ سۇ،
چاقچاق قىلىپ خۇشال ئوينىشىپ.
ھەر تەرەپتە شوخ كۈلكە، قىي - چۇۋ،
بىر - بىرىنى سۈرەر قوغلىشىپ.
قارىغانچە ئارتىدۇ ھەۋەس،
بۇندىن ھېچكىم ئۈمىد ئۈزەلمەس.
بىراق باشلار مېنى نىگاھىم
ئارامگاھ ئۇ بوتا* زار سىرى.
ئاشۇ يەردە چاقنىغان ماھىم،
گۈزەللىكنىڭ تەنھا سەرۋىرى.

ۋاھ، بۇ قانداق ئىش،
گوياكى بىر چۈش.

* بوتا — تېكىدىن شاخلاپ ئۆسىدىغان دەرەخ.

ئاققۇلار بىر توپ
كېلىشەر ئۈزۈپ.
باشىنى تىك تۇتۇپ
بويىنىنى سوزۇپ
كېلىدۇ مەغرۇر
ھەيۋەت سەپ تۈزۈپ.
ئۇلارنىڭ بىرى
گۈزەل، باتۇرى
مەردانە ئۇرۇپ
كۆكسىن دولقۇنغا،
بەردىن ئۆتۈپ،
چىقتى ئالدىغا،
ۋە كەلدى ئۇدۇل
قېتارىق ماكانغا.
قالغانلار كەتتى
تاراپ ھەريانغا.
قىزلارنى قېغلاپ
ھەر يان چېپىشتى.
قىزلار چۇرقىراپ
ھەر يان قېچىشتى.
كۆرگەن ئاققۇلار
تەھلىكىسىنى.
ئۇنتۇدى قىزلار
مەلىكىسىنى.

## نىمفالار

قۇلاق سېلىڭ زېمىنغا،
بۇ نېمىنىڭ گۈلدۈرى؟

ئارالماقتا ھەر يانغا
تۇياقلارنىڭ دۈپۈرى.
نېمە شۇنچە تېز چاپقان
نېمە ئۇنىڭ ئۇچۇرى؟

فائۇست

يەر - كۆك لەرزىدە، ھەيھات!
ئۇچۇپ كېلەر قانداق ئات؟
ھەيرانىمەن ئۆز كۆزۈمگە،
ئىشەنمەيمەن ئۆزۈمگە.
ۋەسل تاپار مۇرادىم،
كۆلەر ئارزۇ - ئارمانىم.
ئاتنى قىلدۇرۇپ پەرۋاز
كەلمەكتە بىر چەۋەنداز.
چەۋەندازنىڭ ۋۇجۇدى،
ئات بىلەن تۇتاش خۇددى.
يېرىم ئادەم، يېرىم ئات،
تونۇدۇم ئۇ سىمانى.
ئۇنىڭ ئىسمى خىراندۇر،
فىلىرانىڭ ئوغلانى.
توختا خىران، ئىشىم بار.

خىران

ھە، نېمە؟

فائۇست

ئەي شاھسۇۋار،
توختا ئەمدى بىر نەپەس.

خىران

توختىشىم مۇمكىن ئەمەس.

فائۇست

ئۇنداق بولسا مېنى ھەم
قىلغىن ئۆزۈڭگە ھەمدەم.

خىران

كەل ئۈستۈمگە مىنىۋال،
ئەمدى بېرىۋەر سوئال.
يا دەريادىن ئۆتەمسەن؟
شۇنى مەندىن كۈتەمسەن؟

فائۇست

مېڭىۋەر، مەن تەييارمەن،
دائىما مىننەتدارمەن.
سەن بۈيۈك بىر مۇئەللىم،

ئېلىشقان سەندىن تەلىم —
نەچچە يۈز قەھرىمانلار
ئارگاناۋت* پەھلىۋانلار
ئالەمشۇمۇل شائىرلار،
يېزىپ داستان - شېئىرلار
ئۇلارغا قىلغان تەزىم.

## خىران

سۆزلىمە، قوي، ئۇلارنى،
ئەسلىمە ئۇ كۈنلەرنى.
ئەنە ئاشۇ مەھەلدە
مىنتار بولغان پەللەدە* —
بولسىمۇ ئاقىل، دانا
بولمىغان ئۇستاز يانا.
ھەركىم ئۆزى بىلىدۇ،
بىلگىنىنى قىلىدۇ.

## فائۇست

سەن ھەكىمسەن بىگانە،
سەن تېۋىپسەن يېگانە.
بار گىياھ ساڭا ئايان،
بار دەردكە تاپتىڭ دەرمان.
مەشھۇر شانۇ شۆھرىتىڭ،
بۈيۈك ئەقلۇ قۇدرىتىڭ،

خىران

بىر چاغ ھەممە دەرد ئۈچۈن
تاپقانىدىم دەرمانلار.
مېنىڭ ئورنۇمنى بۈگۈن
ئالدى ئازايىمىغانلار.

فائۇست

بولىدىكەن بەك كەمتەر،
ھەقىقىي بۈيۈك ئادەم.
دانا بولۇپ ئۆتكەنلەر
ئەمەس دەيسەن مەندىن كەم.

خىران

بارچىغا خاس خۇشامەت،
بولغان ساڭمۇ ئادەت.
ياقىدۇ بۇنداق ئادەم،
شاھقا ھەم، ئاۋامغا ھەم.

فائۇست

ئۆز دەۋرىڭدە سەن ئەمما
ياشىدىڭ مەغرۇر تۇرۇپ.
بىرەلىدىڭ ھەم باھا،
ھەممىنى سىناپ كۆرۈپ،

ئېيت، مەردلىككە كىم قادىر،
كىم ھەقىقىي باھادىر؟

## خىران

ئارگانائۇتلار بەرى
مەرد ئىدى. خىسلەتلىرى
بەرىنىڭ ئۆزىگە خاس.
بىرىدە بولغىنى ئاز.
بىرىدە سىراپ ئىدى،
بەرىگە ھېساب ئىدى.
دېئاسكۇرلاردا* خىسلەت
ياشلىق كامالى ئىدى.
بارادەرلەر* شىددەت،
نىجات تىمسالى ئىدى.
يازان* ئىدى دانىشمەن.
جانانلارنى بەنت ئەتكەن.
ئارفېي لىرا* چالغاندا
ئاتەش ئۆرلەر تەن ـ جانغا.
دارغا* لىنتېي* كۆنۈ تۈن
دارغا گاھتا تۇراتتى.
كۆزىدە سىرلىق ئۈچۈن
يىراقلارنى كۆرەتتى.

---

* لىرا ــ قەدىمىي گرېك چالغۇسى.
* دارغا ــ كېمە باشقۇرغۇچى، كاپىتان.

جەڭ بولسا بارچە بىر تەن،
تاشلىناتتى شىددەتكار.
بارچە بىر - بىرى بىلەن
ھېس قىلاتتى ئىپتىخار.

فائۇست

نېمە دەيمىز گېركۇلېسكە؟

خىران

ئاھ، ئۇنى سالما ئەسكە
كۆرمىگەنمەن ئارېسنى،
مەن فېبنى ھەم گېرمېسنى.
لېكىن كۆرگەنمەن ئۇنى.
ئۇ شۆھرىتى مەڭگۈنى.
مەردانە سۇبات ئىدى،
تەڭرىگە تەڭ زات ئىدى.
ياشلىقىدىن ئوت نەپەس،
يىگىتلەر گۈلى ئىدى.
ئاكا سۆزىدىن چىقماس،
جانانلار قۇلى ئىدى*.
گېيا* قايتا كەلتۈرمەس
ئۇنداق زاتنى جاھانغا.
گېبا* ئەمدى ئۇچارماس
ئۇ خىل مەردنى ئاسمانغا.
ھەيكەللەر كۆپ دۇنيادا،

بەھىساب شېئىر، داستان.
قىلالمايدۇ ئىپادە
ھېچقايسىسى ھېچقاچان.

**فائۇست**

تەرىپىدە شائىرنىڭ
شېئىرى ئاجىز بىگۇمان.
ئەڭ زور يىگىتنى دېدىڭ،
كىم ئىدى ئەڭ زور جانان؟

**خىران**

گۆزەل بولماس، ئەگەردە
بولسا ئۇ سوغۇق شېشە.
گۆزەللىك شۇ ھەمىشە
نۇر چاقنىسا چېھرىدە.
تۇرسا يەنە قىزىللىق
جىلۋە قىلىپ ھۆسنىدە.
مىنگىنىدە ئۇستۈمگە
شۇنداق ئىدى بەركامال،
ئېلىنا ساھىبجامال.

**فائۇست**

سېنى مىنگەنمۇ؟

خىران

ھەئە،
ئولتۇرغان شۇ يەلكەمدە.

فائۇست

ۋاھ، نەقەدەر ئۇلۇغۋار
تەلەي ماڭا بولدى يار.
شۇ يەرگە مىنگەن سەنەم،
مىندىم مانا مەنمۇ ھەم.
دىلغا ئوت ياقتى بۇ گەپ،
ئۇچتى ھەريان خىيالىم.

خىران

ئۇ سەندەك مىندى سەكرەپ،
قولىغا چىقتى يالىم
سەن قىلغان بۇ نەقىلدىن
ئازسام كېرەك ئەقىلدىن.
شەۋقىمنىڭ يوق پاناھى،
ئۇ ھۆرى دىلرەبانى
يوللىغانىدىڭ قايان؟

خىران

ھازىر قىلىمەن بايان:
ئوغرىلانغانىدى قىز،

ئاكىلىرى بىلىشتى.
ئۇلار ھەرىكەت قىلىپ تېز،
قىزنى ئازاد قىلىشتى.
قاچتۇق، لېكىن ئوغرىلار
قوغلاپ كەلدى ئىزمۇ ئىز.
يولنى چەتكە بۇرىدۇق،
ئېزىقتۇرماق ئۇچۇن بىز.
لېكىن ماڭماي سەپسىلىپ،
قالدۇق يەنە دۇچ كېلىپ.
كىرىپ قالدى ئوغرىلار
شۇئان سازلىق - پاتقاققا.
پاتقاق كېچىپ ھۆمۈدەپ،
ئۆتكىچىلىك بۇ قاتقا —
مەن دەرھال سۇغا كىرىپ
ئېلىپنانى مىندۈرۈپ،
ئېلىپ چىقتىم قىرغاققا.
سەكرەپ چۈشتىيۇ دىلدار،
يالىلىرىم سىيلىدى.
بولدى مەنــدىن مىننەتــدار
ياخشىلىقلار تىلىدى.
مەن قېرىنىدىك يۈرىكى
شۇئان ئوخچۇپ ئىللىدى.

فائۇست

ئون ياشلاردا ئۇ بەلكىم،

## خىران

ياق، بۇ بىرەر «مۇنەجىم»،
ئالىم، ئەدىب تاپقان گەپ.
ئەلنى ئالداپ شۇنداق، دەپ
ئۆزىنى ئالدىغان ھەم.
شائىرلار — باشقا ئالەم.
ئۇلار ئەپسانىۋى ھۇر —
پەرىنى قىلسا بايان —
قىلسا قانداق تەسەۋۋۇر،
شۇنداق يازمىقى ئايان.
گۆدەك دىمەي ئۇ سەنەم،
ئىشقى دەپتىرىن ئاچار.
ئۇلارنى ئۇن ياشتا ھەم
يار دەپ ئىلىشىپ قاچار.
مومايلارنىڭ يولىغا
سىپ شىئىردىن پايانداز،
ماختاپ چىراي - ھۆسنىنى
دەيدۇ، ئەجەب سەرۋىناز.
ئۇلارغا ياش - ئەپسانە،
ۋاقىت تۇيغۇسى بىگانە.

## فائۇست

ھە، بىگانە ئاڭا ھەم
چۇشەنچىسى زامانىنىڭ.

نەقەدىر، ئادەم، تىرىكلىك،
ھەمدە پۇرسەت، ئىمكانىنىڭ —
قانۇنىدىن تاشقىرى
فىرىدەنىڭ ئەقلىگە
بولغان ھەمدەم ئاخىرى.
شۇنداق ئىكەن نە ئۈچۈن
ماڭا ئۇ ئىلاھى روھ —
مەڭگۈ ياش پەرىشتە روھ
بولمىغاي نېسىپ بۈگۈن؟
سەن كۆردۈڭ ئۇ دىلدارنى
شۇ قەدىمىي زاماندا.
مەن چېھرىگە كۆز تىكتىم
تېخى بۈگۈنكى تاڭدا.
ئىشق ئوتى كۆيمەكتە
لاۋۇلداپ دىلۇ جاندا.
ئەمدى ئۇنى تاپمىسام
ياشالمايمەن جاھاندا.

## خىران

ئەي مۇساپىر! سەندىكى تۇيغۇ
ئاتىلىدۇ ئەلدە ئېھتىراس.
ئەمما روھلار دۇنياسىدا بۇ
تەنتەكلىك دەپ ھېسابلىنار، راست.
ئۆز ۋاقتىدا كەلدىڭ ھېلىھەم،
مەن ئايلىنىپ بۇ كەڭ مەيداننى
ھەر يىل بىررەت كۆرىمەن بۇ دەم

ئېسكۇلاپنىڭ قىزى مانتانى*.
تېۋىپلارنىڭ ماجىراسىن كۆرۈپ،
ئۇنى تامام قىلماققا ئادا،
ئادەملەرنىڭ گۇناھىن يۇيۇپ،
ئاتىسىغا قىلار ئىلتىجا.
مەن باشلايمەن، سەن بۇ ئاخشام ئۇ
تەبىبەگە بولىسەن مېھمان.
دورىسىنى قىلىسەن قوبۇل
ۋە تاپىسەن دەردىڭگە دەرمان.

## فائۇست

كېرەك ئەمەس مېنى داۋالاش
كېرەك ئەمەس ماڭا بۇ شىپا.
دەرمان تېپىپ تەندىكى ئاتەش —
ئۆچۈشىنى كۈتمەيمەن ئەسلا.

## خىران

باش تارتما بۇ قۇتلۇق ياردەمدىن،
مانا كەلدۇق. چۈشكىن يەلكەمدىن.

## فائۇست

تۈن قوينىدا قانچە يول باستۇق،
قانچىلىگەن تاغلاردىن ئاشتۇق —
ھازىر نەگە كەلدۇق، قىل بايان؟

خىران

بۇ مەيداندا روما ۋە يۇنان
قىلىپ بۈيۈك ئۆلكە تالىشىن* —
دۈچ كېلىشكەن كۆتۈرۈپ قىلىچ.
سولدا ئالمىپ كۆتۈرگەن بېشىن،
ئۇندا پېنىي ئاقار بىتىنچ.
بۇندا قاچقان شاھ بولۇپ مەغلۇپ
قايتقان خەلق قۇچۇپ شان - زەپەر.
گۇۋاھ ئىھرام تۇرۇپتۇ مەغرۇر،
ئاي نۇرىدا بالقىپ مۇنەۋۋەر.

ماننا

(ئىھرام ئىچىدە، ئۇيقۇ ئارىلاش)
ۋاھ، تۇياقلار ساداسى يەنە،
تىترىمەكتە قۇتلۇق ئاستانە.
مەن تەرەپكە زىيارەت ئۈچۈن
قەدىناسلار كەلمەكتە بۈگۈن.

خىران

بۇ سۆزلىرىڭ دۇرۇس، ھەقىقەت،
ئاچقىن چوڭراق كۆزۈڭنى پەقەت.

ماتا

(ئويغىنىپ)
خۇش كېلىپسەن. دېمەك، سەن ئامان.

خىران

تۇرۇپتىمۇ ئېھرامىڭ ھامان؟

ماتا

سەن تىنىمسىز يۇردۇڭمۇ چېپىپ؟

خىران

ساڭا تىنچ، ئاراملىق نېسىپ،
دائىم چاپماق — مەن ئۈچۈن قىسمەت.

ماتا

مەن تۇرغۇنمەن — ئۇچقۇردۇر پۇرسەت.
بۇ كىم؟

خىران

بۇ زات سېھىرلىك تۈندە
شەيدا بولدى ۋە كەلدى بۈندا.

ئېلىنادا ئۇنىڭ يۈرىكى،
ئېرىشمەكلىك ئاڭا تىلىكى.
يول تاپالماي شورلۇق ئاۋارە،
مەلھەمگە موھتاج بىچارە.

### ماتتا

كىم ئىنتىلەر غەيرىي ئىمكانىغا،
بار ھەمىشە مېھرىم ئۇ جانىغا.
(خىران قايتىدۇ).
كەل، ئەي باتۇر! سەن دىۋانىنى
سۆيۈپ قالدىم. ئالىمپىنىڭ چوڭقۇر
غارلىرىغا چۈشكۈسسەن، يۈر،
كۆرگۈسسەن پېرسېغا نەنى*.
تەقسىلىنىپ ئاشۇ قاراڭغۇ
غار ئىچىدە ياتار ھامان ئۇ.
خىلاپلىق قىپ بىر رەت قانۇنغا،
ئېلىپ كىردىم ئارفېينى ئاڭا*.
سەن ئارفېيغا ئوخشىما بىراق*،
ئىشنى پۈتتۈر تېزرەك، ئەپچىلرەك.

## پېنېيېنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئاۋۇالقىغا ئوخشاش

### سىرېنالار

چۆمۈلىمىز پېنېيدا،
دولقۇنلىتىپ بىز سۇنى،

قوشاق بىلەن ئالىمىز
ئادەملەردىن قايغۇنى.
سۇسىز بارمۇ پاراغەت؟!
يولداش بولۇپ پېنىپىگە
بىز بارىمىز ئېگىپىگە*.
ئۇندا كۆلگەي سائادەت.
(زىلزىلە)
ۋاھ، دەريا بۇژغۇن چاچار،
ئارقىغا قاراپ قاچار.
قىرغاقلاردىن ئاشىدۇ،
دالىلارغا تاشىدۇ.
گۈلدۈرلەپ سادا كېلەر،
دەھشەتتە يېرىلدى يەر.
نەدىندۇ چىقار تۈتۈن،
ئەتراپىنى چۇلغاپ پۈتۈن.
قېچىڭ چاپسان جان ساقلاپ،
بۇ ئاپەت قىلار خاراب.
مېھمانلار سىزمۇ يۈرۈڭ،
كەينىمىزدىن يۈگۈرۈڭ.
بارايلۇق دېڭىز تامان،
ئۇندا كۆپكۆكتۇر ئاسمان.
دولقۇنلار ئوينار ياۋاش،
قىرغاقلارغا قويۇپ باش.
ئۇندا ئىككى ئاي بولار
بىرى كۆكتىن نۇر چاچار.
بىرى سۇدىن قارايدۇ،
بېقىپ كۆڭۈل ياپرايدۇ.

ئۇندا شەۋق ۋە لەززەت،
بۇندا زىلزىلە، دەھشەت.
بۇ يەردە تۇرماق بىكار،
دەرھال قاچار ئەقلى بار.

## سېيىماس*

(چوڭقۇرلۇقتىن يامىشىپ، جاھىللىق بىلەن)
يەنە بىر رەت مىدىراي،
يېشىلگەي چىگىشلىرىم.
يەرنىڭ ئۈستىگە چىقاي،
بولغۇسى دۇنيا تەسلىم.

## سفىنكسلەر

ئۇف! تىنىم يوق بىر نەپەس،
يەر چايقىلار، توختىماس.
گاھ ئۇيان، گاھ بۇيانغا
تەۋرىشى تەگدى جانغا.
لېكىن نىمە بولسا ھەم
چىدارمىز ئۆزگە ئىش يوق.
قوزغالسىمۇ جەھەننەم،
بىز ئۈچۈن قوزغىلىش يوق.
بىر قۇببا يەردىن، ئەجەب،
كۆتۈرىلەر يۇقىرى.
بۇ ــ دېلاس، ناملىق ئارال
مېئمارى، ئىجادكارى.*

سۇ ئۈستىگە بۇ ئارال
كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا،
ئانا بولغۇچى ئايال
جان ساقلاپ شۇ ماكاندا،
بوشانغۇچە بىمالال
تۇرماقچى ئامان بۇندا.
ئانا ئۇ، بۈيۈك قۇدرەت،
پەھلىۋانۇ باھادىر —
ئاتلانتتەك يەرنى قات - قات
كۆچۈرمەككە ئۇ قادىر.
دەريانىڭ قۇملىرىنى
لاتقا ھەم مۇخلىرىنى
يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ
قىرغاقلارنى كۆمتۈرۈپ
تىلسىپ يەرنىڭ باغرىنى
كۆتۈردى ئۇ قەددىنى.
نەقەدەر چوڭ بۇ قامەت،
تولغان ئاڭا زور قۇدرەت.
چىقتى يەرنىڭ ئۈستىگە
بېشى بىلەن يەلكىسى.
ئەمدى ئارتۇق چىقالماس
بۇ سفىنكس ئۆلكىسى!
بىز بېرىمىز قولغا قول،
ئاپەتكە يوق ئەسلا يول.

### سىپىسماس

ئەي، سفىنكس ماڭا سەن تەن بەر،
يەرگە خىزمەت قىلىمەن تامام.

شۇنچە گۈزەل بولارمىدى يەر،
ئەگەردە مەن تىرەپ تۇرمىسام.
تاغلار تۇرار مەغرۇر قەد تۈزەپ،
بولارمىدى تاغلار ئالەمدە —
مەن ئۇلارنى زېمىن ئاستىدىن
كۆتۈرمىگەن بولسام يەلكەمدە؟
بىر زامانلار تېخى ياش ئىدىم،
تىنچىماستى كۆڭلۈمدە غەليان.
ئاشۇ شوخلۇق ۋە بەۋاشلىقىم
گۇۋاھىدۇر زۇلمەت ۋە سۈرەن.
تىنچ قويمىغان غەيرىتىم مېنى —
نەچچە قىيا تاشنى غۇلاتتىم.
مەن پېلىئان بىلەن ئاسسەنى*
دەس كۆتۈرۈپ كۆككىمۇ ئاتتىم.
ياشلىق غۇرۇر — يىگىتلىك، شوخلۇق
زوقى بىلەن قىلدىغۇ ئەرمەك —
بىز پەرنەسىنىڭ بېشىغا قويدۇق
ئىككى چوققا — گويا قوش تەلپەك*.
ئۇ شېئىرىيەت ماكانى بولۇپ
ياشناپ ياتار ئەمدى ھەر ۋاقىت.
مەن زېئۇسچۇن مۇبارەك قىلىپ
ئالىمپ ئۈززە ئورناتتىم تەخت.
يەر ئاستىدىن چىقتىمۇ بۈگۈن
يايراق، ئويناق، دەپ خۇشال ھەر چاغ —
يېڭى ئەۋلاد، يېڭى ئەل ئۈچۈن
ئىشلەپ قويدۇم بۇندا يېڭى تاغ.

## سفىنكسلەر

پەيدا بولغان بۇ تۆپىلىكنى
قەدىمكى دەر ئىدۇق ئۆزىمىز، —
يەر ئاستىدىن چىققانلىقىنى
گەر كۆرمىگەن بولسا كۆزىمىز.
بۇ تۆپىلىك چىققىنى ھامان
پەيدا بولدى ياپپېشىل ئورمان.
گەر بولسىمۇ قىيامەت ـ قايىم،
سفىنكسلەر ئۆزگەرتمەس جايىن

## گرىفلار

قاتىلارغا قاراڭ، نېمە بار؟
ئالتۇنلار بار، نەيزە سىلىڭلار!
چۇمۇلىلەر، بولۇڭلار ھوشيار،
ئۇنى تېزرەك قېزىپ ئېلىڭلار.

## چۇمۇلىلەر قوشىقى

كۆبچۈپ چىقىپ يەر،
تاغ بولدى مانا.
بىز ئەپچىل، چەبدەس،
تېتىك بىز يانا.
ئەي باھادىرلار،
كىرىشىك چاقان.

هەر قەدەمدە زەر،
هەر تەرەپتە كان.
كىرىپ بارىمىز،
تار تۈشۈكلەردىن.
تېرىپ ئالىمىز،
بىھېساب زەردىن.
تاغنىڭ بىز ئۈچۈن
باغرى ئېچىلار.
ئىشلەك كۈنۈ تۈن
تالماس كانچىلار.
مېتىن ۋە گۈرجەك،
بىزگە چىش، ئاياغ.
بىزگە زەر كېرەك،
كېرەك ئەمەس تاغ.

## گرىفلار

سۇنۇك بىزگە سىز زەرنى،
ئولجا بولسۇن بىر قىسمى.
ياخشى ساقلار ئۇلارنى،
گىرىفلارنىڭ سىقىمى.

## پىسمىيلار*

بىزمۇ بۇندا پەيدا بولدۇق،
هېچ تەسەۋۋۇر قىلمايمىز.
نەدىن كەلدۇق، قانداق كەلدۇق،

ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز.
بۇ زامانىنىڭ ھەر پارچىسى،
تىرىكلىككە جاي ـ ماكان.
ئېچىلغاندا يەر ئىشىكى
يارالغان بىز كىچىك جان
بىز كىچىك جان ۋە كىچىك خان
شاد ياشايمىز راھەتتە.
بۇنداق تۇرمۇش، دەۋرى ـ دەۋران
بولار پەقەت جەننەتتە.
كىچىك جانلار بۇ شاد ـ خۇرام
تۇرمۇشىغا شۈكرى دەر.
مەيلى مەغرىب، مەيلى مەشرىق
ئۈچۈن ئوخشاش ئانا يەر.

## داكتىللار

بۇنداق كىچىك پىگمېيلەرنى
تۇغۇپ بەرگەن بۇ ئالەم.
كىچىكلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى
بىزلەرنىمۇ تۇغار ھەم.

## چوڭ پىگمېيلەر

چوڭ جانغا بۈگۈن
ھازىرلىنىڭ، ھاي!
ھىمايە ئۈچۈن
تەييار قىلىڭ جاي.

بىزگە غەنىيمەت،
تىنچلىق ھامان.
كۆرسىتىڭ غەيرەت
پىدا قىلىڭ جان.
ئەسلىھە قىلىش
كېرەكتۇر چاققان.
ياساڭلار قىلىچ،
ساۋۇت ھەم قالقان.

چۇمۇلە ئەھلى
تاغ تەش، تاغ گۇمۇر.
بىزلەرگە تېخى
كۆپ كېرەك كۆمۈر.
داكتىللار پۈتۈن —
ھەر يان يۈگۈرۈڭ.
بىزلەرگە ئوتۇن
توشۇپ كەلتۈرۈڭ.
كۆيدۈرۈپ ئوتۇن
تەييارلاڭ كۆمۈر.
ئەسلىھە ئۈچۈن
ئېرىتىڭ تۆمۈر.

## گېنېرالىسسىمۇس

ئېلىڭلار قولغا
ئوق بىلەن كامان.
چىقىڭلار يولغا
دەرھال كۆل تامان.

قىلىڭلار ھەمدە
شۇ كۆلنى نىشان.
ياتار ئۇ يەردە
سانسىز قاقىرلار
بىزنى مەسخىرە
قىلماقتا ئۇلار.
ئۇلارنى تامام
يەربات قىلىڭلار.
باشلارغا ئۆكە
تاقاپ چىقىڭلار.

## چۈمۈلىلەر ۋە داكتىللار

قانداق قىلغۇلۇق؟
يوق بىزگە نىجات.
تۆگەرمىز ئۆلۈپ،
بولارمىز بەربات.
بولماقچى ئەمدى
بىز قازغان تۆمۈر،
پۇت - قولىمىزنى
بوغقۇچى زەنجىر.
چىقماققا بۆسۈپ،
يوق تېخى پۇرسەت.
چىدايمىز پەقەت،
چېكىمىز زەخمەت.

## ئۆدەك* تۇرنىلىرى

ئاڭلانماقتا قۇلاقتا
قاتىللارنىڭ ئاۋازى.
كۆرۈندى ھەم ئۈركۈگەن
بىر توپ قۇشنىڭ پەرۋازى.
قاقىرىلار قىرىلدى،
قىرغاق قىزىل قان بولدى.
مۇردىلىرى ئۇلارنىڭ
ھەر تەرەپكە لىق تولدى.
ھەيۋەت تاجى، پەيلىرى
ۋۇجۇدىدىن ئايرىلدى.
مايماق ئاياغ پىگمېيلەر
ئۇنى باشقا قادىدى.
تۇرنىلار ئاگاھ بولۇڭ،
ئايرىلماس ھەمراھ بولۇڭ.
دېڭىزلار ئارا ئۇچۇپ،
سېپىڭىزنى تولدۇرۇڭ.
تەييار تۇرۇڭ ھەر زامان
پىدا قىلماق ئۈچۈن جان.
ئۆچ ئالماقتا دۈشمەندىن
بىزمۇ تەييار ھەر قاچان.
(چۇرۇقلىشىپ تارقىلىدۇ)

## مېفىستافېل

ماڭا مايىل شىمال ئالۋاستىلىرى،
ئۇلار چىقماس قىلچە سۆزۈمدىن.

بۇندا بارچە روھلار بىگانە،
نارازىمەن ھەتتا ئۆزۈمدىن.
بلاكسبېرگ ماڭا خۇش ماكان،
ئۇندا بارچە ماڭا قەدىردان.
ئىلزېنشتېيننى قوغدايدۇ ئىلزا،
گېنرىخ باقار يۈكسەكتىن ھامان.
خورەك ئۇنى قىشلاق ـ ئېلېندنى،
كېلەر قۇچۇپ مىڭ يىلدىن بۇيان.
تىنچ نەپەس ئالماق يات بۇندا،
زېمىن تەۋرەپ سىلكىنەر ھەر چاغ.
بىردەمدىلا كۆبجۈپ تەكشىلىك
ھاسىل بولۇپ قالدى مانا تاغ.
بۇ تاغ گەرچە بولسىمۇ دۆڭلۈك،
سفىنكسلەر ئۈچۈن زور توساق.
گۈلخان ئارا بىر پەس ئايلىناي،
ئۈلپەت ئۈچۈن قالسا، ئولتۇراي.
ئەتراپىمدا ئەنە بىر توپ قىز
ماڭا قاراپ كۈلەر تىنىمسىز.
بېرىپ باقاي ئۇلار يېنىغا
لەززەت ياقماس كىمنىڭ جېنىغا.

## لامىيەلەر

(مېفىستافېلنى ئەگەشتۈرۈپ)
ھەي تېزرەك، تېزرەك
قاناتلار قېقىڭ.
گاھى ئۇزاقلاپ،

گاھ يېقىن كېلىڭ.
كەلسۇن ئەگىشىپ
بىز باسقان ئىزدىن.
يۈرسۈن سۆرىلىپ،
كۆز ئۈزمەي بىزدىن.
ئۇ كونا سۇيۇق
بولسۇن سازايى.
خىيالى بۇزۇق،
شۇدۇر جازايى.
كېلەر پۇتلىشىپ
ئېگىز - پەسلىكتە.
تۇياقلىرىنى
سۈرۈپ تەسلىكتە.

**مېفىستافىل**

(توختاپ)

ئادەمئاتا دەۋرىدىن بۇيان
ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى نادان.
ياشلىقتىغۇ ئەقلى بولار كەم،
ئەسكە كىرمەس قېرىغاندا ھەم.
ئاخىر ئايان — كونا ھەقىقەت:
ئايالدىكى كىيىمۇ زىننەت،
ئىنچىكە بەل تومپايغان كۆكرەك...
بەرى ساختا، نېمىگە كېرەك؟ —
بۇنى بەكمۇ ياخشى بىلىمىز،
بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىمىز.
قىلسا جىلۋە شۇنچىكىم شۇنداق،
ئىنتىلىدۇ ئۇسسۇلغا ئاياغ.

لامېيەلەر

(توختاپ)
توختاپ قالدى تەنتەك، ئەنە، باق،
كېتىپ قالار يېقىن بارمىساق.

مېفىستافېل

(يەنە ئىلگىرىلەپ)
ئالغا پەقەت! توختىما ئەسلا!
ھاجەتسىزدۇر شۈبھە ـ گۇمان.
ئاياللارسىز بولمايدۇ دۇنيا،
مەسخىرىسىز ياشالماس شەيتان!

لامېيەلەر

(يېقىملىق كۈلۈپ)
يېقىن بېرىڭ يېنىغا،
يالقۇن چېچىلىڭ جېنىغا.
يېقىپ قالساق نە ئەجەب،
بىرەرىمىز دىلىغا.

مېفىستافېل

تۇم قاراڭغۇ بۇ جايدا
سىلەر ئەجەب چىرايدا.

كەلتۈرمەيمىز شەك بىراق،
شۈبھىلەردىن بىز يىراق.

## ئېمپۇزە*

(كىرىپ)
مېنى قوبۇل قىلىڭلار
ئاراڭلارغا ئېلىڭلار.

## لامپىلەر

بېرەلمەيمىز ساڭا جاي،
سەن كۆرۈمسىز، بەت چىراي.

## ئېمپۇزە

(مېفىستافېلغا)
ئېمپۇزە — مەن ھاماك، باق.
مەندە ئېشەك ئايىغى —
سەندە ئاتنىڭ تۇيىقى،
ماڭا جىيەن سەن بىراق.

## مېفىستافېل

كەزسەم قايسى ئۆلكىدە،
قايسى جايغا قويسام باش.
گارس، ھىراكېن، ئەللەدە...
كۆپتۇر ماڭا قېرىنداش.

ئېمپۇزە

ئۆزگەرتىشتە شەكلىنى
ھەممىسى يەتمەس ماڭا.
بۇگۇن ئىشەك تۇسىدە
كۆرۈندۇم مانا ساڭا.

مېفىستافېل

بۇ يەردە ئورۇق - ئايماق
قەدىرلىك ئىكەن، بىراق.
نارازىمەن ئىشەككە
تۇغقان بولۇپ ئۆتمەككە.

لامىيەلەر

بولدى، توختات سۆھبەتنى،
تاشلا بۇ سەت تىلەتنى.
گۇزەللىك ھەم لاتاپەت
قاچار ئۇندىن داۋامەت.

مېفىستافېل

قىلىقىڭلار سىلەرنىڭ
سالار مېنى گۇمانغا.
قىزىلىڭلار يۈزدىكى
كىم بىلسۇن، بەلكىم ساختا؟!

### لامىيەلەر

بىز كۆپ، مانا، قارىغىن،
خالىغاننى تاللىغىن.
بولما ھەرگىز دىلىغۇل،
قاراپ تۇرما، دادىل بول.
بەرنا ئەمەس سەن ئۆزۈڭ،
لېكىن مەغرۇر گەپ - سۆزۈڭ،
قىلما ھەرگىز تەمەننا،
ئالدىڭغا كەلدۇق مانا.
نە كۆڭلەك، نە رومالدا،
ئادەمدىن تۇغما ھالدا.
كېلىپ يېقىن بىمالال،
خالىغاننى تاللاپ ئال.

### مېفىستافېل

قېنى جانان، قۇچاق ئاچ...
(قۇچاقلايدۇ)
ئاھ، دەھشەت! قۇرۇق ياغاچ!
(باشقىسىنى قۇچاقلايدۇ)
قانداق ئىكەن مانا بۇ؟

### لامىيەلەر

قىلما ئۆزگىچە ئارزۇ.

## مېفىستافېل

سېنى تۇتتۇم، ئاق بىلەك!
ۋاھ، خۇددى كالتە كېسەك*!
يىلاندەك يىرقالدى بۇ،
باشقىلىرى قانداقتۇ؟
بىرى كەلگەن، سەن ئوماق.
(تۇتىدۇ)
مىسالى تۆمۈر تاياق.
ئەمدى سىنايچۇ، قېنى،
ماۋۇ سېمىز خېنىمنى.
بولسا بۇنداق سەنەمەر،
ئاۋات بولار ھەرەملەر.
تۇتماق ئۇچۇن مەن ئۇنى،
سۇنغانىدىم قولۇمنى،
يوق ۋۇجۇدى، مەن ھەيران،
سەراپ ئىكەن ئۇ جانان.

## لامىيەلەر

شەپەرەڭگە ئايلىنىپ
كۆككە پەرۋاز قىلايلى.

---

*كالتە كېسەك — ئۇزۇن قۇيرۇق، تەڭگىسمان قاسىراقلىق ئۆمىلىگۈچى جانىۋار.

مانا بۇ ئالۋاستىنى
ھەر تەرەپتىن قورشايلى.
ئاگا بىزدىن تىنچ - ئامان
قۇتۇلۇش يوق ھېچقاچان.

**مېفىستافېل**

(ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ)
ھەيھات، كېزىپ شۇنچىلىك جاھان
تولماپتىمەن ئەقلىمگە ھامان.
ھەممىلا يەر كېتەر ئوخشىشىپ،
مەيلى شىمال ۋە ياكى جەنۇب.
بۇ يەرنىڭمۇ ئىشلىرى غەيرىي،
بۇ يەرنىڭمۇ كەسپى، ئالدىماق.
يالغانچىدۇر شائىرلار بەرى،
ئادەملىرى ھەممىسى ئەخمەق.
بۇ يەردىمۇ ھەممىدە نىقاب،
ئويغىتىدۇ دىلدا ھېسلارنى.
ئالىيجاناب، گۈزەل ھېسابلاپ
قۇچاقلىماق بولدۇم قىزلارنى.
شۈركۈنۈپ تەن، تىك بولدى چېچىم،
تۇتقان چاغدا ئۇلارنى بىراق.
مەۋجۇتلۇققا ئەمەسمەن قارشى
پەقەت داۋام قىلسۇن ئۇزاقراق.
(تاشلار ئارىسىدا ئادىشىپ)
ۋاھ، ئەجەبا؟ قىپ مېنى ھەيران
بولدى پەيدا ئالدىمدا داۋان.

مەن يۈرگەن ئۇ ئەگىم يوقالدى،
ئۆيۈل - ئۆيۈل تاش بولۇپ قالدى.
قانداق قىلاي؟ كەپتىمەن بىكار،
ئەمدى ئارتقا يانماقىم دىشۋار.
ئاداشتىم، يوق بولدى ئىزلىرىم،
تېپىلمىدى سفىنكسلىرىم.
ئوكۈممىدۈر بۇلار ھەممىسى؟
پەيدا بولغان بىر تاغ تىزمىسى؟
يالماۋۇزلار ئۇشبۇ ئۆلكىدە
بىلىپ يىغىن قىلار چېغىنى،
ئىلىپ كېلەر، قاراڭ، يەلكىدە
بلاكسبېرگ تىزما تېغىنى.

## ئارېئادە*

(تەبىئىي تاغ چوققىسىدا)
بۇياققا كەل، بۇ ياققا،
چىق قەدىمىي بۇ تاغقا.
ئۇ پىندەنىڭ داۋامى —
مەغلۇپ پومپېي بىر زامان.
قېچىپ ئۆتكەندىن بۇيان،
بۇ يېگى تاغلار - خىيال،
ئۇزاق ئەتمەيدۇ داۋام.
خوراز قىچقارسا، تامام —
بەرى تاپىدۇ زاۋال.

## مېفىستافېل

قەدىمىي تاغ، ساڭا شان!
قۇچىقىڭ قويۇق ئورمان.

قويۇق ئۇرمان تۇم قارا،
چۈشمەس ساڭا ئايدىن نۇر.
ئەمما ئۇ ئۇرمان ئارا
شولا كۆردۈم نېمىدۇر؟
ھە، تونۇدۇم، ھامۇنكۇل!
ئېيتقىن ماڭا، قېنى بول،
قاياقتىن بولدۇڭ پەيدا؟

## ھامۇنكۇل

ھامان ئۇچماقتىمەن بۇ كەڭلىك ئارا،
تۇغۇلماق ئىستەيمەن قايتا دۇنياغا،
تىلىكىم چىقماقتۇر ئۇچۇق ھاۋاغا.
شىشەدىنى سۇندۇراي دەيمەنۇ بىراق،
سەيبىلىپ ئەتراپقا دەيمەن «بۇرۇنراق».
كۆردۈمكى، سۆزلىشەر ئىككى دانىشمەن،
تەبىئەت ھەققىدە قىزىشىپ بەلەن.
ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىسام، دەيمەن،
تەبىئەت مەنىسىن بىر ئۇقسام، دەيمەن.
ئالەمنىڭ سىرلىرى ئۇلارغا ئايان،
ئاڭلىسام ھە، بىلسەم بولماس ھېچ يامان.
ئالەمگە ھەقىقىي يارالماق ئۈچۈن،
نە قىلماقلىقىن ھەم ئاڭلايتتىم بۈگۈن.

## مېفىستافىل

بۇ ئىشتا ئۆزۈڭگە ئىشەنگىن ھامان،
پەيلاسوپ بار، نەدە بار بولسا سەراپ.

سەراپقا تاپار ئۇ شەرھىي ۋە جاۋاب،
ئۇنى يانجىپ، بۇنى قىلارۇ خاراب،
يېگى بىر سەراپنى قىلايلى ناماييان.
يېگىلىمەي ھېچكىمگە كىرمەيدۇ ئەقىل.
دۇنياغا قايتىدىن كەلمەك ئىستىسەڭ،
ئۆزۈڭلا ئىنتىلگىن، ئۆزۈڭ قىلغىن جەڭ.
سەن ئۈچۈن ھېچ كىشى ياردەم بەرمەس، بىل.

### ھاموْنكوْل

بار بىراق باھاسىز ياخشى مەسلىھەت!

### مېفىستافىل

خۇش، قېنى. كېيىنرەك قىلارمىز سۆھبەت
(تارقىلىدۇ)

### ئەنەكسەگار

(فالېسقا)
قەيسەر بولما، خاتانى تەرك قىل،
كەلتۈرەيمۇ يا يەنە دەلىل؟

### فالېس

دولقۇن ساڭا شامالغا قۇلاق،
تاشقا تەگسە — قايتىدۇ بىراق.

ئەنەكسەگار

ئوت، ۋولقاندىن تاغ بولدى بىنا.

فالىس

بولار سۇدىن ھاياتلىق پەيدا.

ھامۇنكۇل

(ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ)
ئەيىب ئەتمەڭ سۆزگە قوشۇلسام،
پەيدا بولماق ئىستىكىم ھامان.

ئەنەكسەگار

بىر كېچىدە مۇمكىنمۇ، قانداق،
لاي ئورنىدا تاغ ھاسىل قىلماق؟

فالىس

ئۆزگىرىشتە دائىم تەبىئەت،
دېمە كۈن - تۈن ئۆزگىرەر پەقەت.
بۈيۈك ئىشتا تەدرىجىلىك بار،
ئۆشتۈمتۈتلۇق، بىردەملىك - بىكار.

ئەنەكسەگار

بىراق بىردىن پەيدا بولدى تاغ،
پىلۇتون ئوتنى تۇتاشتۇرغان چاغ.
ئېتال ئوتنى پۈۋلىدى، شۇئان
پارتلىدى يەر — بىردەملىك بۇئان.

فالېس

بۇندا تاغ بار، ياخشى بىلىمىز،
تالاش قىلىپ نېمە قىلىمىز؟
پايدىسىزدۇر ئارتۇق تالاشماق،
قىلمايلى ئەل تاقىتىنى تاق.

ئەنەكسەگار

بۇندا ياشار سانسىز مىرمىدان*،
چۈمۈلەيۈ پىگمېي ۋە داكتىل.
كىچىك ئەمما مېھنەتكەش، ئاقىل،
تاش ئاستىنى قىلىشقان ماكان.

فالېس

(ھامۇنكۇلغا)

كىرىشمىگەچ بۈيۈك ئىشقا سەن
بولدى ساڭا تار شېشە زامان.

خالار بولساڭ شۇ تاپتا سېنى
بۇ ئۆلكىگە قىلىمەن خاقان.

## هامۇنكۇل

فالپس نېمە دەر؟

## فالپس

كۆنمىگىن ھەرگىز.
بەلكى كىچىك نەرسىلەر ئارا
كىچىكلىشىپ كېتىدۇ ئادەم.
ئۇلۇغلارغا كىم بولسا ھەمدەم
كاتتا ئىشلار قىلار دائىما.
ئۇلۇغ بۇلار شۇندا ئۆزى ھەم.
قارا، كۆكتە توپ - توپ بۇلۇتلار،
ياق، توپ بولۇپ ئۇچار تۇرنىلار.
تۇمشۇقلىرى نەيزىدۇر ھەيۋەت.
پىگىمېيلەرگە سالىدۇ دەھشەت.
سەن ئۇلارغا بولساڭ گەر خاقان،
بەلكى قالماس خاقان ھەم ئامان.
ئەنە ئېچىپ پەنجىرىلىرىنى
توپ - توپ تۇرنا پەسلەر جەڭ ئۈچۈن،
قىرىپ كىچىك ئەلنىڭ بەرىنى
يوق قىلماقچى بولۇشتى پۈتۈن.
پاتقاق ئەھلى قاقىرىلارنى

قىلغانىدى پىگمېيلەر تامام
ئەمدى قىساس كۈتەر ئۇلارنى،
قېرىنداشلار ئالار ئىنتىقام.
ئەمدى ئۇلار تاپالماس ئامان،
ياردەم بەرمەس نە ساۋۇت، قالقان.
قاتىل پىگمېي ئەھلى ئۆزىنى،
ھەر بۇرجەكتە دالدىغا ئالدى.
پاراكەندە بولۇپ قوشۇنى
ھەر تەرەپكە قاراپ تارقالدى.

## ئەنەكسەگار

(بىرئاز سۆكۈتتىن كېيىن تەنتەنىلىك ئاھاڭدا)
مەن يەر ئاستى تەڭرىلىرىگە
سېغىناتتىم شۇكۈنگە قەدەر.
سېغىنمايمەن ئەمدى بەرىگە
كۆكتە ماكان تۇتقان تەڭرىلەر —
ئەي دىئانە، ئاي بىلەن گېكات*،
سېغىنارمەن سىلەرگە پەقەت،
ئەي مەڭگۈ كۆركەم
ئۈچ ئۇلۇغ ئىگەم،
ئەي ساھىب كېرەم،
قىلغىن كىچىك ئېلىمگە شەپقەت.
ئەي مېھرى دۇنيا،
ئەي مېھرى دەريا،
سېنىڭ ئالدىڭدا،
يوق ھېچ سىر ئەسلا،

قۇدرىتىڭنى كۆرسىتىپ بۈگۈن،
يوقات ئىلىم ياۋلىرىن پۈتۈن.
(سۈكۈت)،
ۋادەرىخا، ئەجەب تېز يەتتى
تەگرىگە نالەم،
ئەسلى ئادەتلىرىن ئەجەب تەرك ئەتتى،
مۇقەددەس ئالەم؟!
ئەنە كۆكتىن ئۇچۇپ كەلمەكتە
مەبۇدەنىڭ ئوتلۇق تەختى - ئاي.
چوڭلىغانچە چۈشۈپ كەلمەكتە
ئۆز بېشىمغا بالادۇر نالەم، مەن قانداق قىلاي!
نەقەدەر دەھشەت!
كەلمەكتە ئۇ يېقىنلىشىپ —
قىزىل — قانلىق شولا چېچىپ...
ئاھ، شەپقەت، شەپقەت!
توختا، ئالامان!
توختا، يوق بولمىسۇن قۇرۇقلۇق، ئوكيان.
ئۇ ئەپسانە دېمەك ھەقىقەت:
فېسالىيە جادۇگەرلىرى
سېھىر كۈچى بىلەن دەم ھۇرۇپ —
تۈن كۆكىنىڭ نۇرلۇق سەرۋىرى
ئۆز ئەرشىدىن ئاينى چۈشۈرۈپ
يۆنەلدۈرگەن دېمەك يەر سىرى.
يېقىنلىشار، ئەنە، قارىيار،
كۆزلىرىمگە ئاسمان تارىيار.
چاقماق چاقار، گۈلدۈرلەر ئاسمان،
زىلزىلىگە كېلەر يەر - جاھان.

ئەي مەبۇدە، ئاڭلىدىم ئۇنىڭ،
چۈشمەكتە سەن يۈكسەك ئەرشىڭدىن.
جان ئالغۇچى — ئۇتلۇق نەپەسىڭ،
تىز چۆكەرمەن ئالدىڭدا سېنىڭ.
كەچۈر، سېنى ئۆزۈم چاقىردىم،
تېز كەلگىن دەپ ئۆزۈم زارلىدىم.

(يىقىلىدۇ)

## فالېس

نېمە كۆردى، ئەجەب، بۇ ئادەم؟
مەن ھېچ نەرسە سەزمىدىم لېكىن.
دەھشەتلەرگە تولغان تۈن، بۇ دەم
ھەر نەرسە يۈز بەرمىكى مۇمكىن.
ۋە لېكىن ئاي تىپتىنچ ئۈزەر،
نۇرلۇق شولا ھەريانىنى كېزەر.

## ھامۇنكۇل

پىگمېيلەرنىڭ ماكانىغا باق،
ھېلىلا دۆڭدەك ياتقان ئاشۇ تاغ —
چوققا بولۇپ ئۆسمەكتە ئەجەب،
كەتتى مانا ئەتراپ گۈلدۈرلەپ،
يوغان بىر تاش ئاجراپ شۇ ئايدىن
چۈشتى غۇلاپ شۇ تاغقا بىردىن.
پىگمېيلەرنى يانجىپ تاشلىدى،
كىم بىگۇناھ ۋە كىم گۇناھكار،

كىم ئەيىبسىز، قىلماي ئېتىبار،
ھەممىسىنى مىجىپ تاشلىدى.
لېكىن كۆكتىن ۋە ياكى پەستىن،
ياكى قەستەن، ياكى ئەتەيىن —
بىر كېچىدە تاغ قىلغان ھاسىل
ياراتقۇچى كۆچكە مەن قايىل.

## فالېس

ئۇيىلىما بۇ تاغدۇر، قىيادۇر،
بەرى يالغان، شەكىل، سايىدۇر.
بولىۋەرسۇن ئۇ مەخلۇق بەربات،
شاھ ئەمەسسەن ئۇلارغا، سۆيۈن.
يۈر، دېڭىزلار بەزمىدە بۈگۈن
كۆڭۈللەرنى قىلايلى ئاۋات.
ئۇندا بىزنى كۈتۈشمەكتە شاد.
(كېتىشىدۇ)

## مېفىستافېل

(ئېرىقى تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ)
جانغا تەگدى ھە دەپ تىرماشماق،
چاتقاللاردا مۈدرەپ، پۇتلاشماق.
ياخشى كۆرەر ئىدىم گارسىنى،
قارىغايلار سوي سوزغان ئۇندا.
خۇش پۇراقلار تارقىلار ئۇندا،
ئۇنداق ھاۋا يوق قىلچە بۇندا.

قارىغايىنى ھىدلار دىمىقىم
خىيالىمدا گۇناھكار جانلار.
ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئوچىقىن
نېمە بىلەن ياقار يۇنانلار؟

### درىئادە*

ماكانىڭدا بەلكى سەن دانا،
پىكرىڭ ئاجىز بۇ يەردە ئەمما.
مەيلى، سەن ئۆز يۇرتۇڭنى سېغىن،
لېكىن بۇندا قېيىغا سىغىن.

### مېفىستافېل

بىز نېمىنى يوقاتقان بولساق،
ئاشۇنىلا ئىزدەيمىز پەقەت.
قايسى جاينى يىراقتىن كۆرسەك،
كۆزىمىزگە كۆرۈنەر جەننەت.
ئاي نۇر چاچار غار ئىچرە، ئەنە،
غاردىكى ئۇ ئۈچ سايە نېمە؟

### درىئادە

يېقىن بار، ئۇ — فاركىئادەلەر*،
سۆھبەتلەشكىن باتۇر بولساڭ گەر.

## مېفىستافېل

مەن تەييارمەن قۇرۇشقا سۆھبەت،
ۋادەرىخا، بۇ قانداق تەلەت؟
كۆپ نەرسىنى كۆرۈپ ئۆتكەن مەن،
بۇندىقىنى ھېچ كۆرمىگەنمەن.
دەھشەتلىكرەك ئىكەن كۆز تىكسەم
ئالراۋىنىڭ يىلتىزىدىن ھەم*.
بېرىپ قالسا بۇ ئۈچ بەتچىراي
ھەتتا دوزاخ بەرمەس ئەسلا جاي.
تارىخلاردا گۈزەللىك يۇرتى
ئاتالغۇچى قەدىمىي يۇنان،
نە ئەجەبكى مۇشۇنداق تۇرقى —
خۇنۈكلەرگە بولۇپتۇ ماكان.
جادۇگەرلەر، ئەنە، ئۇشتۇمتۇت،
ھەرىكەتكە كېلىپ قېلىشتى.
يانلىرىدا بىگانە مېھمان
بارلىقىنى بىلىپ قېلىشتى.

## فاركىئادە

بىز ئۈچىمىز ئۈچۈن يېگانە
كۆزنى ماڭا بېرىپ تۇرۇڭلار.
ئۇ ئېھرامغا، ئاگاھ بولۇڭلار،
كېلىپ قالغان چېغى بىگانە.

### ميفستافيل

كېلىپ قۇتلۇق دەرگاھىڭىزگە
ئۈچ رەت قۇللۇق قىلارمىز سىزگە.
بىگانە مەن سىزگە تامامەن
سۆرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، ئەمما مەن —
سىلەر بىلەن يىراق قېرىنداش.
ھەر يان كېزىپ بۇ ئالەم ئارا،
نەچچە - نەچچە مەبۇدە خۇدا
دەرگاھىدا ئەگكەنىدىم باش.
ئۆپسىنى ھەم رېيانى كۆردۈم،
خائاس ماڭا ئەمەس بىگانە*.
كېچە - كۈندۈز سىزگە سايىۋەن —
باغچىلارنىڭ قېشىدا تۇردۇم.
بارلىقىمنى كۆرگەنمەن، بىراق
ئۇچراتمىدىم سىلەرنى ھەرگىز.
سىلەر شۇنداق بەرنا، بەر كامال،
تەسۋىرلىمەك ئۈچۈن تىل ئاجىز.

### فاركىئادەلەر

بۇ روھتا كۆپ ئەقىل ۋە ھېكمەت.

### ميفستافيل

بىر نەرسىگە ھەيرانمەن پەقەت:
نېچۈن بۈيۈك شائىرلار ھامان

بېغىشلىماس سىلەرگە داستان؟
نېمە ئۈچۈن ھەيكەلتىراشلار
قەددىڭلارنى قىلمايدۇ تەسۋىر؟
بۇ قامەتلەر، ئاياغلار، باشلار
ئىجاد ئۈچۈن ئىلھامغۇ ئاخىر!
سان - ساناقسىز بۇ يۇرتتا ھەيكەل،
ئەمما ئاشۇ ۋېنېرالاردىن،
پەللەدەلەر ۋە كېرالاردىن
سىز ئۆزىڭىز مىڭ ھەسسە ئەۋزەل.

### فاركىئادەلەر

ماكان ئېتىپ بىز بۇ خىلۋەتنى،
كۆرمىگەن بىز بۇنداق ھۆرمەتنى

### مېفىستافىل

كۆرمىگەنسىز، ئەلۋەتتە ئايان،
چۈنكى سىلەر ئاسايىشتا، جىم
بۇ دەرگاھنى ئەتتىڭلار ماكان.
نەزەر سالماس بۇ ياققا ھېچكىم.
ماكان بولسۇن سىلەرگە چىراي
ۋە لاتاپەت ھاكىم بولغان جاي.
ئاشنا بولسۇن ئۇلۇغۋار سەنئەت،
ئىجاد يۇرتى بولسۇن مەڭگۈ يار.
ئۇندا ھۆسن، بەر كامال قامەت
مەرمەرلەردە تاپسۇن ئېتىبار.

## فاركئادەلەر

بەس، سەن بىرگە قىلما نەسىھەت،
سۆزلىرىڭدىن بىزگە نە پايدا؟
بىز دۇنياغا كەلگەنىمىز زۇلمەت
ھاكىم بولغان مانا شۇ جايدا.
قىسمىتىمىز بۇ يەردە ئۆتمەك،
بىزگە ياتتۇر مۇنەۋۋەر ئالەم.
نىگاھلاردىن نىھان بىز مۇتلەق،
نامەلۇم بىز ئۆزىمىزگە ھەم.

## مېفىستافېل

ئۇنداق بولسا بار باشقا ئىمكان
ئەپسانىچە كۆرەيلى تەدبىر:
بولساڭلارمۇ گەرچە ئۇچەيلەن
بىراق سىلەردە چىش بىلەن كۆز بىر.
ئەمدى سىلەرنى قىلغاندا تەسۋىر،
ئىككىيلەن دەپ قىلىمىز ئېلان
چۆچەكتە بۇ مۇمكىنغۇ ئاخىر!
مەن ئالەمدە بولاي نامايان —
ئۇ ئۇچىنچى، ۋاقتىنچە نىھان
سىڭلىڭلارنىڭ قىياپىتىدە،
بۇ تەدبىرىم — سىلەرگە جاھان
ئۇقۇمىقى ئۇچۈن قەسىدە.

### فاركىئادەلەرنىڭ بىرى

نېمە دەيسىز، سىڭىللار؟
مەيلى،

### باشقىلار

ئەمما چىش ۋە كۆزنى بەرمەيلى.

### مېفىستافىل

ئاخىر سىزنىڭ بۇ چىرايىڭىز
چىش ۋە كۆزدە بولغان مۇجەسسەم.
ئەلگە ئۇنى كۆز - كۆز ئەتمىسەم،
مەپتۇن قىلماس ئۆزگە جايىڭىز.

### فاركىئادەلەرنىڭ بىرى

تېپىلدۇ بۇنىڭغا ئامال:
ئۆزگەرتكىن سەن كۆرۈنۈشۈڭنى،
سەل چىقىرىپ ھىڭگاك چىشىڭنى،
بىر كۆزۈڭنى مەھكەم يۇمۇۋال.
سىزدىن پەرقىڭ قالمايدۇ شۇندا،
ئاكىمىزدەك بولىسەن گويا.

**مېفىستافېل**

قانداق شەرەپ! سىلەرچە بولسۇن.

**فاركىئادەلەر**

شۇنداق بولسۇن!

**مېفىستافېل**

(فاركىئادەلەرگە ئوخشاش قىياپەتتە)
كائىنات بىلسۇن،
مەن خائاسنىڭ يېڭى بىر ئوغلى.

**فاركىئادەلەر**

بىز سىڭلىڭمىز، دىللارنى شاد ئەت.

**مېفىستافېل**

سەتچىلىكقۇ كۆرگەنلەر توغرا
مېنى ئاتار — گېرمافادىت*.

**فاركىئادەلەر**

گۈزەل بولۇپ كەتتۇق ئۆزىمىز،
بار ئىككى چىش، ئىككى كۆزىمىز.

مېفىستافىل

ئەلگە بۇنداق كۆرۈنمەي ئەسلا.
شۇ تۇرقۇمدا ئەگەر مۇبادا —
جەھەننەمدە بولسام نامايان
قورقۇپ قاچار شەيتەنلار ھەريان.

## ئىككى دېڭىزنىڭ قىيالىق كۆرپىزى

ئاي ھەمىشە تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

سىرېنالار

(قىيادا ئولتۇرۇپ، نەي چېلىپ ناخشا ئېيتىشىدۇ)
فېسالىيەنىڭ
جادۇگەرلىرى
نىيىتى ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ غەيرىي،
سېنى يوللىغان
كۆكتىن يەر تامان،
ئەمدى جىمغىنا
جىلمىيىپ ھامان،
نۇر تۆك ئايىماي
دولقۇنلارغا، ئاي!

يايراپ كەتسۇن شاد
بارلىق مۆجىزات.
خىزمىتىڭگە بىز
تەييار بولىمىز.
قېشىڭدا ھەردەم
سەجدە قىلىمىز.

## نېرىدە* ۋە تۇرنىلار*

كۆيلەڭ تىنىماي خۇشناۋا،
ياڭراپ كەتسۇن كەڭ ساما.
ئۇنى ئاڭلاپ بولۇپ شاد
دېڭىزدىكى مەۋجۇدات
ۋە يەردىكى بارلىق جان
كەلسۇن قاراپ بۇ تامان.
كۆچلۈك بوران بىر زامان
ئۇرغاندا بىر ساقلاپ جان،
قىلغان دېڭىز تەكتىنى،
ئۆزىمىزگە جاي - ماكان.
بۇ ماكاندا مانا بىز
كۆيلىمەككە يانا بىز
ياسىنىشتۇق ئاجايىپ
تاقاپ ئۆزۈك، مەرۋايىت.
بۇ سوۋغىنىڭ ھەممىسى
كۆيىڭىزنىڭ مېۋىسى.
كۆيلىگەندە سىز بىر چاغ،
باغلاپ كۆيگە ئىشتىياق —

كۆپلەر ئادا بولغۇچقان
سۇغا چۆكۈپ بىرسى جان.
بىزگە ئالتۇن بىرىشەر
سۇغا چۆككەن كېمىلەر.

## سىرىنالار

دېڭىزلاردا بىساناق
بېلىقلار بار يالتىراق.
سىزمۇ بىزەك تاقاپسىز،
ياسىنىپسىز خوپ، بىراق
يارالغانمۇ سىز بۇرۇن،
يا بېلىقلار ئالدىنراق؟

## نېرپىدە ۋە تروتانلار

بۇنى ئويلاپ قويغان بىز،
جاۋاب تەق قىپ قويغان بىز —
كەلمەي تۇرۇپ ئاۋۋال بىز.
بۇ سەپەرنىڭ ئۆزى بەس —
كۆرستەر — بىز بېلىق ئەمەس،
بېلىقلاردىن ئەۋزەل بىز.
(كېتىشىدۇ)

## سىرىنالار

يوقالدى دەرھال.
ئۇلارنى شامال
قىلىشتى راۋان
كەبىرلەر تامان*.

ساماپراكسيه —
كەبىرلەر ئىپاي.
كۆپ ئۇلار ھەقتە
ئەپسانە خىلى.
ھە، بۇ بىتۇزۇم
تەگرىلەرگە ئىش —
ئۆزىنى ئۆزى
ياراتقانمىش.
ئاي، سورايمىز بىزە
ئۇستىمىزدە تۇر.
قوغلىماقچىمىز
تاڭ چاچقاندا نۇر.

## فاليس

(قىرغاقتا ھامۇنكۇلغا)
ئېلىپ كىرسەم بىرلار بۇ زامان
سىنى بىرۋاي نىرىپى يىپىنغا.
شۇ غار ئارا ئۇ تۇتقان ماكان،
ئەمما ئىنسان تېگەر جىنغا.
ئۇ ياشايدۇ تەنھا خىلۋەتتە،
ئادەمزاتىن كۆرسە ئەلۋەتتە.
قوزغىلىدۇ غەزەپ - نەپ[illegible]ى.
ئەمما چالىنىڭ باردۇر ھ[illegible]ىستى:
ئاڭا يىراق كىلەچەك ئايان،
شۇ بىلەن ئۇ مەشھۇرى جاھان.

ئىززەتلىكتۇر شۇڭا ھەر جايدا،
ئۇندىن يەتكەن كۆپلەرگە پايدا.

### ھامۇنكۇل

قېنى كىردۇق. يوقتۇر ئەندىشەم،
ئوتۇم ئۆچمەس، سۇنماس شىشەم ھەم.

### نېرپى

بۇ نېمە ئۈن؟ بۇ ئىنسان ئۈنى!
غەزىپىمنىڭ يوقتۇر پايانى.
ئۇنىڭ ئىشى يەر ئۈزرە ياشاش،
يەنە قىلار خۇدالىق تالاش.
ياتسام بولار ئارام ئېلىپ جىم،
لېكىن كېلەر ئىنسانغا رەھىم.
بەردىم دائىم ئۇلارغا مەدەت
بەردىم دائىم ياخشى مەسلىھەت.
ئەمما پايدا قىلمىدى زىنھار،
كەتتى بارچە ئەمگىكىم بىكار.

### فالىس

مەدەت سىراپ كەلدۇق شۇندا ھەم
سەن — دېڭىزلار دانىشمىنىگە.
مەسلىھەت بار ساڭا — بۇ ئادەم
شەكلىدىكى ئوت پەرزەنتىگە.

## ئېرپى

مەسلىھەت؟ ئەھ، كىممۇ ئىشتەر،
ئەل ئىچىدە ئاڭا قۇلاق يوق.
نەسىھەتمۇ قىلدۇق ۋە لېكىن
ئادەمزاتقا ئاقىل بولماق يوق.
مەن نەسىھەت قىلدىم قارىسىغا،
دېدىم ئاڭا: بېرىلىپ ھېسقا
ئوغرىلىما ئۆزگىنىڭ يارىنى!
تەقدىرىدە نېمىلەر بارىن

ئېيتىپ بەردىم. مانا شۇ يۇنان—
ساھىلىدە ئۇ مەغرۇر ئوغلان،
ھەممىسىنى ئاڭلىغىن مەندىن.
ئاگاھ قىلدىم ئۇنى مەن ئالدىن،
ئۇ مىسلىسىز قان تۆكەر جەڭدىن.
تەسۋىرلىدىم بىر - بىرلەپ ئاندىن
تۇتۇنلەرنىڭ ئۆرلەشلىرىنى،
پەشتاقلارنىڭ غۇلاشلىرىنى...
ئۆرنەك بولسۇن ئۈچۈن جاھانغا،
بۈيۈك شائىر يېزىپ داستانغا
بۇندىن ئۈچ مىڭ يىللار مۇقەددەم
ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن
بۇ — ترايا قىيامىتىنى
قىلغانىدىم ئاڭا نامايان.
لېكىن چالىنىڭ نەسىھىتىنى
تىڭشىمىدى بىپەرۋا ئوغلان،

قۇربان قىلدى، ئاھ، ئۇلىغاننى —
تاغدەك ياتقان ئۇ پالۋاننى
يەم قىلىشتى پىند بۆركۈتلىرى.
ئۇ نادانىنىڭ ۋەجىدىن بەرى.
ئۇدىسساغا ئىپىتقانىمەن تەكرار
بولۇشىنى سىكلوپقا دۇچار،
ھەم چۈشۈشىن سىرسىپىگە ئەسىر*.
ئەمما ئاگا قىلمىغان تەسىر.
تۆگەتمىدى تەنتەكلىكىنى،
ئۆزەلىك ھەم يېگىلتەكلىكىنى.
نېمە بولدى ئايان ئاقىۋەت،
تاسادىپەن قالدى سالامەت.

## فالىس

ئەلۋەتتە بۇ دىلدىكى تۈگۈن
بەكمۇ ئىغىر دانىشمەن ئۈچۈن،
بىراق ھامان ياخشىلىق ئۇلۇغ.
باسسا ئەگەر يۈز تۈمەن ئەلەم.
ئۇنى بېسىپ چۈشىدۇ تولۇق.
ياخشىلىقنىڭ مىسقىلى ھەردەم.
سەندىن بىزگە مەسلىھەت كېرەك،
ياردىمىڭنى ئايىما بۇ گەل.
مەدەت سوراپ كەلدۇق، بۇ گۆدەك —
يارالماقچى ئالەمگە تۆگەل.

## نيرپي

بۈگۈن ياخشى كەيپىياتتىمەن،
سالماق بۇ شاد كۆڭلۈمگە تۈگۈن.
روھىم تېتىك، خۇش دىيەتتە مەن،
يىغىلىدۇ قىزلىرىم بۈگۈن.
بايرام قىلىپ بۇ يەردە دېڭىز —
پەرىلىرى جەم بولار تامام.
كېلەر مېنىڭ قىزلىرىم — تەڭسىز
خۇش نازاكەت، مەسۇم، دىلئارام.
نە ئالىمپتا، نە ئالەم ئارا
ئۇلارغا تەڭ گۈزەل يوق ئەسلا.
گاھى ئەجدار ئۈستىگە قونۇپ،
گاھى نېپتۇن ئېتىغا مىنىپ
ياشلىق شەۋقى، قۇۋناق تۇيغۇدا
شۇڭغۇپ، شۇڭغۇپ ئوينىشار سۇدا،
مىسالى ئۇ دېڭىزغا سىڭىل،
ئۈزۈشىدۇ بېلىقتەك يەڭگىل.
ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شۇ كەز
بەھەيۋەتلىك سەۋەب ھارۋىدا،
ۋېنېرادەك ھۆسن كامالدا،
گۈزەللىكتە ئالەمدە تەڭسىز
گالەتىيا كەلمەكتىدۇ تېز*.
بوپ كىپرىدا* ئالەمدىن جۇدا
ئۇ پەفاستا سانالدى خۇدا.
باردۇر ئۇنىڭ ئۆز پايتەختى،

قالغان ئاڭا كىپرىدا تەختى.
ئەمدى كېتىڭ، خۇشال بۇ چاغدا
ياغدۇرغۇم يوق سىلەرگە نەپرەت.
پراتېپىگە بېرىڭ، جاھاندا
يارالماقتا تەئەللۇق قىسمەت،
تېپىمىشنى هەم ئۇنىڭ كامال
سۆزلەپ بېرەر سىزگە بىمالال.
(دېڭىزغا قاراپ ماڭىدۇ)

## فالىس

بىزگە بىنەپ بولدى بۇ تەشرىپ،
پراتېپىنى تاپايلى، ئەمما
ئۇ ئۆزىنى يۈرەر يوشۇرۇپ.
سۆزىمىزنى تىڭشاپ مۇبادا
بىزگە جاۋاب بەرسىمۇ ئەگەر
مۈشكۈل ئۇنىڭ تەكتىنى ئۇقماق،
ئۇنىڭ هەر بىر سۆزى تېپىشماق.
ئەمما زۆرۈر بىزگە بۇ سەپەر
يوق ئۇنىڭسىز ئۆزگە چارىمىز،
جەزمەن ئۇنى ئىزلەپ بارىمىز.
(كېتىشىدۇ)

## سىرېنالار

(ئېگىز قىيادىن)
ئۇ نېمىدۇر دېڭىزدا
ئاپئاق - ئاپئاق كۆرۈنگەن؟

ئۇ ساناقسىز يەلكەنىنىڭ
سۇ پەرىلىرى ئىكەن.
شۇڭغۇشار، كۆلۈشەر، يايرار،
نېرپىدەلەردۇر ئۇلار.
چۆشۈپ، يېقىن بارايلۇق،
ئۇلارغا بىر قارايلۇق.

## نېرپىدە ۋە ترىتانلار

سۇۋغا ئېلىپ كەلدۇق بىز.
بىراق نېمە بىلمەيسىز.
خېلانە كاساسىدە*
تەسۋىر كەلتۈردۇق بۈگۈن.
مۇناجات ۋە قەسىدە
ئۇقۇۇڭ بۇ تەسۋىر ئۆچۈن.
كۆپتۈر ئۇنىڭ ھېكمىتى،
بۇ — تەڭرىلەر سۈرىتى.

## سىرىنالار

بولسىمۇ كىچىك
قۇدرىتى بۈيۈك،
دېڭىز — پالاكەت،
كىمنى ھالاكەت
گىردابىغا تارتسا بىشەپقەت
نىجات بولار كەبىرلەر پەقەت.

## نېرپىدە ۋە تىرىنالار

كەبىرلەر ھامان
ئەلگە پاسىبان.
چىقسا مۇبادا
دېڭىزدا بوران، —
ئۇلاردىن نىجات
تاپىدۇ ئىنسان.

## سىرېنالار

مەدەتكار ئۇلار،
كېمىلەر تاشقا
ئۇرۇلغان چاغدا
بىز قالدۇق داغدا،
كەبىرلەر پەقەت
بېرىشتى مەدەت.

## نېرپىدە ۋە تىرىنالار

بىز ئۇچىنى ئەكەلدۇق بۇيان،
تۆتىنچىسى قېپقالدى ئۇيان.
ئېلىپ كەلمەك تەس ئىكەن ئۇنى
ئۇ يەيدىكەن ھەممە غېمىنى.

### سىرېنالار

ئۆز مەيلى، ئۇ تەگرى ـ خۇدالار
بىر ـ بىرىنى مەسخىرە قىلار.
بىزنىڭ ئىشىمىز پەقەت
ئىتائەتتۇ، ئىبادەت.

### نىرېيدە ۋە تىرىتانلار

ئۇلار ئىدى يەتتەيلەن.

### سىرېنالار

ئۇچى نەگە كېتىشكەن؟

### نىرېيدە ۋە تىرىتانلار

ھېچكىم بىلمەيدۇ بۈگۈن
ئېنىق سانىنى، دېمەك
مەلۇمات ئالماق ئۈچۈن
ئالىمپقا بارماق كېرەك.
ئۇ يەردە شۇنداق مىش ـ مىش:
سەككىزىنچىسى بار ئىمىش.
ئۇمۇ بۇيان كېلەر ئىمىش
تەييارلىق قىپ يۈرەر ئىمىش.
شۇنداق بىقىياس

بۈيۈك كەبىرلەر
تەگرىلەرگە خاس
ئىختىراغا، راست
ھامان ئىنتىلەر،

سىرپىنالار

قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ
سىغىنىمىز بىز ھامان،
تاقەت قىلماق ئىشىمىز،
ئۇندىن پايدا نامايان.

نىرپىدە ۋە ترىتانلار

بۇ بايرامنى ئۆتكۈزمەك شادمان،
كەلتۈردۇ بىزگە شەرەپشان.

سىرپىنالار

يولغا چىققان باتۇرلار
ئالتۇن تىرە ئىزدىشىپ،
ئۇندىن بۇرۇن كەلدىگىز
كەبىرلەرنى ئىلىشىپ.
كەبىرلەرنىڭ ئالدىدا
ئەمەس تىرە ئەتىۋار.

## ئۇمۇمىي خور

(تەكرارلاپ)
كەبلەرنىڭ ئالدىدا
ئەمەس تېرە ئەتىۋار.
(نېرېيدە ۋە ترىستانلار ئۈزۈپ ئۆتۈشىدۇ)

## هامۇنكۇل

بۇ تەڭرى - بىزاۋالمۇ،
ياكى سۇنۇق ساپالمۇ؟
بەنت قىلدى بۇلار ئالىم
دىلۇ پىكرى خىيالىن.

## فالىس

ئالىمغا خاس شۇ خىسلەت:
تەڭگىدىن زەڭگى* قىممەت.

## پراتىپي

(كۆرۈنمەي)
بولسا نەدە كەمچىلىك،
مەن كۈلىمەن قىپ زاڭلىق.

*زەڭگى — قارا تەنلىكلەر.

فاليس

ئەي، پراتيي، سەن نەدە؟

پراتيي

(گاھ ئۇزاقتىن، گاھ يېقىندىن غايىبانە)
ھەم ئۇندا مەن، ھەم بۇندا.

فاليس

قىلماقتىسەن مەسخىرە
ئاۋۋالقىدەك سەن شۇندا.
قوي بۇ ساختا سۆزۈڭنى
دوستقا كۆرسەت ئۆزۈڭنى.

پراتيي

(گويا ئۇزاقتىن)
خەير!

فاليس

(ھامۇنكۇلغا پىچىرلاپ)
بەلكىم ئۇ يېقىندىدۇر،
تاراتقىن يورۇقلۇق — نۇر،

قانچە هوشيار بولمىسۇن
بېلىق ئوخشاش ئۇ هامان.
كۆرۈش بىلەن نۇرۇڭنى
يېتىپ كېلەر شۇ هامان.

## هامۇنكۇل

كۆپ نۇر چېچىش تەس ئەمەس،
يېرىلمىسا شېشەم، بەس،

## پراتېي

(چوڭ تاشپاقا قىياپىتىدە)
ئەجەبا، بۇ قانداق نۇر؟

## فالېس

(هامۇنكۇلنى يوشۇرۇپ)
كۆرمەك ساڭا مۇمكىندۇر،
قىلساڭ بەجا بىر شەرتنى.
ئاڭلا بىزنىڭ تەلەپنى:
كۆرۈپ ئادەم سىياقتا —
بىر باش، ئىككى ئاياغتا.

## پراتېي

(نۇرانە ئادەم قىياپىتىدە)
ئالىم، ئۇستا سەن هامان،

فالېس

مېڭىبىر تۇستە سەن هامان.
(هامۇنكۇلنى كۆرسىتىدۇ)

پراتېي

(هەيران بولۇپ)
ئۇر چاچقۇچى بىر كىچىك ئادەم!
كۆرمىگەنمەن ئۆمرۈمدىمۇ هەم.

فالېس

سەندىن بىزگە مەسلىھەت كېرەك.
قارىشىڭدىكى مانا شۇ گۆدەك
يارالماقچى قايتا ئالەمگە،
ئايلانماقچى تولۇق ئادەمگە.
سۆزلەپ بەردى ماڭا بۇ بالا
ئۇ هاياتقا كېلىپتۇ چالا.
مۇكەممەلدۇر ئۇنىڭ كۈچ، روهى،
بىراق تولۇق ئەمەس ۋۇجۇدى.
بارلىق ۋەزنى شىشىدە پەقەت،
قانداق قىلسۇن، بەرگىن مەسلىھەت.

پراتېي

بىۋاقىت سائەت يارالغان گۆدەك،
قىز بالىنىڭ هامىلىسىدەك.

## فالىس

(پەس ئاۋازدا)
مېنى ھەيران قىلار شۇنىسى:
مېنىڭچە بۇ بالا — خۇنىسى.

## پراتىپ

بۇ، راست. ھايات يولىنى بىسىپ،
قايسى جىنسقا بولسا مۇناسىپ،
يېقىنلىشار شۇنىڭغا ئەلۋەت.
سۆزلىرىمگە قۇلاق سال پەقەت:
سەن ھاياتقا — دېگىز تامان بار
ۋە مىسالى بارچە جانىۋار
ئۇندا قىلىپ تىنىمسىز ھەرىكەت
تېپىپ يېگىن رىزقۇ روزىڭنى،
كامالىغا يەتكۈز ئۆزۈڭنى.
تەدرىجىي يېتىلەر جانلىق:
ئاۋۋال ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ نەملىك،
يىغىپ ئاستا ئاقسىل ماددىلار،
قىلىپ چوڭى كىچىكنى ئوزۇق،
مۇرەككەپرەك بولۇپ ساددىلار
كامال تاپار ئاخىرى تولۇق.

## ھامۇنكۇل

نېمىدېگەن خۇش بۇي، دىلرەبا،
ھاياتبەخش بۇ يەردە ھاۋا!

## پراتیي

توغرا، گۆدەك ۋە لىكىن پەستە
ساھىللارغا ئۇرۇلۇپ ئاستا
دولقۇنلار شاد ئويناپ تۇرغان جاي
خۇش ھاۋاغا بۇ يەردىنمۇ باي.
قارا، بىز تامان
كېلەر ئالامان.
يۈرگىن ئۇ ياققا.

## فالېس

بولاي مەنمۇ جەم.

## ھامۇنكۇل

قويدى ئۈچ روھ دىگىزغا قەدەم.

راداس تىلخىنلىرى* نېپتۇننىڭ ئۈچ تىغلىق نەيزىسىنى تۇتۇپ دېگىز ئاتلىرى ۋە ئەجدىھالىرىغا مىنىپ كېلىشىدۇ.

## خور

بىز بۇ نەيزىنى ياسىدۇق نېپتۇن
ئاساۋ دولقۇنلارنى باشقۇرسۇن ئۈچۈن.
ھاۋانى تىترەتسە زېۋۇس پەلەكتە.
تىترىتەر زېمىننى نېپتۇنمۇ پەستە،

ۋالىلداپ چاقماقلار سۇغا چۈشىدۇ،
دولقۇنلار كۆۋەجەپ كۆككە ئۇچىدۇ.
بۇ ئىككى ئارىدا بولغىنى سادىر
تەلتۆكۈس يوقاشقا مەھكۇمدۇر ئاخىر.
نەيزىسىنى بەردى بىزلەرگە نېپتۇن.
بايرامنى شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن.

### سىرېنالار

سىزگە قۇياش، كۈن قۇتلۇق،
بىلدۈرىمىز ئېھتىرام.
سىزگە ئايدىڭ تۈن قۇتلۇق
بىزدىن سىلەرگە سالام.

### تېلخىنلەر

ئەي تۈن مەبۇدىسى. ئەرشىڭدىن ھەرئان
سەن ئاكاڭ مەدھىيىسىدىن ئاڭلايسەن شادىمان.
قۇلىقىڭ راداسىنىڭ ئۈنىگە بەندە،
قۇياشقا قەسىدە تەقدىم ئەتكەندە.
پەلەككە يۈكسىلىپ دېڭىز قەرىدىن
ئاپوللون* قارايدۇ ئاسمان باغرىدىن
دېڭىزغا، ئارالغا، تاغقا، ئوتلاققا،
شەھەر كوچىلىرى، جىمجىت قىرغاققا.
مۇبادا ئۇلارنى قاپلىسا تۇمان
نۇرىنى چاچار ئۇ — تارقىتىپ ھەريان.
ئۆزىنى كۆرسىتەر ھەر خىل سۈرەتتە،
ئۆسمۈر ھەم يېتىلگەن باتۇر تەقلىدتە،

بىز ئۈنى تۈنجى رەت تەسۋىر ئەيلىدۇق،
ھەم ئۇلۇغ ئىنسانىنىڭ شەكلىنى بەردۇق.

## پراتىي

ماختانىسۇن ئۇلار، مەيلى!
كۆلەر پەلەك سەرۋىرى
بۇ ھەر خىل قورچاقلاردىن.
مىسلارغا بېرىشىپ ھەل
ئۇلار ياسىغان ھەيكەل
پەرقسىز ئويۇنچۇقلاردىن.
ئويلىشار — قايىل دۇنيا،
بىزلەر ياسىدۇق خۇدا،
دېيىشەر بىزنىڭ زەپەر.
لېكىن زىلزىلە، ۋولقان
ھەممىسىنى بىر زامان
گۇم قىلىشى مۇقەررەر.
يەردە ھايات بىۋاكلار،
ئاقىۋىتى دەرد، جاپا،
بىھۇدە ھايات بۇندا.
مەن دېلفىنگە ئايلىناي،
سېنى دېڭىزغا ئېپ ماڭاي،
ھايات مەنىسى سۇدا.
(دېلفىنگە ئايلىنىدۇ)
مانا مەن بولدۇم دېلفىن،
قېنى كەل، يەلكەمگە مىن.

ئىسسىل ھايات ئالدىڭدا،
ئۆمرۈڭنى قىلاي ئاستا
دېگىنىز بىلەن تەڭ، كاتتا
تەلەي يار بولسۇن ساڭا.

فالېس

يارالماق ئىشىنى، دېمەك،
باشتىن باشلىشىڭ كېرەك.
ھەرىكەت قىل چاپسانراق،
مىڭىبىر تۈردىن ئۆتەرسەن،
ئۆرلۈكۈڭگە يېتەرسەن.
ئىنسانلىق يولى يىراق.
(ھامۇنكۇل دېلفىن قىياپىتىدىكى پراتېيغا مىنىدۇ)

پراتېي

سەن ئۆزۈڭنى چىن ھايات —
دېگىنىز قوچىقىغا ئات.
ئىككىلەنمە، قىلما شەك،
شەكىللەنسەڭ — بولدى، بەس،
ئىنسانلىق كېرەك ئەمەس.
نىيىتىڭگە قويغىن چەك.

فالېس

يامان ئادەم بولماق ھەم،
بولالىسا ھەقىقىي ئادەم.

## پراتيپ

(فالىسقا)
ئۇخشار بولسا ئەگەردە ساڭا،
ئۇنتۇلماس سەن كەبى ئىنسان.
نەچچە ئەسىر ئۆتسىمۇ ھامان
سەن دانىشمەن، يېقىنسەن ماڭا.

## سىرپىنالار

(قىيالاردىن)
ئاپپاق - ئاپپاق بۇلۇتلار
ئاينى قورشاپ ئۇزۇشەر.
توپ - توپ بولۇپ كەپتەرلەر
پەرۋاز قىلىپ كېلىشەر.
بۇ سۆيگۈ قۇشلىرىنى*
پەفاس ئۆزى يوللىغان.
ئەمدى بايرام قىزىيدۇ،
دىلدا شادلىق بىپايان.

## نېرپې

(فالىسقا يېقىن كېلىپ)
كۆرۈپ ئاينىڭ ھالقىسىن
دەر بەزىلەر بۇ سەراپ.
بىز روھلارلا بۇنىڭغا

بېرەلەيمىز دەل جاۋاب.
بۇ ۋېنېرا قۇشلىرى
كۆككە تولۇپ كېتىدۇ.
گالەتېيا قىزىمغا
ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ.

## فالېس

دانىشمەنىنىڭ ئېيتقىنى
لايىق ھامان ھۆرمەتكە.
ماكانىدا ئۇ گۈزەل
ئىگە يۈكسەك شۆھرەتكە.

## پىسللە ۋە مارسلار

(دېڭىز ئۆكۈزلىرى، موزايلىرى ۋە قويلىرىغا مىنىپ)
دولقۇنلاردىن يىراقتا،
زىلزىلىلەردىن نېرى،
كېپىرىدە — تىنچ قىرغاقتا،
دېڭىزنىڭ شاماللىرى
ئەللەيلىگەن ئۇ ماكان،
ئۆزگە كۆزلەردىن نىھان.
تېپتىنچ غارلار ئارا
لېپىرىدەگە دائىما.
يوللاپ سەجدەيۇ تەھسىن،
ساقلايمىز بىز ھارۋىسىن.
كۆك ئاسماندا تولۇن ئاي،

نۇر چاچقاندا خۇش چىراي،
سۈزۈلگەندە دېڭىزنىڭ
دولقۇنلىرى تېختىماي،
ئەسلى ئەۋلادتىن نىھان.
مازىگە بولۇپ ئايان،
ئاشۇ گۈزەل پەرىنى —
پەرىلەر سەرۋىرىنى
باشلايمىز ساھىل تامان.
بىزلەرگە دەھشەت سېلىپ،
قايتۇرالماس ھېچقاچان —
نە يېرىم ئاي، نە سەلىپ،
نە بۆركۈت، نە ئارسلان.*
پادىشاھلار جەڭگە كىرسۇن،
بىر - بىرىنى قىرىشسۇن.
قىلىچ چاپسۇن لەشكەرلەر،
كۆيسۇن قىشلاق، شەھەرلەر،
تەبىئەت ھايات ئەمما.
بىزمۇ قىلمايمىز پەرۋا.
مەلىكىمىزنى ئامان
باشلايمىز مەنزىل تامان.

## سىرېنالار

سۇ يۈزىدە سەپ تۈزۈپ،
دەۋرە ياساپ، شاد كۈلۈپ،
كېلەر ھارۋا كەينىدە
نېرېيدەلەر تېز ئۈزۈپ.

ئانىسى دارىدەدەك*
تەڭداشسىز ساھىبجامال —
گالەتىپىيا كىلىدۇ
ھۆسن بىلەن قىلىپ لال.
ئۇ تەڭرىلەر زاتىدۇر،
گەرچە مەلەك، گەرچە ھۇر —
يەر قىزىدەك جانان ئۇ،
دىل مەيلىنى تارتىدۇ.

## دارىدەلەر

(نېرېيىنىڭ يېنىدىن دىلفىنلەردە ئۇزۇپ كېتىۋېتىپ، خور قىلىپ)

كۆرۈنسۇن بىزنىڭ يارلار،
ئاتىمىزنىڭ كۆزىگە.
ئاي، نۇرۇڭنى چاچ، تىنما،
بىز جۇپلەرنىڭ يۈزىگە.
(نېرېيىگە)
بۇ دېڭىزچىلار بىزدىن،
مىننەتداردۇر ھەر زامان.
بىز ئۇلارنى دېڭىزدىن،
قۇتقۇزۇپ ئالدۇق ئامان.
دېمەك بەخش ئەتتۇق بىز،
ئۇلارغا قايتىدىن جان.
قايتار ئەلۋەت بۇ شەپقەت،
بەدىلىگە مۇھەببەت.

پاتسهه بهر بىزلــهرگه،
بىز بهختلىك تــا ئهبهت.

نىرپى

شهپقهت، راههت بولسا يار —
ئۆتتۈسلهر بهختيار.

داردهلهر

ئىشمىزدىن جان ئاتا،
بولغان بولساڭ خوش ئهگهر.
ئۆلارغىمۇ بىزدهكلا،
تا ئهبهدلىك هايات بهر.

نىرپى

سۆيگۈ، شادلىق ئىلكىده،
ئۆتكۈزۈڭلار ههر ئاننى.
بىراق ماڭا بىنىپسىپ
مهڭگۈلۈك قىلماق جاننى.
هايات بهرمهك مهڭگۈلۈك،
زىيۇسقىلا تهئهللۇق.
دىگىز سۈيى تۈختىماس،
سۆيگۈ ئاڭا ئوخشىماس.
شهۋقى ئۇنىڭ ئۆچكهندە،
كهيپى تارقاپ يۈتكهندە.

ئارتۇق سوزماي ئۇزاققا
يوللاپ قويۇڭ قىرغاققا.

دارىدەلەر

ئەمدى، دوستلار سىزگە ئەلۋىدا،
يېرىم يولدا بولارمىز جۇدا.
مەڭگۈ سۆيمەك ئىستىدۇق ئەمما
يوققا چىقتى بۇ مۇددىئالار،
خالىمىدى بۇنى خۇدالار.

يىگىتلەر

بۇندىن كېيىن بىزنى سىلەردەك
سۆيسە زوۋقى بىلەن ھەر ئايال.
بىز يىگىتلەر بۇندىن ئارتۇقراق
بەختنى ھېچ قىلمايمىز خىيال.
(گالەتېيا سەپەر ھارۋىسىدا يېقىنلىشىپ كېلىدۇ)

زېرپى

قىزىم، سەنمۇ؟

گالەتېيا

باغرىم، جان ئاتا!
ئەي، دېلفىنلەر بىرئازلا توختا،

كۆرۈۋالاي ئاتام يۈزىنى
ئالالمايمەن ئۇندىن كۆزۈمنى!

## نېرىپي

توختىمىدى دىلغىنلەر بىراق،
نالەمگە ھېچ سالمىدى قۇلاق.
ئۇلار زەررە پەرۋا قىلمىدى،
مېنى بىللە ئېلىپ كەتمىدى.
ئاتا ئاھى نېچۇك يەتمىدى،
تۇيغۇلىرىم تەسىر ئەتمىدى.
بىر كۆرگىنىم بىراق قىزىمنى،
بىر يىل خۇرسەن قىلار دىلىمنى.

## فالىس

شەرەپ سىزگە! يەنە شەرەپشان!
يۈرىكىمدە شادلىق بىپايان.
ماڭا بولدى شۇ نەرسە ئايان:
سۇدىن ھاسىل بولار تىرىك جان!
سۇ ھاياتنىڭ ئىجادكارىدۇر،
پاسىبانى، باشپاناھىدۇر.
سۇدىن پەيدا بولمىسا تۇمان،
كۆككە بۇلۇت بەرمىسە ئۇكيان،
يېغىپ ياغمۇر زېمىن ئۈستىگە
ياراتمىسا ئېقىن كۆكسىدە،

ئىقىن ئىقىپ دەريالار تامان،
دەريا ھاسىل قىلمىسا ئوكيان،
بولارمىدى بۇ تاغ، بۇ ۋادا،
بولارمىدى ئىنسانمۇ پەيدا؟
سۇ تىرىكلىك، جاننىڭ يىلدىشى،
دېڭىزدىدۇر ھاياتنىڭ بېشى.

## ئەكس سادا

(ھەممە تەرەپتىن خور بولۇپ ياڭرايدۇ)
دېڭىزدىدۇر ھاياتنىڭ بېشى.

## نيريي

ئەنە ئۇلار يولىنى بۇراپ،
ماڭدى يەنە ئارقىغا قاراپ —
نىشان قىلىپ كۆپكۆك دېڭىزنى.
تارتىپ ئۇندا ھامان كۆزۈمنى
كۆرۈنمەكتە سۆيۈملۈك قىزىم —
جۆنەپ كەتكەن شۇ سەۋەب ھارۋا.
باقار ھامان ئاڭا جۈپ كۆزۈم،
ئۇدۇر مېنىڭ يورۇق يۇلتۇزۇم —
نۇرلۇق ماياك گويا ماڭا ئۇ.
نەدە كۆرسەم تونۇۋالارمەن.
تۈتۈن ئارا يالقۇندەك گويا،
ياتلار ئارا مەھبۇبتەك تەنھا،
پەقەت ئاڭا نەزەر سالارمەن.

شۇ سەۋەبتىن كەتسىمۇ ئۇزاپ
ماڭـا ئىنىق كۆرۈنەر شۇتاپ.

## هامۇنكۇل

سۇ ئۇزرە، ئوكيان ئارا
نۇرۇم يارقىن ئەجەبا،
ئەتراپىم نە قەدەر ساز!

## پراتىپى

زوق، ھاياجىنىم مېنىڭ،
ئەتراپقا شىشەڭ سىنىڭ
تارقىتار سىرلىق ئاۋاز.

## نىرپى

قارا، ئەنە، ئالامان ئىچرە،
پەيدا بولدى ئەجەب مەنزىرە.
گالەتىيا كۆشكى* يېنىدا
گويا سۆيگۈ ئىنتىلىشىدا
گاھى پەسلەپ، گاھى لاۋۇلداپ
سىرلىق بىر ئوت يانار ۋالىلداپ.

* كۆشك — ھەيۋەتلىك ئەپچىل ئىمارەت.

## فالپس

پرامپیتی قىلغان ئىشتۇر بۇ،
شەۋق ئوتىدا يانار هامۇنكۆل.
شىشە ئىڭراق سادا بىلەن تەڭ
بېرىپ كۆشىككە ئۇرۇلدى ئۇدۇل.
شىشە سۇنۇپ مىڭ پارە بولدى،
ئىچىدىكى سۇغا قۇيۇلدى.

## سىرپىنالار

دېڭىزدا ئوت يالقۇنلار،
شولا چاچار دولقۇنلار.
قۇچتى يانغىن ئوكيانىنى،
نۇرى قۇچتى هەريانىنى.
ساڭا شەرەپشان، ئىراس*،
سەن هاياتقا باش ئاساس!
يانغۇچى ئوكيان،
ساڭا شەرەپشان!
ئوت ۋە سۇ — هەمدەم،
شەرەپ ئاڭا هەم.

**ھەممە بىرلىكتە**

ياشىسۇن ھاۋا.
يەرگە سەللەمنا!
شان دەيمىز بىزگۈن
ئانا سىز ئۈچۈن.

# ئۈچىنچى پەسىل

## سپارتادىكى مېنېلەي سارىيى ئالدىدا

ئېلېنا پانتالىدا باشلىق پروىيالىق ئەسرەلەر خورى بىلەن كىرىپ كېلىدۇ.

ئېلېنا

مەن شەرەپ، نومۇسقا چۆمگەن ئېلېنا،
كەلدىممەن كېمىدىن چۈشۈپ ھېلىلا.
دولقۇندا قايغان باش تېخى ئايلىنار.
ئەنە شۇ كۆپۈكلۈك ئاساۋ دولقۇنلار،
ئەۋردە* كۈچ قىلىپ نېپتۇن* مېھرىنى
شۇ يىراق فرىگىيىدىن ئەكەلدى بىزنى.
مېنېلەي شاھ شۇتاپ قىرغاقتا تۇرۇپ،
تەنتەنە ئىلكىدە شادلىققا تولۇپ،
قايتىپ كەلگىنىنى قوشۇنىنىڭ ئامان
قىلماقتا بېھېساب شادلىقتا بايرام.
بىر چاغلار جان ئاتام تېندېرى قۇرغان،
گۈمبىزى كۆك بىلەن بويلىشىپ تۇرغان

ھەيۋەتلىك ئەي بىنا! قوبۇل قىل مېنى!
ئەسلىسەم بالىلىق ئەركە چېغىمنى،
شۇ ئۆيدە سۆيۈملۈك ئاكا - ئۇكىلار
كلىتېمنېسترا ھەم پاللۇكس، كاستار
شاد - خۇرام يايرىغان چاغدا بۇ ساراي
سپارتا بويىچە ئىدى مەشھۇر جاي.
ئەسسالام، نەقىشلىك تۆمۈر دەرۋازا!
ئامرىقىم مېنېلەي سەندىن بىر چاغدا —
ئۆتۈپ بۇ ئۆيلەرگە كىرگەن بوپ مېھمان.
شۇ كەبى ئاچ ماڭا قوينۇڭنى بۇ ئان.
ئېچىلغىن، مېنېلەي قېشىغا كىرەي،
ئۆمۈرلۈك يارغا خاس خىزمەت بېجىرەي.
ئېچىلغىن، مەن كىرەي، قالسۇن تالادا
مېنى كۆپ قىينىغان تەقسىپ - بالالار.
مەن بۇندىن بىسپەرۋا بوسۇغا ئاتلاپ
سېرىپرە تەرەپكە ماڭغاندىن بۇيان،
ھەم مېنى فرىگىيىلىك رەزىل قاراقچى
ئوغرىلاپ يۇرتىغا قاچقاندىن بۇيان،
خىلمۇ خىل ھادىسە يۈز بېرىپ ئۆتتى.
ئۇ ھامان تىللاردىن تىللارغا كۆچۈپ،
ۋە ھامان يىللاردىن يىللارغا ئۆتۈپ
بەئەينى چۆچەككە ئايلىنىپ كەتتى.
زوق بېرەر ئەلگە ئۇ، لېكىن كەچۈرمىش —
ئىگىسى شورلۇققا مۇشكۈل ئىشتىش.

## خور

ئېچۈن، سەن ئەي بۈيۈك مەلىكە
بۇنداق ئېسىل پەزىلىتىڭگە

نەپرەت كۆزى بىلەن باقسەن؟
ئۆزۈڭسەن گۈزەللەر ئارا يېگانە!
داڭقى ماڭار باتۇردىن ئالدىن
شۇ بىلەن ئۇ ھەرقاچان مەغرۇر.
گۈزەللىكنىڭ ئالدىدا بىراق
تىز پۈكىدۇ ھەرقانداق باتۇر.

## ئېلېنا

شاھ ئېرىم ئۇزىتىپ مېنى شەھەرگە
ھە، ئۆزى دېڭىزنىڭ بويىدا قالدى.
مەقسىتى مەن ئۈچۈن ئايانىدۇر ئۇنىڭ
شۇ مېنىڭ قەلبىمنى لەرزىگە سالدى.
مەن كىممەن؟ يەنىلا مەلىكىمۇ مەن؟
مەن سەۋەب ئېرىمنىڭ تارتقان جاپاسى.
يۇنانلىق ئېلىمنىڭ دەردلىك سەۋداسى
تۈپەيلى مەن قۇربان بولغۇچى جانمەن.
مەن ھازىرمۇ ئەسىرمۇ ۋە ياكى ئازاد —
ئىنسانمۇ؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن پەقەت.
يار ماڭا ئەزەلدىن ئىككى خىل تەقدىر،
يار ماڭا ئەزەلدىن ئىككى خىل خىسلەت.
ھەتتاكى ئالارمەن بۇخانىغا يول،
چۇلغايدۇ قەلبىمنى ئىككى خىل ھېسسىيات.
كېمىدە ماڭا گەپ قىلمىدى ئېرىم،
ھەتتاكى تىكمىدى كۆزلىرىمگە كۆز.
يەتكەندە ئەۋراتقا* كېمىلەر ئالدى،
پېقسىلاپ بېرىپ ئۇ قىلدى شۇنداق سۆز،

ئېيتاتتى بۇ سۆزنى گويا تەڭرىلەر:
«قالدۇ بۇ ھالدا، چۈشۈپ ئەسكەرلەر،
قىرغاققا يەتكەندە تەكشۈرمەكچىمەن.
مۇقەددەس ئەۋراتنى بويلاپ شۇندا سەن،
ئىقىمغا يۈزلىنىپ قامچىلىغىن ئات،
تاغ ئارا ياشىنغان چىمەنزارغا يەت.
ئۇندىكى — بىر چاغلار ياشىنغان قىشلاق —
ئورنىدا لاكېدېمان تاپقاندى كامال.
ئۇندىكى گۈمبىزى نەقىشلىك ھەيۋەت
سارىيىم ئىچىگە كىرگىن بىمالال.
مەن ئۇندا قالدۇرغان كىلىتچى كەمپىر
قاتارلىق بىر بۆلۈك خىزمەتچى ئايال.
بولمىدۇق ئۇندا كۆپ. قىلدى نېمە ئىش،
تەكشۈرگىن ھەممىنى، قانداقراق ئەھۋال؟
كىلىتچى ئاتاڭدىن مىراس بوپ قالغان،
ۋە تىنچلىق چاغدا مەن تۇلدۇرۇپ تۇرغان
جاۋاھىر خەزىنىسىدىن كۆرسەتسۇن ئېچىپ،
ئۆت ئۇنى بىرمۇ بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ.
چۈنكى بۇ شاھ مۈلكى قويغان قالدۇرۇپ،
سەپەردىن قايتقاندا ئۇنى شاھ ئۆزى
قانداقچە ھالەتتە قالدۇرغان بولسا،
شۇ ھالدا كۆرمىكى كېرەك شاھ كۆزى.
شۇ ئېرۇر شاھلارنىڭ قانۇنى - شەرھى،
قۇللارنىڭ بۇزماققا يوقتۇر ھېچ ھەققى.

خور

بايلىقلارنىڭ نۇرلۇق جىلۋىسى
شادلاندۇرسۇن دىلىڭنى شۇنچە.

ياتار ئۇندا كۆزلەردىن يىراق،
ئالتۇن تاجۇ مەرۋايىت، ئۈنچە.
ئۇ ماكانغا كىرىپ ئەي دىلدار
ھەر تەرەپكە تاشلا نىگاھىڭ.
ئۇندا ياقۇت، لەئلىلەر بىلەن
بەھىسلىشەر سىنىڭ چىرايىڭ.

## ئېلېنا

شاھ دېدى، سۆزىنى قىلغانچە داۋام:
«گەر بولسا ھەممىسى تولۇق، سەرەمجان،
خاھىشىڭ بويىچە مەزبەھلەر قۇرۇپ،
قۇربانلىق قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ،
راھىبنىڭ ئېيتقىنى بويىچە تامام
تەييارلىق قىلىپ قوي، قىلماي قىلچە كەم —
جايىغا بىرمۇ بىر قوي ئىدىشلارنى،
مۇقەددەس بۇلاقتىن سۇ كەلتۈرۈپ قوي.
بۇندىكى ئوچاقلار ئالدىلىرىغا
ئوتۇنلار كەلتۈرۈپ تەكشى تىزىپ قوي.
ھەم ياخشى چاقلانغان پىچاق خىزمەتكە،
تەخ بولۇپ تۇرمىقى لازىم ئەلۋەتتە.
ھە، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىلىپ قىل».
دېدى ئۇ مەن بىلەن خوشلىشار پەيتتە.

ۋە لېكىن ئېيتمىدى خۇدا يولىدا،
قۇربانلىق بولمىقى ئادەممۇ، ھايۋان؟
بۇ يەردە بىر سىر بار، مەن ئويلىماسمەن،
تەقدىردە نېمە بار، خۇداغا ئايان.

خۇدانىڭ ئىلكىدە نېمە قىلماقلىق،
بەندىنىڭ ئىشىمۇ ئاڭا تەئەللۇق.
قانداقچە بۇيرۇسا ئۆمرى باقىلار.
بەندىدە چىداشتىن ئۆزگە چارە يوق.
تېخى تەڭلەپ قۇربانلىق جاندارغا راھىب،
سۆرەلمەي قالغانمۇ چاغلار كۆپ بولغان
بۇنىڭغا گاھ لەشكەر ھۇجۇمى سەۋەب،
ۋە ياكى تەگرىمىز شۇنداق بۇيرۇغان.

## خور

بىلمەككە تەقدىردە نېمە بارىنى،
يوق ئىمكان، ئەي دىلبەر، دادىل كىرىڭ سىز.
بىلىڭكى ياخشىلىق ياكى يامانلىق،
ئىنساننىڭ بېشىغا كېلەر تۇيۇقسىز.
گەر ئالدىن ئېيتسىمۇ ئۇنى بىرەر كىم
ئىشەنمەس ھېچقاچان، ھېچ يەردە ھېچكىم.
تروپيا يېنىدا كۆپ ئۆلۈم كۆردۇق،
نومۇسلۇق ئۆلۈملەر گۇۋاھى بولدۇق.
ئەمما بىز تىرىكمىز، ئۈستىمىزدە كۈن،
پۈتىمىز ئاستىدا تۇرۇپتۇ زېمىن.
گۈزەللىك سۇلتانى، مۆجىزىسى سىز
تۇرۇپسىز دىللارنى تاپتۇرۇپ ئىمىن.

## ئېلېنا

ھەر نېمە بولسىمۇ، بولماي دىلغۇل،
كىرىمەن سارايغا — ئۆز ماكانىمغا.

بۇ يەرگە ئايتا رەت قىلماقنى تەشرىپ،
كەلتۈرۈپ باقمىغان ھېچ خىيالىمغا.
ئۇ مېنىڭ قارىشىمدا تۇرۇپتۇ ھازىر،
بالىلىق چېغىمدا بۇ بوسۇغىدىن
ئۆتكەنمەن نەچچە يۈز قېتىملاپ سەكرەپ،
نىمىشقا دېدىللىق يوق مەندە بۈگۈن؟
(سارايغا كىرىدۇ)

## خور

ئەسىرەلەر ـ مەھزۇنلار،
قەددىڭلارنى رۇسلاڭلار.
ئۇنتۇڭلار غەملەرنى،
خۇشال ئۇسسۇل ئوييناڭلار،
مەلىكەڭلار ئېلىپنا
خۇش سائادەت دىلبىرى
قەدىردان ماكانىغا
كەلدى قايتىپ شادىمان.
ھەقسەتتە چىلىڭ تۈرغان،
ئۇنى ئۆيگە قايتۇرغان
تەڭرىلەرگە شەرەپشان!
بولسا ئازاد كىمدۇر كىم
ئازابلارنىڭ ئۈستىدە،
قىلار پەرۋاز شادىمان.
بىراق مەھكۇم مەھبۇسلار
بىھۇدە ئاھ ئۇرۇشار.
شۇ تۆمۈر روجەكلەردىن

بىھۇدە قول سوزۇشار.
گەپ ئاچساق بۇ يۇرتىدىن
ئايرىلغان ئەسرەدىن،
تەڭرى بىسىپ باغرىغا
ۋەيرانە ترويادىن
ئىلىپ كەلدى بۇ قەدىم —
ياستىلغان يىڭىدىن
قەدىردان ماكانىغا.
قىنىپ بۇندا ئۆتمۈشىنىڭ
لەززىتىگە مىھرىگە،
روھىي ئارام تاپسۇن —
قايتسۇن ياشلىق دەۋرىگە.

## پانتالىدا

(خور باشلىغۇچى سۆيىتىدە)
تەلمۇ شادلىنىپ كەتمەكلار دوستلار،
ئاۋۋال بىر بىقىشلار دەرۋازا تامان.
ھە، ئەنە، مەلىكە كەلمەكتە قايتىپ،
ئىچكىرى تەرەپتىن، بىز ياققا چاپسان.
ئەي بۈيۈك مەلىكە — نىمە بولدىڭىز،
رەنجىدى نىمىدىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز؟
بۇ يەردە ئىتائەت ئەھلىدىن ئۆزگە
نىمىنى كۆرمەكلىك مۇمكىندۇر سىزگە؟
ئىيتىڭا، نىمە ئۇ سىزنى رەنجىتكەن؟
نىمە ئۇ سىزنى غەزەپلەندۈرگەن؟

## ئېلېنا

(ھاياجاندا ئىشكىنى ئۇچۇق قالدۇرۇپ)
قورقۇش يات زېمىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن،
تەشۋىشتىن يۈرىكى بىگانە پۈتۈن.
لېكىن ئۇ يارالغان قەدىم زۇلمەتتە،
نامايان ئۇ بىزگە ھەرخىل ھالەتتە.
ۋولقانلىق تاغلاردا بولۇر كۆل ۋە ئوت،
سايە بوپ كۆرۈنەر تۈنلەر ئۇشتۇمتۇت.
شۇ قەدىم دەھشەتتە نى - نى باھادىر —
ۋۇجۇدى قورقۇشتىن تىترەيدۇ دىر - دىر.
كېلىشىم ۋەجىنى يات يۇرتتىن بويان،
ستىكس* ئىلاھى شۇندىن دەر ھامان.
مەن — ئۆيىنىڭ خانىشى — چاقىرىلمىغان
مېھماندەك سىزىمەن ئۆزۈمنى بۇ ئان.
ھە، مانا، ئۇ يەردىن چىقتىم مەن قېچىپ
ياق، چىقتىم زۇلمەتتىن نۇرنى سېغىنىپ.
ئەي ياۋۇز مەلەكلەر، بۇندىن مېنى سىز،
ھەرگىزمۇ ئىتتىرىپ چىقىرالمايسىز!
قانداقلا بولمىسۇن بۇدۇر ئۆز ئۆيۈم.
ئۆيۈمنى مۇبارەك ئەتمەك ئۆز بۇرچۇم.
شۇ ئەينى يىللاردەك بۇ قۇتلۇق ماكان،
تولغۇسى شادلىققا بولۇپ سەرەمجان.

## خور باشلىغۇچى

كۆردىڭىز نېمىدىنى سىز ئىچكىرىدە،
ئۇقتۇرۇڭ ئۇنى بىز كېيىنزەكلەرگە.

## ئېلېنا

تارقالمىسا زۇلمەت سايىسى،
كۆرەلــەيسىز سىزمۇ ئەلۋەتتە.
شاھ ئەمرىدە كىردىم ئىچكىرى،
تۇرۇپ قالدىم قېتىپ ھەيرەتتە.
خادىملار يوق، خانىلار بوپبوش،
ئاڭلانماس ھەم ھېچقانداق تاۋۇش.
بۇ ئايلاردا خىزمەتچى قولى،
تەگمىگىنى ئېنىق بىر يولى.
چىققىنى يوق كىلىتچى ئايــال،
قىلغىنى يوق ئاق چاچلار قولــلۇق.
ئوچاق ئالدىدا ياتار بىر موماي،
ئوي سۈرۈپمۇ ياكى ئۇيقۇلۇق.
كىلىتچى دەپ بىلىپ مەن ئۇنى،
تۇرغىن، دېدىم چۇشۇرۇپ بۇيرۇق.
بۇيرۇقۇمغا جاۋابەن كەمپىر
ھەتتا مىدىراپ قويغىنىمۇ يوق.
تەكرارلىدىم بۇيرۇقنى يانا
قاتتىق ئاۋاز بىلەن مەن ئاڭا.
ئۇ كۆز ئېچىپ، كەتكىن، دېگەندەك،
ئوڭ قولىنى شىلتىدى ماڭا.
قەھرىم ئۆرلەپ ئۆرۈپ ئۇندىن يۈز،
خاس خانىغا قاراپ ئالدىم يول.
شۇندا تارچۇق كارىدور مېنى،
خەزىنىگە ئەچىقتــى ئۇدۇل.



ھەيھات، شۇندا توستى يولۇمنى،
غايەت يوغان، ئورۇق بىر مەخلۇق.

قانلىق ئورا كۆزلىرى دەھشەت،
قىيىن ئۇنى تەسۋىرلەش تولۇق.
راست كۆردۈممۇ؟ چىقتى ئۇ ئەنە!
نېچۈن نۇردىن قورقماس ئۇ بۇ ئان؟
شاھ يوق ئىكەن، بىز بۇندا ھاكىم،
ساقلار بىزنى تەڭرى ئاپوللان.
ئۇ گۈزەللىك دوستى، بىزلەرگە
يان باسىدۇ ھەردەم، ھەرقاچان.
زۇلمەت سايىسىنى قىلىدۇ تارمار،
يا كەينىگە قايتۇرار تامام.
(فاركىئادەلەرنىڭ بىرى بوسۇغىدا پەيدا بولىدۇ)

## خور

چاچلىرىمىز بولسىمۇ بۇدۇر،
ئەمما باشلار كۆپ ئازاب تارتقان.
يادىمىزدا جەڭ دەھشەتلىرى،
تەسلىم بولغان
ۋەيران ئىللىئان.

تەڭرىلەرنىڭ ئۈنى ياڭرايتتى
جەڭ توزۇتقان چاڭلار ئىچىدىن.
سادا بېرەر ئىدى ئىختىلاپ
جەز قالقانلار جاراڭلىشىدىن.

ۋە گۈلدۈراس جەڭ مەيدانىدىن
قەلئە تامان جىددىي يېقىنلاپ.

تېخى قەلئە تاملىرى
ئىدى مۇستەھكەم.
لېكىن يالقۇن تاملارغا
ئۆرلەيتتى بۇ دەم.
ئۆتۈپ يالقۇن تاشلارغا،
تاملاردىن ئېشىپ.
پۈتۈن شەھەر گۈلخانغا
كەتتى ئايلىنىپ.

قېچىپ بەربات بولۇشتىن
ئارتقا يانغاندا،
قارشىمىزدا كۆردۇق بىز
ئەنە شۇ ئاندا.
تۈتۈنلەرنىڭ ئىچىدىن
چىقتى دەھشەتلىك
بويى كۆككە تاقاشقان
تەڭرى غەزەپلىك.
راستىن بىزگە ئۇ شۇنداق
كۆرۈندىمىكىن؟
يا، قورقۇشتىن ئاشۇنداق
بىلىندىمىكىن؟
بىراق بىزگە تىكىلىپ
تۇرغان بۇ مەخلۇق
خىيال ئەمەس، چۈش ئەمەس،

ھەقىقەت تولۇق.
تۇتماق مۇمكىن قول بىلەن،
شۇتاپتا ئۇنى.
يىرگىنچلىك بۇ قورقۇنچ
توسۇدى يولنى.
سەن فاركسىنىڭ قىزىسەن
بۇ بىزگە ئايان.
بىراقتا سەن قايسىسى؟
ئۇلار ئۆچەيلەن.
ئۇلار ئۆچۈن بىر تال چىش،
بىر كۆز بېرىلگەن.
ۋەھالەنكى سەن، ئەي سەن —
يىرگىنچلىك سەت.
نۇرلۇق كۆزلەر ئالدىدا
ھۆسندار سۈپەت —
تۇرماق ئۆچۈن يانمۇيان
پەرىزات بىلەن.
زادى - زادى قانداقچە
قىلىسەن جۈرئەت؟
مەيلى تۇرساڭ تۇرىۋەر
ھۆسن زەرگەرى —
بارچە خۇنۇك نەرسىنى
كۆرمەيدۇ پەقەت.
چۈشمەس قۇياش كۆزىمۇ
سايىگە ئەلۋەت.
ئەمما بىزدەك شورلۇقنى
قاباھەت بىلەن.

تۈرغان چاغدا يانمۇيان
قىلماقتا غەيرەت
قىلار مەجبۇر ھەر قاچان
تەقدىرى قىسمەت.

سەن نومۇسسىز يارالغان،
كۆپ ساڭا نەپرەت.
قارغىش سۆزلەر ئاڭلايسەن،
بىزلەردىن پەقەت.
بىز بەختلىك يارالغان،
گۈل يۈز، خۇش قامەت.
ياغدۇرىمىز لەنەتلەر،
ساڭا بىز ئەبەت.

## فاركىئادە

بۇزۇلماس قەدىمىي ھەقىقەت شۇكى:
نومۇس ۋە گۈزەللىك بىللە تۇرالماس.
دائىما ئايرىمدۇر ئۇلارنىڭ يولى
قەدىمىي ئۆچمەنلىك ئۇلارغا ئاساس.
مۇبادا ئۇشتۇمتۇت قالسا دۇچ كېلىپ،
دەرھاللا يۈز ئۆرۈپ كېتەر ئىككى يان.
نومۇس، ئۇ، دائىما غەمكىن، گۈزەللىك —
زەپەرلەر شەۋقىدە مەستانە ھامان.
بۇ داۋام قىلغۇسى ئاشۇ ھالەتتە،
تائاركوس* گۈزەللىكنى تۈگەتمىگۈچە.
ۋە ياكى بالاغەت مۇكەممەللىكى

دانا تەپەككۇرگە ئۆگەتمىگۈچە.
ھۆسنىدىن زوقمەن ئەي ياقا يۇرتلۇقلار
چۇرۇقلاپ كەتتىگلار كۆرۈپلا مېنى.
يېگانە يولۇچى ئۈستىدىن كۈلۈپ،
ئۆتكۈچى تۇرنىلار كەبى بەئەينى.
كۆكتىكى تۇرنىلار بىلەن يولچىنىڭ
نە ئىشى، ھەر قاچان پەرۋايى پەلەك.
بىر نەزەر تاشلاپلا كېتىشۆبەر ھەم،
بۇ ئۆزى — ھەممىنىڭ يولى بار دېمەك.
قالىسىز شۇ قۇشلار كۈنىگە بۈگۈن.
سىلەر كىم، مەستانە مېنەدەلەردەك،*
بۇ شاھ سارىيىغا كېلىپ يوپۇرۇلۇپ،
قىلىسىز غەزەپتە كىلىتچىگە دوق
يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ھۆرگەن ئىتلاردەك.
ھېچنېمە بىلمەيدۇ دېمەگلار مېنى،
جەڭلەردە نەپ ئالغان ۋەھشىيلەر سىلەر.
ئەسكەرلەر ھەم بارلىق پۇقرا ئىچىگە
بۇزۇقلۇق تارقىتار پاھىشىلەر سىلەر.
ھە، سىلەر پارازىت بىر توپ چېكەتكە،
باراقسان باغلارنىڭ ئاپەت - بالاسى
ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ كۈشەندىلىرى
ھەم پاھىش بازىرىنىڭ ئەرزان ماتاسى.

## ئېلېنا

خانىش ھۇزۇرىدا چۆرىنى خورلاش،
خانىش ھوقۇقىغا قەست قىلماقتۇر، بەس.

قۇللارنى خىزمىتى ئۈچۈن تەقدىرلەش،
ۋە ياكى قۇسۇرى ئۈچۈن تەنبىھلەش،
مەلىكە ئىشىدۇر، ئۆزگىگە تەگمەس.
رازىمەن چۆرىلەر خىزمەتلىرىدىن.
سىناقتىن ئۆتكۈزدۈم ئۇلارنى تولۇق.
ئىللىئان ياقاندا جەڭنىڭ ئوتىنى،
ھەم تەسلىم بولغاندا ئېگىپ بويىنىنى،
چۆرىلەر يېنىمدىن بۇلجىغىنى يوق.
سىنىدىم ئۇلارنى سەپەردە يانا،
دېڭىزدا ھەم قاتتىق تەھدىت ئاستىدا،
ھەركىمگە ئۆز جېنى شېرىن بولغاندا،
سادىق بوپ قالىدۇ چۆرىلەر ماڭا،
توختاتقىن ئۇلارنى خورلاشنى شۇڭا.
مەن بۇندا يوقۇمدا سەن شاھ سارىيىن.
سەرەمجان ساقلىغان بولساڭ تەشەككۇر.
مەن كەلدىم، ئەمدى سەن ئەدەب ساقلاپ تۇر،
مۇكاپات ئورنىغا جازا تارتىمىغىن.

## فاركىئادە

قۇللارنى باشقۇرۇش ئۇلۇغۋار شاھنىڭ
ئۆمۈرلۈك يولدىشىغا بېرىلگەن ھوقۇق.
مانا بۇ ھوقۇققا كۆپ يىل ئەجىر قىپ،
روزىغار تىزگىنىن تۇتۇپ يەتكۈلۈك.
سەن يەنە ئورنۇڭدا تۇرغانىكەنسەن،
ھەم يەنە خوجايىن بولغانىكەنسەن،
بوشىغان تىزگىننى ئالغىن قولۇڭغا.

بول ئىگە بايلىققا ھەم بىز قۇلۇڭغا.
ۋە لېكىن مەن قېرى كىلىتچىنى سەن،
چۆرىلەر تۆپىدىن ھىمايە قىلغىن.
كۆرۈنسەڭ سەن ماڭا بولۇپ بىر ئاققۇ،
ھە، بۇلار بىر توپ غاز، سەن بۇنى بىلگىن.

## خور باشلىغۇچى

گۆزەلنىڭ ئالدىدا بەتتەر بەت چىراي.

## فاركىئادە

دانىشمەن ئالدىدا ئەخمەق ھالى ۋاي.
(غار ئىچىدىن خارىتىئادەلەر بىر - بىرلەپ چىقىپ
گەپكە قوشۇلىدۇ)

## بىرىنچى خارىتىئادە

ئاتاڭ ئەدىب تىنچلىقمۇ، سالامەتمۇ ئاناڭ تۇن؟*

## فاركىئادە

بايان قىلغىن بىر - بىرلەپ ئاچاڭ سىڭىللا ھالىنى.*

## ئىككىنچى خارىتىئادە

بارچە ئۇرۇق ئەۋلادىڭ بەت چىرايمۇ سىڭىڭدەك؟

فاركئاده

لەھەتلەردىن ئىزدىگىن ئەۋلادىڭنىڭ بارىنى.

ئۆچىنچى خارىتئاده

لەھەتتىكى بارچىسى سەندىن گۆزەل، ياش ئىكەن،

فاركئاده

ئەيش قىلغان دوزاختتا قېرى تىرېزېي بىلەن سەن.*

تۆتىنچى خارىتئاده

ئارىئانىڭ ئانىسى، بىلدىم، سىېنىڭ نەۋرەڭكەن.*

فاركئاده

گارپىيەلەر شاترىغىن نەزدىمدە سەن يېگەنسەن،*

بەشىنچى خارىتئاده

بۇ قاق سۆڭەك تېنىڭگە نېمە ئوزۇق؟ جاۋاب بەر.

فاركئاده

ماڭا غىزا ھەر نېمە، سەن ئۆچ بولغان قانى ئەمەس.

ئالتىنچى خارپتىئادە

ئۆلۈكخۇمار قۇزغۇنسەن، مۇردىسىمان ھەم ئۆزۈڭ.

فاركىئادە

ئاغزىڭنى يۇم يالماۋۇز، تارت تىلىڭنى بولدى، بەس.

يەتتىنچى خارپتىئادە

ياپاي ئۆزۈم ئاغزىڭنى كىملىكىڭنى قىپ بايان.

فاركىئادە

كىملىكىڭنى ئېيتساڭچۇ بولار ھەممە گەپ ئايان.

ئېلېنا

بەس ئەمدى توختىتىڭ ئېلىشىشنى تېز،
بۇيرۇيمەن، رەنجىشتە، ئەمەس غەزەپتە.
بولمىسا ئىناقلىق خادىملار ئارا،
خانىدان تارتىدۇ زەرەر ئەلۋەتتە.
بىئىناق چۆرىلەر خانىش بۇيرۇغىن،
قىلالماس ۋاقتىدا تەلتۆكۈس ئادا.
ئۆتىدۇ كۈنلىرى چۈنكى بىھۇدە
تالىشىش، تارتىشىش، قۇرۇق جاڭجالدا.
ۋە لېكىن گەپ ھەرگىز بۇ يەردە ئەمەس،

گەپ شۇكى: تىللاشلار بىرى بىرىنى،
ئۇيغاتتى قايتىدىن قەلبىمدە مېنىڭ
دەھشەتلىك كۆنلەرنىڭ خاتىرىسىنى.
بەختىمگە بولسامىۇ گەرچە يۇرتۇمدا،
سېزىمەن قاماللاپ تۇرغاندەك ئاركوس.
مەن كۆرگەن ئۇ كۆنلەر راستمۇ، يالغانمۇ،
ۋە ياكى ئۇيقۇلۇق تۆندىكى بىر چۆش.
راستىنلا مەن ئاشۇ دەھشەتلىك ئايال
تۆپەيلى شەھەرلەر بولدىمۇ ۋەيران؟
قىزلار تىترىمەكتە دەھشەتنى ئەسلەپ،
بىپەرۋا سەن بۇندا، سۆزلە، مەن ھەيران.

## فاركىئادە

كىم ئەگەر بەختكە يار بولسا ئۇزاق
ئۆتمۆشى ئۇنىڭغا چۆش بوپ كۆرۈنەر.
بىھېساب خۇشاللىق، چەكسىز بەختنى،
ھەدىيە قىلىشقان ساڭا تەڭرىلەر.
يولۇڭدا سەن قۇربان بولۇشقا تەييار
ئالدىڭدا بىھېساب ئاشىق بىقارار.
تۇنجى رەت ئىشقىنى بىلدۈردى تىزېي،*
بار ئۇندا گېركولېس سۆپەت قەد، مادار.

## ئېلېنا

ئۇ ماڭا بىئاياۋ چاڭگىلىن سېلىپ،
ئافىنا شەھىرىگە قاچقاندا ئېلىپ،

ئاھۇدەك جان ئىدىم، تېخى ئۇن ياشار.

**فاركىئادە**

تەق ئىدى سەن ئۈچۈن ئۇ چاغ كۆپ مەردلەر،
قۇتۇلدۇردى ئاخىر پاللۇكس، كاستار.

**ئېلېنا**

شۇ مەردلەر ئىچىدە ماڭا ھەممىدىن
پىل سۆپەت باھادىر پاتراكىل ياقار.

**فاركىئادە**

ئۇزاتتى ۋە لېكىن ئاتاڭ مېنېلەيگە،
ئۇ قەيسەر دېڭىزچى، ئائىلە پەرۋەر.

**ئېلېنا**

ئۆتتۈندى شاھ ئاتام تەختىنى بىزگە،
گېرمىئان تۇغۇلدى، سۆيۈندۇق بىزلەر.

**فاركىئادە**

ماڭغاندا يولدىشىڭ كرىتنى ئالماققا،*
مېھمىنىڭ بولدى بىر بەرنا دىل سۆيەر.

ئېلېنا

نېمىشقا ئەسلەتتىڭ ئۇ ئېغىر كۈننى.
ئەلەملىك ئۇ كۈنلەر باغرىمنى ئۆرتەر.

فاركىئادە

مەن ئازاد كىرىت قىزى، ئەنە شۇ كۈنلەر
ھېس قىلدىم مەھكۇملۇق، چۆرىلىك نېمە؟

ئېلېنا

سەن ئۇ چاغ كىلىتچى شاھ خانىسىدا
تۇتۇلدى قولۇڭدا بارچە خەزىنە.

فاركىئادە

ئۇ چاغدا سەن ئەۋزەل كۆردۈڭ يار بىلەن
ئىشرەتنى ترويا قورغانى ئارا.

ئېلېنا

نەئىشرەت، بولمىدى ماڭا ھېچ شادلىق،
ئۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن زۇلمەت قاپقارا.

فاركىئادە

ترويا، مىسىردا بىرلا ۋاقىتتا،
ياشىغانمىشسەن ئىككى سىمادا.*

ئېلېنا

قىلمىغىن ھەرگىز بۇ بىمەنە سۆزنى
ئۈسىزمۇ تارتقىنىم كۆپ بۇ ئاردا.

فاركىئادە

دېيىشەر ھەم ھايات چېغىدا ئاخىلل
ۋىسالىڭ قىدىرىپ كەينىڭدىن سېنىڭ.
بارى - يوق دۇنياسىن ساڭا بەرگەنمىش.*

ئېلېنا

ئۇ بىلەن بولدۇم روھ روھ بىلەن گويا،
ۋە ياكى سايە بىلەن بولغاندەك سايە.
بىراق ئۇ چۈش ئىدى. ۋاھ، بولدۇم بىھوش.
(ھوشسىزلىنىپ خارتىدەلەرنىڭ قولىدا يىقىلىدۇ)

خور

جىم بول، يۇمغىن ئاغزىڭنى،
ئەي ۋەھشىي ياۋۇز!

يالغۇز چىشلىق بۇ ئېغىز،
بۇ زەھەر تىللىق
مۇمكىنمىدى ئېيتىشى
بىرەر ياخشى سۆز؟

قوي تېرىسى يېپىنغان
ۋەھشىي بۆرىنىڭ
خەۋپلىكتۇر ھىيلىسى
ئۈچ ياشلىق ئۈتتىن.

ھەيران بولۇپ قارايمىز:
بۇ ۋەھشىي مەخلۇق
شۇنچە ھىيلە ـ مىكرىنى
نەدىن تاپتىكىن؟

تىنجىتماق ھەم بەزلىمەك
ئورنىغا ئۇنى،
نېچۈن دەردلىك كۈننى
يادىغا سالدىڭ.

كۆزلىرىگە بۈگۈننى
قارا قىلدىڭۇ
ئۈمىد ھەم كېلەچەكنىڭ
ئىشىكىن ياپتىڭ.

جىم بول، يۇمغىن ئاغزىڭنى،
ئەي ۋەھشىي ياۋۇز،
بىزنى تەرك ئەتمىسۇن
ھەرگىز مەلىكە،
گۈزەللىكتە ئالەمدە
ئۇ بەككە — يالغۇز.

(ئېلىپنا ئۆزىگە كېلىدۇ ۋە يەنە چۆرىلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ)

**فاركىئادە**

يۈزۈڭنى ئاچ ئەي قۇياش، تەبەسسۇم قىل، مەلىكە،
گۈزەل ئىدىڭ غەم ئىچرە، شادلىقتا بەك گۈزەل سەن.
نۇر چاقنىغان كۆزۈڭگە ئالەم كۆركى ئېچىلدى،
بولسامىمۇ مەن بىداۋا، ھۆسن قەدرىن بىلەرمەن.

**ئېلىنا**

بىھوشلۇق دۇنياسىدىن ئۆزۈمگە كەلمەكتىمەن
بىھوشلۇقنى خالايتتىم، بولغاچ ۋۇجۇدۇم ھارغىن.
لېكىن ئوخشاش ھەممىگە مەلىكىمۇ ئۆزىنى
كېرەك يوقاتماسلىقى پالاكەتنىڭ ئالدىدىن.

**فاركىئادە**

سەن بۈگۈن گۈزەللىكىڭ، ئۇلۇغۋارلىقىڭ بىلەن
ئالدىمىزدا تۇرۇپسەن. بىزگە نېمە بۇيرۇيسەن؟

**ئېلىنا**

ئۆتتى پۇرسەت گەپ بىلەن، شاھ ئېيتقاندەك ئەمدى سەن
قۇربانلىقتا تېزلىكتە كۆرگىن ياخشى تەييارلىق.

**فاركىئادە**

ھەممە نەرسە تەق تۇرار، خىلمۇ خىل ئىدىشلارۇ
ئۆتكۈر پالتا ۋە بەخۇر، كىمى پەقەت شۇ جانلىق.

ئېلېنا

شاھ جانلىقنى ئېيتىمدى.

فاركىئادە

ئاھ بۇ نېمە كۆرگۈلۈك!

ئېلېنا

نېمىگە ئاھ ئۇرىسەن؟

فاركىئادە

جانلىق دېمەك، ئۆزۈڭ سەن.

ئېلېنا

ئەجەبا؟ مەن؟

فاركىئادە

بۇلارمۇ بار.

خور

ئاھ!

فاركشاده

سەن چىپىلسەن.

ئېلىنا

مەنمۇ بۇنى سەزگەنمەن.

خور

بىزچۇ، نېمە بولارمىز؟

فاركەئادە

شەرەپ بىلەن مەلىكە
قۇربان بولار بەئەينى مەلەكلەردەك بىر يولى،
سىز گوياكى قۇشلاردەك ئېسىلسىز شىپالارغا.*
(ئېلىنا ۋە چۆرىلەر دەھشەت ئىچىدە كەينىگە
چېكىنىپ ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇشىدۇ)
نېچۈن قېتىپ قالدىڭلار، ئەي ئەرۋاھلار، ھەيكەلدەك؟
جان شېرىنمۇ؟ ۋە لېكىن ئەمدى ئۇ سىزنىڭ ئەمەس.
ئادەملەرمۇ سىلەردەك ئەسلى ئەرۋاھ، بىراقتا
كۆن نۇرىدىن ھېچقاچان جۇدا بولغۇسى كەلمەس.
لېكىن قىسمەت دەستىدىن ھېچكىمگە يوق ئامانلىق،
بۇنى ھەممە بىلسىمۇ بىراق ئاڭا تەن بەرمەس.
يېتەر، پۈتتى كۈنىڭىز! ھەي، قېنى سىز زابىھلار!

(چاۋاك چالىدۇ)

ئىشكتە نىقاب كىيگەن پاپىلار پەيدا بولىدۇ ۋە
فاركىئادە بەرگەن بۇيرۇقلارنى بېجىرىشىدۇ.

قېنى، تېزرەك بۇياققا، ئەي پاپىلار گورۇھى!
بۈگۈن كۆڭۈل ئاچارسىز يايراپ راسا سىز بۇندا.
بولۇڭ، تېزرەك ئەكىلىڭ، تىللا شاخلىق مەزبەخنى،
ئايپالتىنى ھەم ئۇنىڭ قويۇپ قويۇڭ يېنىغا.
كوزىلارغا تولدۇرۇپ قويۇڭ سۈزۈك سۇلارنى،
چاچرىغاندا قارا قان ئۇنى يۇيۇپ تۇرماققا.
تىز چۆكۈپ شۇ مەزبەخكە باش قويغان مەلىكىنىڭ
ئاياغلىرى ئاستىغا گىلەملەرنى سېلىڭلار.
نۆۋىتىدە، بېشىدىن جۇدا بولغان تېنىنى،
يۆگەپ ئاشۇ گىلەمگە لەھەتكە ئەپ مېڭىڭلار.

## خور باشلىغۇچى

چۆمۈلگەچكە خىيالغا چەتتە تۇرار مەلىكە،
سولۇپ بارار قىزلارمۇ كېسىلگەن گۈل - چېچەكتەك.
مەن بۇ توپنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېشى، ئەڭ ئۇلۇغى،
زۆرۈر ماڭا سەن بىلەن ئىككى ئېغىز سۆزلەشمەك.
ئەقىللىكسەن، داناسەن ھەم بىزگە تەرەپدارسەن
جاۋىلداقلار چىشىڭغا تەگسىمۇ كەچۈرگەيسەن،
يوقمۇ بىزگە قۇتۇلۇش يولى؛ ئۆزۈڭ بىل يۆلەك.

## فاركىئادە

ئاسان بۇنى ئېيتماققا! ھەممىنى ھەم ئۆزىنى
قۇتۇلدۇرۇش پەقەتلا مەلىكىنىڭ قولىدا.
بۇنىڭ ئۈچۈن دادىللىق، جۈرئەتچانلىق ھەم كېرەك.

## خور

ئەي، شۆھرەتلىك مەلىكە، سۇلالىلەر داناسى،
ھاياتىمىز رىشتىسىن ئۈزمە، ياردەم قىلغىن، بول.
سەزمەكتىمىز ئۆلۈمنىڭ شەپىسىنى بىز ھازىر،
ئىشق ئۈچۈن يارالغان تېنىمىزگە سۇندى قول.

## ئېلىنا

گەرچە ئۇلار قورقىسمۇ مەندە قىلچە قورقۇش يوق،
شۇنداقتىمۇ مەيلى ئېيت، قۇتۇلۇشقا بارمۇ يول؟
بولسا دانا يارانلار دائىم چارە تېپىلۇر،
مەسلىھەتنىڭ بار قانداق، قىلاي مەيلى مەن قوبۇل.

## خور

ئېيتقىن تېزرەك سەن بىزگە قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى،
كەلدى بىزگە يېقىنلاپ مەشئۇم ئۆلۈم شەپىسى.
سىرتمىقى ھەم تەگلەندى بوينىمىزغا شۇ تاپتا
ئۈزۈك بىزنى قۇتۇلدۇرغىن، شەپقىتى زور ئەي رىيا،
تەڭرىلەرنىڭ ئانىسى.

## فاركىئادە

بايان قىلىپ بېرەرمەن سىلەرگە كۆپ نەرسىنى
بولسا سەبىر ئاڭلاشقا بۇ ئۇزۇن ھېكايەمنى.

خور

مەيلى، ئېيتىپ ھېكايە ئۆمرىمىزنى سوز بىرئاز.

فاركىئادە

كىمكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ بايلىقلارنى ئاسرىسا،
چىرىپ كەتكەن تۆۋرۈكنى قايتا يۆلەپ تۇرغۇزسا،
كىم تېمىغا قارىسا، قىلچە داغ تامدۇرمىسا،
ئۇ ياشايدۇ ئۆيىدە ئۇزاق يىللار تىنچ - ئامان.
يېڭىلتەكلىك قىلىپ كىم تەرك ئەتسە ئۆيىنى،
ئاشۇ ئىشرەت قوغلىشىپ ماكان تۇتسا يات يۇرتنى،
ئۇ قايتىپ ئۆز ئۆيىنى ئاۋۋالقىدەك كۆرەلمەس،
بولار تامام كۆرگىنى گۇمران بولغان بىر ماكان.

ئېلېنا

ھەل قىلغۇچى بۇدەمدە تەنە قىلماق نە ھاجەت؟
قويۇپ ئارتۇق گەپلەرنى ھېكايەڭنى قىل بايان.

فاركىئادە

تەنە ئەمەس سۆزلىرىم،
ئاگاھ بول، دەپ ئۈندىدىم.
بويلاپ ئۆزگە ئارالار، بويلاپ ئۆزگە قىرغاقلار،
كەزدى دېڭىز مېنىڭلەي قاراقچىلىق قىپ ھامان.

يا ندى ھەر بىر سەپەردىن ئېلىپ ئولجا بىھېساب
تۆردى ساراي لىق تولۇپ ئالتۇن بىلەن ھەر قاچان،
ترويانى ئىگىلەپ تۆردى ئارتۇق ئۇن يىلدىن،
سۆزدى قانچە قايتىشتا — بۇ ماڭا ئايان ئەمەس.
بۇ ئۇزاق يىل ئىچىدە نېمە بولدى سەلتەنەت؟
تىندېرى سارىنىڭ ئەھۋالى نېچۈك بۇ ئان؟

## ئېلېنا

قوشكېزەكمۇ سەن بىلەن ئەيىبلەش، تىللاش، ئەجەب،
نېچۈن دىلنى رەنجىتمەي قىلالمايسەن بىرەر گەپ؟

## فاركىئادە

جەنۇبتا سپارتايۇ، شىمالدا تايگېرتكىچە
سوزۇلغان ۋادا كۆپ يىل كۆزلەردىن تۆردى نىھان.
ئەۋرات سۈيى تاغلاردىن باغرىغا ئىنتىلگۈچى
قومۇشزارنىڭ ئىچىدە ئاققۇلار تۇتقان ماكان.
بۇ ۋادىغا شىمالدىن — يېرىم تۈن ئۆلكىسىدىن
كەلگەن قانداقتۇر بىر ئەل - باتۇر، قورقماس، نەۋقىران.
مۇستەھكەم قەلئە قۇرۇپ، تۈزۈپ ئۇندا ئىستىھكام،
شۇ قەلئەدىن ئۆلكىنى باشقۇرار ئىكەن ھامان.

## ئېلېنا

بۇ قانداقمۇ مۇمكىندۇر؟ قانداق جۈرئەت قىلىشتى؟

فاركئاده

يىگىرمه يىل ۋاقتىنى ئىلكىده چىڭ تۇتتۇشتى.

ئېلېنا

سەردارلىرى بارمىكەن؟ كۆپمۇ ئۇ قاراقچىلار؟

فاركئاده

ئەمەس ئۇلار قاراقچى. ئۇلارنىڭ سەردارى بار.
ئۇ ماڭا تىل ياغدۇردى، تىللىمايمەن مەن ئەسلا.
خەزىنىنى بۇلىماي، ئالدى چۈنكى بىر ئازلا،
ئالغىنىدەك گويا كى سوۋغا ياكى يادىكار.

ئېلېنا

كۆرۈنۈشى قانداقراق؟

فاركئاده

دۇرۇس. ماڭا ياقتى ئۇ،
ئەپچىل، قورقماس. دانىشمەن، سۆھبەتتىمۇ مۇلايىم.
بۇنداق ئاقىل ئادەمنى ئىلىمىزدىن تاپماق تەس.
گەرچە خەلقى ئۇلارنىڭ ئاتالسىمۇ ياۋايى
ترويادا جەڭ قىلغان يۇنان ئەسكەرلىرىدەك
كۆزلىرىگە قان تولغان ۋەھشىي ئادەمخور ئەمەس.

ئىشەندىم ئۇ سەردارنىڭ ئالىيجانابلىقىغا.
ئۇلارنىڭ ئىستىھكامى تاغنىڭ تىك يانباغرىدا،
باقساڭ ئەگەر سەن ئاكا، بارلىق ئەجدادلىرىڭلار
قۇرۇپ كەتكەن سىياقسىز قەلئەلەرگە ئوخشىماس.
ۋەھشىي سىكلاپلار كەبى باستۇرۇپ تاشنى تاشقا
ئىمارەت قۇرۇشمىغان، بۇ قەلئە تامام باشقا:
تۈۋرۈكلىرى تىك، تەكشى، بىر - بىرىگە كەلگەن ماس.
كامان كەبى سامانى يېرىپ چىققان تىك قەددى،
گۈمبەزلىرى پەلەككە مەغرۇر تىرەپ تۇرار باش.
پولات كەبى مۇستەھكەم، ئەينەك كەبى سىيلىقتۇر،
ئاكا چىقماق بولغاننىڭ ئاقىۋىتى يۇملاش.
ئىچكىرىدە قەلئەنىڭ ئىمارەتلەر بار تالاي،
كالۇننالار ھەم رەت - رەت نەقىشلەنگەن ئۆي، ساراي،
ھەم گېربلەر...

ئېلېنا

بۇ نېمە؟

فاركىشادە

يادىڭىزدا بولسا گەر
ئاياكس قالقىنىدا ئەجدىھا شەكلى بار ئىدى.
فىۋانىڭمۇ شۇ يەتتە قەھرىمان باتۇرنىڭ
ساۋۇتىدا خىلمۇ خىل تامغىلار بولار ئىدى.
ئاي ۋە يۇلتۇزلار شەكلى، قىلىچلارنىڭ تەسۋىرى،
قامال ۋاقتىدا قەلئە، ئىستىھكاملار دەھشىتى —

بولار ئىدى مەشئەل ۋە ھەر خىل نەرسە سۈرىتى.
ئۇلار ئويۇپ قالغانغا ياكى قىلىپ قاپارتما،
تەسۋىرنى ھەر قاچان كۆركەم ئەكس ئېتەتتى.
خۇددى شۇنداق تامغىلار بولۇپ مىراس ۋە ئادەت،
بۇ قەيسەر مەردلەرگىمۇ ئەجدادىدىن قېپقالغان.
بۇ تامغىلار شەكلىدە تۇرار تارتىمپ دىققەتنى،
تۈرلۈك نەقىش، گۈل - چېچەك، بۈركۈت، ئۆكۈز، ئارسلان.
چۈشۈرۈلگەن ۋە يەنە ئاتا بۈركۈت قانىتى،
ھەمدە قارا، زەڭگەر، زەر، كۈمۈش كەمەر سۈرىتى.
بۇ گىرىبلىق ساۋۇتلار زور سارايدىن ئالغان جاي،
ياپىراپ ئۇسسۇل ئويناشقا راسا بابتۇر بۇ ساراي.

## خور

ئۇسسۇللار بارمۇ ئۇندا؟

## فاركىئادە

ھە بار! گۈزەل يىگىتلەر.
جىڭگىلەك ئالتۇن چاچلىق، ياشلىق كۈچى بەرق ئۇرغان،
بەمىسالى بىر مەھەل گۈزەل مەلىكىمىزنى
بەنت ئەتكەن فارس كەبى ھۆسن، قۇدرەتكە تولغان.

## ئېلېنا

ھوشۇڭنى يىغ. دېمەكچى بولغان گەپتىن چەتلىمە!
ئىستىكىڭنى تېز بىلدۈر، تەكلىپىڭ زادى نېمە؟

فاركئادە

ئىستىكىڭنى سەن بىلدىڭ، خالىساڭلا، دەل ھازىر،
توختىماي ئۇ قەلئەگە يەتكۈزۈشكە مەن قادىر.

خور

بىر سۆز بىلەن ئۆزۈڭنى ھەم بىزنى ئازاد ئەيلە!

ئېلېنا

ئەقلىم يەتمەس، ئەجەبكى تۇرۇپ ئېرىم بۈيۈك شاھ،
كۆرەر نېچۈن شەپقەتسىز جازانى ماڭا راۋا!
ياق، مېنىلەي ھېچقاچان قىلماس بۇنداق قاتىللىق.

فاركئادە

ئېسىڭدىدۇر فارىسنىڭ ئۇكىسى ئۇ دېيفاب
خوتۇن قىلدى ئۇ سېنى فارىس ئۆلۈپ كۆپ ئۆتمەي.
شۇ ۋەجىدىن قامالغا ئېلىپ ئۇنى غەزەپتە،
قانداق ۋەھشى ئۇسۇلدا قىلدى ھالاك مېنىلەي؟
ئاۋۋال كېسىپ تاشلىدى قۇلاق بىلەن بۇرنىنى،
ئاندىن باشقا ئەزاسىن... دەھشەتتۇر ئەسلەش ئۇنى!

ئېلېنا

سالدى شۇنچە قىيناققا مەن تۇپەيلى شورلۇقنى.

فاركىئادە

ئۇ تۆپەيلى سىنىمۇ سالار شۇنداق قىيناقتا.
ھۆسن شۇنداق مۆلۈككى ھەرگىز ئىككى بۆلۈنمەس،
ئاڭا ئىگە بولسا كىم، ئۆزگىگىمۇ ئۆتۈنمەس،
تەڭ بەھرىمەن بولغاندىن، قول سالار يوق قىلماقتا.
(يىراقتىن كاناي سادالىرى كېلىدۇ)
سادا كېلەر يىراقتىن قۇلاقلارنى يارغۇچى،
يۈرەكلەرگە غۇلغۇلا، ھاياجانلار سالغۇچى.
ئۇ مىسالى يېقالغان مۇھەببەت چەككەن ئازار،
ياكى ئەرلەر قەلبىدە رەشىك ئوتى ئويغىتار.
ھاياجانۇ غەلىيان ئالەمنى تىترەتكۈچى.

خور

كاناي ئۈنى يېقىنلار، يالتىرايدۇ قىلىچلار،
ئاڭلىدىڭمۇ، كۆردۈڭمۇ، بۇلارنى، سەن، مەلىكە؟

فاركىئادە

سالام ئۇلۇغ پادىشاھ، بىرەي سىزگە ھېساب‌بات!

خور

بىزلەرچۇ، بىز؟

### فاركىئادە

مەلىكە ھالاك بولار، كۆرەرسىز،
ئاندىن نۆۋەت سىزنىڭكى، بېرەلمەيمەن مەن نىجات.

### ئېلېنا

كەلگۈسى ئىشلىرىمنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتىمەن،
ئىبلىسلىقنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ دەل كۆزۈمگە.
مەقسىتىمنىڭ — ياخشىلىقنى يامانلىققا بۇرىماس،
مەيلى شۇنداق بولسىمۇ كىرەي سېنىڭ سۆزۈڭگە:
باشلا ئاشۇ قەلئەڭگە، ئىزىڭ بويلاپ مەن ماڭاي،
ۋە لېكىن مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان
مەقسەتلىرى يالغۇزلا ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان.
ھېچكىم ۋاقىپ بولالماس. قېنى باشلا ئەي موماي!

### خور

جان دەپ، جان دەپ بارارمىز
بىزلەر ئاشۇ تەرەپكە.
ئارتتا ئۆلۈم دەھشىتى،
ئالدىمىزدا — زور قەلئە،
قورغانلىرى مۇستەھكەم.
مەلىكىنى ئەي قەسىر
ئۆز قوينۇڭغا ئال بۇدەم.
تروياىمىز دۈشمەنىنىڭ
مىكرى بىلەن ئېلىنغان.

خۇددى شۇ تروياده‌ك
ساقلىغىن ئۇنى ئامان.

(سه‌ھنىنى تۇمان قاپلايدۇ)

كۆردۈڭلارمۇ؟ ھېلىلا،
ئوپئوچۇق ئىدى ئاسمان.
ئه‌ۋراتنىمۇ چۈمكىدى،
ئۇشتۇمتۇت چۈشكه‌ن تۇمان.
ئۇنىڭ قومۇش قاپلىغان،
ئه‌ينه‌كته‌ك سۈيى بويلاپ.
ئۈزۈپ يۈرگه‌ن ئاققۇلار،
كۆزله‌ردىن بولدى نىھان.
يىراقلاردىن كه‌لمه‌كته،
ئۇلارنىڭ بوغۇق، مۇڭلۇق،
ھه‌سره‌تكه تولغان ئۈنى.
دېيىشه‌ر ئه‌ل: ئاققۇلار —
قوشىقى قىلار خه‌ۋه‌ر
يېقىنلاشقان ئۆلۈمنى.
ئاھ، ئىلاھىم بۇ سه‌په‌ر
توغرا بولۇپ چىقمىغاي
ۋه‌ھىمىلىك شۇ ھېكمه‌ت.
باقسا كىمكى بىزله‌رگه،
بىزله‌رمۇ ئاققۇ سۈپه‌ت.
كۆتۈرۈلگه‌ن كۆكسىمىز،
ئۇزۇن ئاپئاق بوينىمىز،
ئاققۇلارنىڭ ده‌ل ئۆزى.

مەلىكىمىزغۇ ئەسلى،
زېۋىس — ئاققۇنىڭ قىزى.

قاپقارا زۇلمەت بىلەن
چۇلغانماقتا تۈت ئەتراپ.
ھەتتا بىر - بىرىمىزنى
كۆرەلمەي قالدۇق شۇتاپ.
يورۇشنى يا تۇرۇشنى
بىلەلمىدۇق تېڭىرقاپ.
كۆكتە ئەجەب بىر نەرسە
كۆرۈنمەكتە يالتىراپ.
ئۇ بىزلەرگە كۆرۈنگەن،
ئويلاپ كۆرۈڭ، گېرمېسمۇ؟
يالتىرىغان قولىغا.
تۇتقان تاياق ئەمەسمۇ؟
ھە، ئۇ بىزنى ئالدىنىڭ
دەھشەتلىك گىردابىغا،
مەڭگۇ زۇلمەت بۆشۈكى —
ۋەھىمە ماكانىغا،
قايتىشقا ئۈندىمەكتە.
قاراڭغۇلۇق چۆكمەكتە:
تۇمان تارقىلار، ئەمما
يورۇقلۇقتىن ئەسەر يوق.
ئالدىمىزدا ئېگىز تام،
قارشىمىزدا بار توسۇق.
سارايمۇ بۇ يا مازار؟
ئاھ نەقەدەر دەھشەتلىك!

يوللىرىمىز تورالغان.
قاپقاندا بىز، ئەسىر بىز،
قىزلار، بىزلەر ھېچقاچان
بۇنداق ئەسىر بولمىغان.

## قەلئە ئىچى، ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس ھەشەمەتلىك نەقىشلەنگەن قەسىرلەر

باشقۇرغۇچى

كېلەر تەنتەك، يېڭىلتەك ئايال زاتى ھەممىسى،
دەقىقەنىڭ قۇربانى، كەيپىيات ئەسىرەسى.
بەخت ياكى بەختسىز دەملەردىمۇ ھەر قاچان
ۋەزمىنلىك قەتئىيەتنى قىلالمايسىز نامايان.
بىلگىنىڭىز چۇۋۇلداش يا داد - پەرياد كۆتۈرۈش،
ھېچبىر ئىشتا ھېچقاچان ھەمجەھەتلىك يوق سىزدە.
بەس، ئەمدى چۇۋۇلداشماڭ، جىم بولۇپ قۇلاق سېلىڭ،
كېلەر قانداق قارارغا، نېمە بۇيرۇر مەلىكە؟

ئېلېنا

نەدە سەن ئەي ئەپسۇنكار؟ نېمە دەيتتى ئىسمىڭنى؟
مەيلى پىغانىسا بول، كۆرسەت پەقەت جىسمىڭنى.
بىزنىڭ بۇ يان يول، يۈرۈپ كەلگىنىمىز ھەققىدە،
خەۋەر قىلماق بولساڭ سەن قەلئەنىڭ ساھىبىگە،

ئىپتىماق بولساڭ ھەم ئاڭا بىزنى قارشى ئېلىشنى،
بولسۇن ساڭا رەھمەتلەر، پەقەت بىجىر تېز ئىشنى.
ھۇزۇرىغا سەن ئۇنىڭ باشلىشىڭنى سورايمەن،
چارچاپ كەتتىم تولىمۇ، دەم ئېلىشنى خالايمەن.

## خور باشلىغۇچى

تۆت ئەتراپقا تەلمۈرمە ئىزدىمىگىن مەلىكە،
تۇمان ئارا يوقالدى ئۇ بىداۋا شۇم موماي.
بىز ئۇ تۇمان ئىچىدە كۆچى بىلەن سېھرىنىڭ
پەيدا بولدۇق بۇ يەردە جايىمىزدىن سىلجىماي.
كىرىپ كەتتى قەسىرنىڭ ئىچىگە ئۇ ئېھتىمال،
بۇ يۇرتنىڭ سەردارىغا يەتكۈزمەك بولۇپ ئەھۋال.
چىققاي سەردار، كۆتەيلى، شاھانە قوبۇل قىلسۇن،
بۇ تالاي قەسىرلەردىن جەم بولغان ئېسىل سورۇن.
ئىلكىدە — خاس سارايدا، لايىق شان - شۆھرىتىڭگە
تەنتەنە بىلەن سېنى شاد - خۇرام كۈتتۈۋالسۇن.
ئەنە قارا مەلىكە، ئەينەكلەرگە بىر قارا،
باش قوشۇشۇپ خادىملار سۆزلەشمەكتە ئۆزئارا.
خىزمەتكارلار چېپىشىپ يۈگۈرۈشمەككە ھەر ياققا،
كۆرۈشمەككە تەييارلىق، دېمەك، قوبۇل قىلماققا.

## خور

يېنىڭ نەپەس ئالدۇق بىز. ئەنە قاراڭ ئۇياققا،
سەپ - سەپ بولۇپ بىر تالاي خۇلقى خۇش ھەم مۇلايىم،
يىگىتلەر يۇقىرىدىن كەلدى تۆۋەن چۈشۈشۈپ.
كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ كۆركەم ياش ئوغلانلار

كەلمەكتىكەن بىز ياققا قاتار ـ قاتار بولۇشۇپ؟
قاراڭ ئۇلار ھۆسىندىگە، قاراڭ تەكشى سىپىدىگە،
قاراڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ زەپ كېلىشكەن قەددىگە.
بۇدۇر ـ بۇدۇر چاچلىرى ماڭلىيىنى بېزىگەن،
لەۋلىرىدە تەبەسسۇم شولا چاچار ھۆسنىگە.
گويا پىشقان شاپتۇلا — چىشلىۋالغۇڭ كېلىدۇ.
چىشلىۋالار ئىدىــمۇ، لېكىن ئېيتماق ھەم دەھشەت —
ئېغىر مازار تۈپىسى بىلەن تولۇپ چىقىدۇ.*

گۈزەل يىگىتلەر،
كەلدى قولىدا —
تەخت ۋە گىلەم
يىپەك يېپىنچا.
مەلىكىمىزگە
گىلەم سېلىنچا،
يىپەك گەزلىمە
بولدى يېپىنچا.
قويــدى تەختكە
مەلىكە قەدەم،
قورشايلۇق ئۇنى
سەپ بولۇپ شۇ دەم.
شان بولسۇن، شان بولسۇن، شان بولسۇن،
يانا —
ئۈچ رەت شەرەپلەنسۇن بۇ قۇتلۇق رەنا.

خور ئېيتقان ئىشلار كەينى ـ كەينىدىن بېجىرىلىدۇ. ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچىلار ئۇزۇن سەپ بولۇشۇپ، پەلەمپەيلەردىن

چۈشكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئەسىر رىتسارى كىيىمدە فائۇست پەيدا بولىدۇ ۋە ئاستا، مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ پەسكە چۈشىدۇ.

## خور باشقۇرغۇچى

(ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ)
ئەگەر قادىر تەڭرىلەر بۇ بەختىيار يىگىتكە
شۇنداق قەددى ـ قامەتنى، شۇنداق بەرنا ھۆسنىنى.
پەقەت ۋاقتىنچە ئەمەس، بەرگەن بولسا ئەبەدىي،
ئۇ ھەر يەردە، ھەر قاچان يار بولغۇسى نۇسرەتكە.
قانلىق جەڭدە يىگىتلەر ئۈستىدىن غالىب بولۇر —
گۈزەل قىزلار ئۈستىدىن مۇھەببەت جەڭگاھىدا.
مەن تالايلاپ خۇشقامەت، بەرنالارنى كۆرگەنمەن
لېكىن بۇنداق يىگىتنى كۆرمەكتىمەن تۇنجى رەت.
خۇش پېئىللىق بىلەن ئۇ يېقىنلىشىپ كەلمەكتە،
ئەي مەلىكە سەن ئۆزۈڭ ئاڭا باقۇ قىلغىن گەپ.

## فائۇست

(كىشەن سېلىنغان ئادەمنى ئېلىپ كېلىدۇ)
ئەي مەلىكە، سېنى شاد قوبۇل قىلماق ئورنىغا،
سالام بىلەن ھەم بەلەن قارشى ئالماق ئورنىغا.
ئېلىپ كەلدىم ئالدىڭغا زەنجىر بەنت قىلىپ بۇنى،
كەلتۈرمەستىن ئۇ بەجا ئۆز بۇرچىنى، بۇ بىلەن
قىلدى مەھرۇم مېنىمۇ بېجىرىشتىن بۇرچۇمنى،
ئەي تۆۋەن زات، تىز چۆككىن مەلىكىنىڭ ئالدىدا.

گۇناھىڭنى تىلىگىن ئېيتىپ ئاڭا ئۆزرەڭنى،
ئەي مەلىكە، بۇ قۇلنىڭ ۋەزىپىسى كۆزەتمەك،
ئۇنى بىلىپ ھەممىدىن ئۆتكۈر كۆزلۈك ھەم سەگەك
قويغانىدىم شۇ ئىشقا، ئۇ ئىگىز مۇنارىدىن
ئۇپۇقىچە ھەريانىنى ئۆتكۈزۈپ كۆز ئالدىدىن
كۆرگىنىنى تەلتۆكۈس كېرەك بىزگە يەتكۈزمەك.
بولسۇن مەيلى قوي تۇپى، مەيلى دۈشمەن لەشكىرى،
قىلىش كېرەك ھەممىدىن بىزنى تولۇق خەۋەردار.
پارا بولسا ساقلايتتۇق، دۈشمەن بولسا بابلايتتۇق،
بىراق بۈگۈن بولدى ئۇ بەكمۇ ئېغىر گۇناھكار.
قەدەم تەشرىپ قىلىپسەن كەپتىكەنسەن بىز ياققا،
ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشتىن بىزنى ئاگاھ قىلمىدى.
ئەيىبىدىن شۇ قۇلنىڭ چىقىپ سېنىڭ ئالدىڭغا،
زور تەنتەنە قىلىشقا بىزدە ئامال بولمىدى.
ئۇ ئۆلۈمگە لايىقتۇر. بەلكىم ئۇ ئاللىقاچان
ياتار ئىدى تۇپراقتا ئۆز قېنىغا كۆمۈلۈپ.
ئەمما كېلىپ قالدىڭسەن، ئۆزۈڭ ھۆكۈم چىقارغىن،
مەيلى ئۆلتۈر - ئۆلتۈرمە، بەردىم ساڭا ئۆتۈنۈپ.

### ئېلىنا

ماڭا يۈكسەك مەرتىۋە بېغىشلىدىڭ سەن بۈگۈن،
ھەم مەلىكە، ھەم سوتچى — بۇ تولىمۇ چوڭ شەرەپ.
گەرچە ماڭا تاپشۇرۇپ ھاياتىنى بۇ قۇلنىڭ،
بولدۇڭ مېنى سىنىماق، ئالدىم ئۇنى مۆلچەرلەپ.
سوتچىلىق ۋەزىپەمنى بېجىرىشكە مەن دەرھال،
سوراق قىلىپ كۆرەيمەن گۇناھكارنى ئەڭ ئاۋۋال.

## دېرەكچى لىنتسىي

خاھ تىز چۆكتۇر، خاھ تۇرغۇز،
خاھ ئۆلتۈر، خاھ بەرنىجات.
جىنىم تامام سىنىڭكى،
ساڭا پىدا بۇ ھايات.

كۈتەر ئىدىم قۇياشنى
مەن شەرقتىن ھەر سەھەر،
جەنۇبتىن باش كۆتۈردى
ۋادەرىخ، ئۇ بۇ سەپەر.
قارالمىدىم ئەتراپقا،
يوقاتتىمۇ ئۆزۈمنى.
پەقەت ئاشۇ ئاپتاپقا
تىكىپ قالدىم كۆزۈمنى.

تەبىئەت قاپلان كۆزىن
بەخش ئەتكەن ماڭا تۈگەل.
ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈممۇ
ئىشەنمەي قالدىم بۇ گەل.
بۇ مۇتارە، بۇ قورغان
ئاسما كۆۋرۈك ۋە ھەتتا —
بۇ چىرايدىن كەڭ دالا
چۇلغاندى تۇمان ئارا.
كۆزۈم ئۆتكۈر بۇ نۇردىن
قاماشتى بولدى خىرە.

سىلەرنىمۇ قىلار لاك
بۇ مەبۇدە — مەنزىرە.

قالدىم بۇرغا چالالماي،
بىرەلمىدىم ھەم خەۋەر.
بۇيرۇقۇڭنى كۈتەي جىم،
يا چاپ، يا ئاس بۇ سەپەر.

ئېلېنا

مەن تۆپە يلى سادىر بولغان ئەيىبكە،
ئەيىبلەيمەن باشقىلارنى قانداقچە؟
ئەي، بىشەپقەت تەقدىر مېنى نېمىشكە
قىلىپ ئاپەت ئەر خەقلەرنىڭ قەلبىگە
باشلىرىغا بالا قىلىپ ياراتتىڭ؟
تالاي باتۇر، تالاي تەڭرى، ئېبلىسلار
شىددەت بىلەن ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ،
بىر - بىرىنى ئالداپ، سۆيۈپ، بەنت قىلىپ،
مېنى ھەريان ئېلىپ قاچتى تالىشىپ.
مەن ئۆلارنىڭ ئېغىر سەپەرلىرىدە
چېكىنىش ھەم جىددىي ھۇجۇملىرىدا
بىللە بولۇپ كەزدىم ئالەمدە سەرسان.
ئاۋۋال باشتا بىرئاز بالا كەلتۈردۈم،
ئاندىن ئىككى كەررە، ئاندىن ئۈچ كەررە.
ھە ئاندىن تۆت...
قىلغىن ئازاد سەن ئۇنى.
ھېچبىر گۇناھ قىلمىغان ئۇ بىچارە.
بەسىر قىلدى ئۇنى تەڭرى نۇرلىرى.

فائۇست

بۇ سېنىڭ قۇربانىڭ، ئاتقان ئوقۇڭدىن
كۆكسىدىن زەخمە يەپ تامام جان بەردى.
كامانچى ئىكەنسەن ئىنتايىن مەرگەن،
كامانىڭ مېنىمۇ مەجرۇھ ئەيلىدى.
تەسەۋۋۇر قىلارمەن بىر قەسىر ئارا
تېپىشىپ گەر ئوقلار ئاتساڭ بىئامان —
يەنە قۇربان بولار نەچچە - نەچچە جان.
مەن نېمە بولارمەن؟ ئەسكىرىم بەرى
ساڭا ئەسىر بولۇپ ئەيلەپ قەسەمياد
سېنىڭ تەرىپىڭگە ئۆتمىكى ئايان.
ھە، ئۇلار ساڭا دوست، ماڭا ياۋ بولار
مېنى ساقلىيالماس شۇندا بۇ قورغان.
دۆلەت، ئەسكەر، مۈلۈك، ھەتتا ئۆزۈمنى
تاپشۇرماقتىن ئۆزگە ئىختىيارىڭغا
قالمايدۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئىمكان.
رۇخسەت قىل تىز چۆكۈپ قىلماققا ئېلان:
بۈگۈندىن باشلاپلا بىز ساڭا تەۋە
بىزنىڭ مەلىكىمىز سەنسەن، بۇ قەلئە
بايلىق تەخت بىلەن سېنىڭدۇر تامام.

لينتسېي

(قۇتا كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئادەملەرنى باشلاپ،
ئۆزىمۇ قۇتا كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ)

مەن ئەسلىمگە يەنە قايتارمەن،
كامىل ئىشەنچ بىلە ئېيتارمەن:
سەن بىركىمگە سالساڭ بىر نىگاھ،
بولار دەرھال ھەم گاداي، ھەم شاھ.

كىم ئىدىمۇ كىم بولدۇم ئەمدى؟
نى ئىستىدىم، نى قىلدىم ئەمدى؟
چاقماق ئىدى مەندىكى نىگاھ،
نىگاھىڭدىن سۆندى ئۇ ناگاھ.

بىزلەر كەلدۇق مەشرىقتىن قاتار،
ۋە ئەيلىدۇق مەغرىپتىن تارمار.
سان ـ ساناقسىز ئىدى ئالامان،
سەپلەردىمۇ يوق ئىدى پايان.

بىر سەپ تاپسا كۆرەشتە زاۋال،
ئىككىنچىسى چىقاتتى دەرھال.
بىرىنىڭ ئورنىن يۈزى ئىگىلەپ،
مىڭى كەتسە بولماستى ھېچ گەپ.

بولۇپ گويا بۇلۇت يا تاشقىن
قوشۇن ئالغا قاراپ باراتتى.
بۆگۈن بۇندا قىلسام مەن تالان،
ئەتە بىرى بولاپ ـ تالايتتى.

خالىغاننى ھەركىم ئالاتتى،
قىزلارغىمۇ چاڭگال سالاتتى.

ھەيدەپ كېتەر ئىدى بىمالال
بىرى يىلقا، بىرى قارامال.

لېكىن نەدە بولسام مەن پەيدا،
ئېسىلىدىن ئالاتتىم پايدا.
تالاڭلاردىن كېيىن لەۋ يالاپ،
ئۆز ھەسسەمنى قىلمىدىم تەلەپ.

مەن ئىزدىدىم خەزىنىلەرنى،
تاپتىم ھەتتا كۆمۈلگەنلەرنى.
تۆشۈك، تۈڭلۈك قالمىدى ئەسلا،
يانچۇقلارغا قارىدىم ھەتتا.

ئالتۇن يىغدىم ـ بولدى بىھېساب،
ئۈنچە، گۆھەر... ھەممىسى ناياب.
يوق بۇلارغا لېكىن خۇش چىراي،
قەلب تەكتىدىن بەرگىن ئاڭا جاي.

مانا دېڭىز ئاستىدىن گۆھەر،
قۇلىقىڭغا تاقاپ ئال دىلبەر.
لەۋلىرىڭنى كۆرۈپ لەئىل تاش
بېرەلمەس ھېچ نومۇسقا چىداش.

بۇنىڭ بارىن مەن ئۆزۈم تاپتىم،
ئايىغىڭنىڭ ئاستىغا ئاتتىم.
ئال، سېنىڭكى ئۇلارنىڭ بەرى،
ئۇ تالايلاپ جەڭلەر سەمەرى.

قوتىچىلار بۇ يەردە قاتار
نەقوتىچە، ساندۇقلارمۇ بار.
نەساندۇقلار، دۆۋىلىنىپ ياتار
كاتتا ئۆينىڭ شىپىغا قەدەر.

سەن بۇ تەختكە ئولتۇرغىنىڭدا،
ئەي، ھۆسىندە يېگانە ـ تەنھا،
بايلىق قۇدرەت، ئەقىل بــەرى جىم
بولدى سېنىڭ ئالدىڭدا تەسلىم.

كېچە بۇلار مېنىڭكى ئىدى،
بولدى بۈگۈن ساڭا تەئەللۇق.
قىممەتلىكتى كېچە بۇ ماڭا،
ئالدىڭدا ئۇ بىر پۇلچىمۇ يوق.

قىلىپ ساڭا ھەممىنى ئاتا،
ئۆزۈم بولدۇم قاششاق ۋە گادا.
ئۇلارغا سەن بىر تاشلا نەزەر،
قەدرىنى تاپسۇن مەرۋايىت، گۆھەر.

فائۇست

ھۇجۇملاردا ئولجا ئېلىنغان
بۇ بايلىقنى كۆزلەردىن يوقات.
لايىق كەلمەس بۇ قىلمىشىڭغا،
لەنەتلەشمۇ ھەمدە مۇكاپات.

بۇ سارايدا لىق تولۇپ ياتقان
ھەممە بايلىق مەلىكىگە خاس.
شۇنداق ئىكەن، بۇ كىچىك نەرسەڭ
مەلىكىگە ھەرگىز ئەرزىمەس.
سال تەرتىپكە خەزىنىنى ـ ماڭ،
تىز ھەممىنى سارايغا بابلاپ.
يارىتىلسۇن شۇنداق مەنزىرە،
كەتسۇن كۆزلەر ھەيرەتتە چاقناپ،
نەقىشلەنگەن ساراي گۈمبىزى،
ئەسكە ئالسۇن يۇلتۇزلۇق كۆكنى.
جانسىز تاشلار كىرىپ جىلۋىگە
ھېس قىلدۇرسۇن جەننەت كۆركىنى.
قاراپ ساراي ئىچكىرىسىگە
تاشلىغاندا مەلىكە قەدەم،
تاپقاي ئارام نازۇك پۇتلىرى،
بولسۇن گۈللەر يولىغا گىلەم.
لەئىل ـ ياقۇت، ئۈنچە ـ مارجانلار
تۇرسۇن چېچىپ ھەريانغا شولا.
قارشى ئالسۇن مەلىكىنى شاد،
تەگرىلەرلا كۆز تىكەر جولا.

**لىتتىسىي**

بۇ ئەرزىمەس بۇيرۇقنى دەرھال
بېجىردۇ قولۇڭ بىمالال.
چۈنكى بۇندا بار ئەھلى قەسىر
مەلىكىگە بەندەيۇ ئەسىر.

ئاڭا كۆزى چۈشكەچ، باراۋەر —
قورالىنى تاشلىدى ئەسكەر.
چىقتى كۆككە ھۆسن قۇياشى
قۇياش بەرداش بېرەلمەي قالدى.
ھەممە نەرسە بولدى بىكىرەك،
ئالەمنى ئۇ ئىگىلەپ ئالدى.
(كېتىدۇ)

ئېلېنا

(فائۇستقا)
سەن بىلەن سۆزلەشمەك مۇددىئايىم بار،
چىق مېنىڭ يېنىمغا سەندىن ئۆتۈنەي.
بۇ يەردە سەن ئۈچۈن مال بار، كەل ئولتۇر،
ئۆزۈممۇ جايىمنى مۇستەھكەم سېزەي.

فائۇست

قەسەمياد قىلماققا رۇخسەت بەر ئاۋۋال
مېنىمۇ ئۆزۈڭدەك كۆتۈرمەك ئۈچۈن،
ئۇزارتقان قولۇڭنى مىڭ مەرتە سۆيەي.
ماڭا بۇ پايانسىز مەملىكىتىڭدە
بىللە ھاكىم بولۇش ھوقۇقىنى بەر،
ئەسىرىڭ، ياردەمچىڭ... دېگىنىڭ بولاي.

### ئېلېنا

بۇندا كۆپ مۆجىزە كۆردۇم، ئاڭلىدىم،
بارغانچە ھاياجان ئىلكىدە قالدىم.
كۆپ ساڭا سوئالىم، تالاي نەرسىنىڭ
ماھىيەت تەكتىگە يېتەلمەي قالدىم.
ۋە لېكىن تۇنجى رەت چۈشەندۈر ماڭا:
ھېلىقى قۇلۇڭنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى
نېمىشقا قۇلاققا شۇنچە يېقىملىق؟
تاۋۇشى ئاھاڭدار ۋە جەزىبىلىك
سۆزلىرى قاملاشقان، چوڭقۇر مەنىلىك؟

### فائۇست

سۆزىمىز كۆڭلۈڭگە ياققان بولسا گەر
ناخشىمىز تېخىمۇ ياقىدۇ ئەلۋەت.
چۈشىنىۋالارسەن مۇزىكىمىزنى
بىز بىلەن تۇنجى رەت قۇرغاندا سۆھبەت.

### ئېلېنا

قانداق ساۋاق ئالسا بولار بۇ تىلدىن،
چىقمىقى شەرت سۆزلەر ئەلۋەتتە دىلدىن.
كىمنىڭ ئىستىكى مول، كىمنىڭ بەختى بار،
ئىزدەر ئۆزگە ھەمدەم كىمىكى...

**فائۇست**

بەختىيار.
نە ئۆتمۈش، نە ئەتە تىلەكتۇر بىزگە،
بەختىيار شۇ نەپەس...

**ئېلېنا**

كېرەكتۇر بىزگە.

**فائۇست**

ھايات شۇنىڭ بىلەن شېرىن خۇش ئۆمرۈم،
بۇنىڭغا كېپىلدۇر...

**ئېلېنا**

ئۇزاتقان قولۇم.

**خور**

قىزلار نە گۇناھ
گەر مەلىكىمىز
قەلئە ساھىبىگە
قويسا مۇھەببەت.
ئەسىرەلەرغۇ
ئىزدەر ئاقىۋەت.

تروﻳﺎ ﺗﺎرﻣﺎر
بولغاندىن بۇيان،
ئەركەك مېھرىگە
ئۆگەنگەن دىلىنىڭ
تەجرىبىسى بارۇ،
تاللاش ئەركى يوق
بۇ شۇنداق ھامان.
بىز ئۆزىمىزنىڭ
نازۇك تېنىنى،
گاھ تىللا چاچ چوپان،
گاھ قارا فاۋن
باغرىدا پات - پات
كۆردۇق كۆپ زامان.
ئەنە، بارغانچە
بىرى بىرىگە
يېقىنلاشماقتا.
قول - قولغا تەگدى،
يەلكە - يەلكىگە
يانپاش - يانپاشقا.
تەخت ئۈستىدە
ياپىرىشار شادىمان.
شاھ ئۇلۇغلۇقى
شۇكى، ئۇلارغا
ئادەملەر كۆزى
باقماس ھېچقاچان.
بارچە ئالدىدا
ئاشكارا ئايان.

ۋىسال ئىشقىنى
ئەيلەر نامايان.

ئېلېنا

غايەت يىراقتا مەن ھەم يېقىندا مەن
سېنىڭ يېنىڭدا مەن، بۇندا، بۇندامەن.

فائۇست

ھاياجان ئىلكىدە قەلبىم جۇش ئۇرۇر،
چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟ ئاھ، قانداق ھوزۇر؟

ئېلېنا

ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرى قايتا تۇغۇلدۇم.
سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بىلەن يۇغۇرۇلدۇم.

فائۇست

نە نەپ، مۇھەببەتتىن قىلما كۆپ ئەرز،
بەردەم بولسىمۇ — ياشا. ياشىماق — پەرز.

فاركىئادە

(تېز كىرىپ)
ئىشق دەپتىرىنى ئېچىپ بىمالال،

بىر - بەردىڭلارغا ئەيلەپ ئەرز ھال،
قىلىسىلەر ئۆزئارا ۋىسال،
ھازىر پەيتى ئەمەس، بول ئاگاھ!
بەرمەكتىدۇر كانايلار سادا،
پالاكەتنى سەزمىدىڭمۇ يا؟
مېنىلەينىڭ لەشكىرى سانسىز،
تەييارلىق كۆر سەنمۇ ھايالسىز،
چىللىماقتا جەڭلەرگە جەڭگاھ.
غالىب كەلسە ئۇ قىساس خەيلى،
بېشىڭغا بۇ سۆيگۈ تۆپەيلى
دېفاب كۆنى چۈشىدۇ ئەلۋەت.
بۇلار قاتار دارغا ئېسىلار،
مەلىكىنىڭ بېشى كېسىلەر.
پالتا تەييار، بۇ بولار قىسمەت.

## فائۇست

ھە، يەنە بىھۇدە نېمە پۈتلىشىش،
نېمە گەپ، بۇ شېرىن دەملەرنى بۇزۇش.
ئارىلاشقان كىشىلەرنى كۆرىمەن يامان،
خەۋپ - خەتەر گەر كېلىپ تۇرسىمۇ ھامان.
كەلتۈرسە گەر گۆزەل ئەلچى شۇم خەۋەر،
ئۆزىمۇ سۆزىدەك خۇنۈك كۆرۈنەر.
ئۇسىزمۇ بەتچىراي مەخلۇق سەن تامان.
كەيپىمنى بىھۇدە بۇزما بۇ سەپەر،
ۋەھىمە قىلمىغىن يوق خەۋپ - خەتەر.
مۇبادا بولسىمۇ، بىز ھايان تەييار،
ۋەھىمە سالالماس ھېچقانداق ئەييار.

بۇرغا ۋە كانايلار چېلىنىدۇ توپلار ئېتىلىدۇ. جەڭگىۋار مۇزىكا چېلىنىپ زور قوشۇن ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

كۆر بۇلار بار، نېمە ۋەھىمە،
بۇندا ھەر بىر ئەسكەر قەھرىمان.
يىگىت لايىق جانان مېھرىگە،
بولالىسا ئۇنىڭغا قالقان،

(سەپلەردىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن سەركەردىلەرگە)

ياۋغا نەپرەت، زەپەرگە ئىشەنچ —
بىلەن دادىل تاشلاپ زور قەدەم.
بارار ئالغا شەرق ئوغلانلىرى
بارار شىمال پەرزەنتلىرى ھەم.

ئۇچىسىدا ساۋۇتلار پولات،
دۆلەتلەرنى قىلغۇسى يەكسان.
سېلىپ بۇ كەڭ ئالەمگە دەھشەت،
يۈرەر ئالغا قوشۇن بىئامان.

ھۇجۇم قىلىپ پىلاسقا ھەيۋەت،
بىز نىستارنى ئەيلىدۇق تارمار.*
ئۇششاق - چۈششەك شاھلارنىمۇ ھەم
تۇپراق بىلەن تەڭ قىلدۇق قاتار.

مېنىلەيمۇ چىققانىمىش جەڭگە،
ھەيدەك ئۇنى دېڭىزلار تامان.

ئۇ قاراقچى بولۇپ ئۆگەنگەن،
قىلشۇەرسۇن دېڭىزدا تالان.

قوشۇنىغا چۈشۈپ تەھلىكە،
تاشلاپ قاچسا ئۇ تەخت، ماكانىن،
سپارتالىق گۈزەل مەلىكە
بېرەر سىزگە گرېتسوگ ئۇنۋانىن.

گېرمان قىلىپ قەلئە ۋەقورغان،
ئېگىلىسۇن كارنىڭ بويىنىنى.
گوتلار قىلسۇن ئاخېينى ماكان،
ئۆكۈزلەر ھەم يارلار قوينىنى.

فرانك ئالسۇن ئۇ ئېلدەنى،
مېسسېن بولسا، سەكسلەرگە بولسۇن.
نورمان ئېلىپ ئارگالىدەنى
دېڭىز يولىن تىپتىنچ قىلسۇن.

ھەركىم ئىگە بولسۇن مۈلكىگە،
بىر - بىرىگە ھەمنەپەس قولداش.
سپارتادا تۇرۇپ مەلىكە
ھەممىڭىزگە بولغۇسىدۇر باش.

سلەرنىڭكى بولار شۈبھىسىز،
بۇ ئالەمدە تەڭسىز مەملىكەت.
مەلىكىنىڭ پاناھىدا سىز
تاپىسىز ھەم شەپقەت، ئادالەت.

فائۇست تەختتىن چۈشىدۇ، كىنەزلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلاش ئۈچۈن يىغىلىدۇ.

## خور

كۆڭۈل بەرگەن گۈزەللىكە
مەھكەم تۇتقاي قورالنى.
ئۇ مۇلايىم سۆز بىلەن
ئالغانىدى قولىغا
ئالەمچە پاراغەتنى.
ئاسان ئەمەس ۋە لېكىن،
ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشى.
كىم ئۇنى ھىيلە بىلەن،
كىم زورلۇق كۈچى بىلەن
تارتىۋالماق بولىدۇ،
كېرەك ھوشيار بولۇشى.

بۇ ئۇلۇغ ھاكىم بولسا،
ھەممىسىدىن تەدبىرلىك،
ھەممىسىدىن ئەقىللىك.
بار ئۇنىڭ سەپداشلىرى،
ئىتتىپاق قولداشلىرى،
كۆرسىتىشەر جەڭلەردە
ساداقەتلىك ھەم مەردلىك.
گەر چۈشۈرسە ئۇ پەرمان
بېجىرىلەر شۇ ھامان.
ساداقەت ئىتائەتتىن

تاپار بارچە مەنپەئەت.
بۇيرۇق بەرگۈچىگە ـ شان.
بىجىرگۈچىگە شەرەپ.
كىم گۈزەل مەلىكىنى
تارتىۋالالار ئۇندىن؟
بىقىياس پەرىزاتقا
مۇناسىپتۇر ئۇ هامان.
بىزلەر بۇنى يەنە بىر
تەستىق قىلارمىز، چۈنكى
بۇ قەلئە ئىچرە بىزنى
ئۇ ساقلاپ قالار هامان.

## فائۇست

بارسۇن بارچە ئەمەل ئىگىسى،
هاكىم بولسۇن ئۆز ئۆلكىسىدە.
باشقۇرىمىز بىزلەر مەملىكەت
قىلىپ ئۇنىڭ قاق مەركىزىدە.

ئۇلار، يېرىم بۇ ئارالىڭنى
ساقلار هامان هەر ئۈچ تەرەپتىن.
ياۋروپاغا تۇتاش ئۇ تاغلىق
دىيارىڭنى تۆتىنچى ياقتىن.

بۇ دىيارنىڭ دالا، تاغلىرى،
هەم باغلىرى گۈلگە ئورالغان:
مەلىكىنىڭ مۈلكىدۇر بەرى
بۇندا ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان.

بۇندا دەسلەپ ئۇ ساھىبجامال
بولغان ئاققۇ تۇخۇمىدىن پەيدا ـــ
قىلىپ ھەدە، ئاكىلىرىن لال
ئەتكەنىدى ئالەمنى شەيدا.

بۇ يۇرت سىڭىلىڭ، گۈلزارىڭ ـــ
بارچە يۇرتتىن گۈزەل زىيادە.
ئەي مەلىكەم، سۆي بۇ دىيارنى،
تەنھا بىلگىن پۈتۈن ئالەمدە.

بۇندا گەرچە يۈكسەك تاغلاردا
كۆك ئەلپازى پات ـ پات بۇزۇلار،
لېكىن پەستە كەڭ ئوتلاقلاردا
ياپراپ يۈرەر ئۆچكە، قوزىلار.

قىيالاردىن چۈشكەن شارقىراتما
گويا ئۈنچە ـ مارجان ئېقىمى.
ئەنە ئۇندا يۈرۈپتۇ، قارا،
سان ـ ساناقسىز قويلار تۈركۈمى.

ھە، نېرىدا تاغنىڭ باغرىدا
ئوتلار توپ ـ توپ تالاي قارا مال.
تومۇزلاردا يارنىڭ بويىدا،
سايىدىشىپ ياتار بىمالال.

ئۇلار بىلەن بىللە ئۇلۇغ پان
ئۇلار بىلەن نىمفالار ھەمدەم.

مەغرۇرانە سالاپەت بىلەن
تۇرار ئۇندا دەرەخلەر كۆركەم،

مەغرۇر بىشىن پەلەككە تىرەپ
دۇبلار ئۆسەر ئۇندا ئۇلۇغۋار.
تىزىلغاندەك گويا كى سەپكە
ئۆسكەن ھەيۋەت تىرەكلەر قاتار.

سۈت بىرىدۇ ئۇندا تەبىئەت
باللار ۋە قوزىلار ئۈچۈن.
بال ھەرىلەر قىلىشار مېھنەت
ھەسەل يىغىپ بىزگە كۈنۈ تۈن.

يۈزلىرىدە قىزىللىق ئوينار،
بارچە خەندان، بارچە شادىمان.
شادلىق بۇندا نەسەبى ئۇدۇم،
بۇندا ئەلنىڭ ئۆمرى شادىيان.

ئاقىل، پازىل، ساغلام ۋە تۈرگۈن
ئوغلانلىرى تاپار كامالەت.
بىلمىگەنلەر سورىشى مۇمكىن:
ئىنسانمۇ بۇ ياكى تەڭرىزات؟

بۇندا چوپان ـ ئاپۇللان سىما،
تەسۋىرلەردە ئۇ تەڭرى ـ چوپان.
بۇندا ساددا تىنىقلىق ئارا
بار جاھانلار كۆركى نامايان.

(ئېلېنانىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ)
شۇنداق تەلەي كۈلەر بىزگە ھەم،
كۆرگىنىمىز - سەراپ بىلەن تەڭ.
تەگرى زېۋس قىزى سەن ئۆزۈڭ،
سېنىڭكىدۇر دەسلەپكى ئالەم.

بۇ قەلئەدە قالماسمىز ئەمما،
ئالقىشلاپ بۇ تەلىيىمىزنى —
سپارتانىڭ يېنىدا تەنھا —
ئاركادىيە كۈتمەكتە بىزنى.

بىزگە بۇلار ئاشۇ يۇرت پاناھ
ئاشۇ ئۆلكە نۇرلۇق، بىغۇبار.
تەختىمىزنى قىلىپ سۆھبەتگاھ،
ياشايمىز بىز ئۇندا بەختىيار.

سەھنە تامامەن ئۆزگىرىدۇ. تاغ باغرىلىرىدا، غارلاردا، يانداش يېپىق سۆھبەت سورۇنلىرى، ئەتراپ قويۇق دەرەخزار. فائۇست ۋە ئېلېنا كۆرۈنمەيدۇ. چۆرىلەر ئۇيەر - بۇ يەردە توپلىشىپ ئۇخلىماقتا.

## فاركىئادە

ئۇخلىشار بۇ قىزلار قاچاندىن بۇيان،
كۆرگىنىم — چۈشىدە بولدىمۇ ئايان؟
ئويغىتاي ئۇلارنى بولۇشسۇن ھاڭ - تاڭ،
گاڭگىراش ئىلكىدە قىلىشىپ ھەيران.

چۈشۈرىسىز سىزمۇ شۇ ئەھۋالغا ھازىر
ئاجايىپ ۋەقەلەر قوزغاپ ھاياجان،
— بولاركىن نېمە، — دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغان
ساقالسىز، ساقاللىق بارچە كىتابخان.
بولدى، بەس، ئەي قىزلار، تۇرۇپ كېتىڭلار،
تۇزۇغان چاچلارنى تۈزەپ ئېلىڭلار.
قىلارمەن سىلەرگە ئەھۋالنى بايان،
سۆزۈمگە دىققەتتە قۇلاق سېلىڭلار.

خور

نېمە ئەھۋال يۈز بەردى؟ بايان قىلغىن قېنى، تېز!
بىلسەڭغۇ بىز دائىم ئەپسانىگە خۇشتارمىز.
كەتتۇق بەكمۇ زېرىكىپ جانغا تەگدى تاغ ـ دالا.

فاركىئادە

ئېچىش بىلەن دەرھال كۆز، جانغا تەگكەن قانداق سۆز؟
مەيلى ئاڭلا، ئاشۇ غار، ئاشۇ سۆھبەتگاھ ئارا!
ماكان تۇتتى خاتىرجەم بولۇپ ئاشىق مەشۇقە —
ساھىب بىلەن ساھىبە.

خور

ئېچكىرىدىمۇ؟

فاركىئادە

ئۇندا،

ئەل كۆزىدىن يىراقتا. ئۇلار ئۆز ھۇزۇرىغا،
پەقەت مېنى قويۇشتى خىزمەتكارلىق قىلىشقا.
مەنمۇ ئۇلار ئىشەنچىسىن ئاقلاپ ئۇندا ھەمىشە
ھۇزۇرىدا كۆپ تۇرماي كېزىپ تاغلار ئىچىدە،
كۆكۈل بۇلدۇم دورىلىق ئوت - چۆپلەرنى يىغىشقا.

## خور

ئاجايىپ گەپ قىلدىڭسەن. سېنىڭچە غار ئىچىدە
ئورمان، دالا، دەريا، كۆل... ھەممىسى بار. بۇ چۆچەك.

## فاركىئادە

چۆچەك ئەمەس بۇ ھەرگىز، راست سۆز، ساددا ئەي
گۆدەك!
بولدى ئۇندا ئالدىمدا ئالەم سىرى نامايان.
كۆردۇم ئەجەب زاللارنى، نەقىشلىك سارايلارنى،
يۈرگىنىمدە مەن ئۇندا تاماشا قىپ ھەر قايان.
ئاڭلاپ قالدىم توساتتىن جاراڭلىق بىر كۈلكىنى.
باقسام، ئۇندا باسالماي خۇشاللىقتىن ئۆزىنى
بىر شوخ بالا يۈگۈرۈپ، قىي - چۇۋ سېلىپ ئويناپتتى.
ئاتىسىنىڭ باغرىدىن ئانىسىغا چاپاتتى،
يەنە قىلىپ كەپسىزلىك ئاتىسىغا چاپاتتى.
شاد كۈلكىلەر ئاۋازى شۇ ئەركە قىي - چۇۋ بىلەن،
چىقىپ ياڭراق ئەۋجىگە قۇلاقنى پاك قىلاتتى.
يالىڭاچ پەرىشتەيۇ، يوقتۇر ئۇنىڭ قانىتى.
فاۋندۇر، يوق يىراقتا ئۇندا ھايۋان قامىتى.

سەكرەپ ئېگىز ئۇچاتتى، ئاندىن يەرگە چۈشەتتى،
ھە، يەنە كۆتۈرۈلەر، ھە، يەنە، يەنە، يەنە...
بۇ ھەيۋەتلىك راۋاقنىڭ شىپىغىچە يېتەتتى.
دەيتتى ئانا ھودۇقۇش ئىلكىدە قاراپ ئاڭا:
«سەكرە، ئوينا، ئۇچمىغىن، ئۇچۇش ساڭا مەنسدۇر».
ئاتا قىلار نەسىھەت: «ھامان يەرگە سادىق بول،
يەردە قۇدرەت مەنبەسى. ئۇنتۇلما ئۇنى پەقەت.
ئېلىپ يەردىن كۈچ - قۇۋۋەت كۆتۈرۈلگىن ھاۋاغا،
يەنە ئاڭا قوي قەدەم، ئانتېي كەبى ئال مەدەت.»
چوققىدىن چوققىلارغا ئۇچار بالا يەل توپتەك،
قىلىپ بارار چوققىلار ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ.
ئانا پەرياد قىلىدۇ، ئاتا ئۇنى بەزلەيدۇ،
پەرۋا قىلماس ئەمما ئۇ، تىكىلمەن لال بولۇپ.
ئاشتى يەنە ھەيرانلىق، تاشلاپ نەزەر ھاۋاغا،
بارمىكىنە خەزىنە ئۇندا بايلىق لىق تولغان؟
بولدى پەيدا ئۇ بالا، كىيىپ گۈلدار لىباسىن،
ئۈنچە - سەدەپ بويىنىدا، يىپەكلەرگە ئورالغان.
قولىدا ئالتۇن لىرا، مىسلى گۆدەك ئاپوللون:
چوققىغا چىقىپ تۇرار، ئاستى ئۇنىڭ تەگسىز يار.
ئاڭا ھەيران باقىمەن، ئاتا - ئانىسى خەندان،
سۆيۈنچ سىغماي قەلبىگە بىر - بىرىنى قۇچاقلار.
ئۇ گۆدەكنىڭ بېشىدا نېمەدۇر يېنىپ تۇرار،
بىلەلمىدىم ئۇ نېمە ياكى لەئىل تاشىمىدۇ؟
ياكى روھىي كامالەت بەلگىسى ئاتەشىمىدۇ؟
ئۇ مەغرۇر قەدەم قويار، ھە، ئۇندىن كېلەچەكنىڭ
ئەڭ بۈيۈك ئەۋلىياسى — ۋەلىسى چىقىپ تۇرار.
ۋۇجۇدىغا جەم قىلغان ئۇ بارلىق گۈزەللىكنى

مەڭگۈلۈك شوخ مەرغۇلدەك تارتار دىلنى ھالىتى.
بايان قىلدىم سىلەرگە قىلغىنىمچە تەسەۋۋۇر،
كۆرۈسىلەر سىلەرمۇ ئۇنى ئەينەن شۇ پېتى.

## خور

كىرىت قىزى سەن ئەجەب،
دەيسەن ئۇنى مۆجىزە؟
يۇرگەنىمىدىك ئاڭلىماي،
ئۇنداق چۆچەك كۆپ بىزدە.
ئىئانىيە قوشىقى،
ئەپسانىسى يۇنانىنىڭ،
ۋە تەڭرىلەر ھەققىدە
قەدىمىي شائىرلارنىڭ
چۆچەك ۋە داستانلىرى،
يوقمۇ سىنىڭ ئىسىڭدە؟

بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا
نىمىلەر بولسا سادىر،
ئۇ ئۆتمۈش سايىسىدۇر
ئەتكۈچى ئەكس ھازىر.
سەن ئېيتقان ئۇ ھېكايەت،
بولسىمۇ چىن ھەقىقەت.
مەييا ئوغلى ھەققىدە*
يارىتىلغان رىۋايەت،
ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدىن
ئارتۇقراق ناھايەت.

ئۇ تۇغۇلغان زامانلار،
سانسىز ئاقچى ئانىلار
چىڭ ئورىغان يۆگەككە.
كار قىلمىغان يۆگەكلەر
ئەمما ئۇ شوخ گۆدەككە.
بوغماق قوللىرى بىلەن
چىقىپ كەتكەن يۆگەكتىن
ئوخشاپ يېرىپ غوزىنى
ئۇچقۇچى كېپىنەككە.
بۆشۈكنى تەرك ئېتىپ
يەڭگىل قانىتىن يېيىپ،
شوخ ئويناپ، يايراپ - يايراپ،
پەرۋاز قىلغان پەلەككە.

ئۇ ئۆزىنىڭ تىنجىماس
مىجەزى - پەيلى بىلەن
شىددىتى، ئالغۇرلۇقى
ھەم قايتماس جەھلى بىلەن
تېز ئارىدا ئوغرىغا،
ئالدامچىغا، ئۆكتەمگە —
ھەممىسىگە ئايلاندى.
ئۇ ھەييارلىق ئىشلىتىپ،
دېڭىز شاھى پاسىدان
گۆرزىسىن ئېلىۋالدى.
بىلدۈرمەي كېلىپ ئاستا،
ئادېسنىڭ شەمشىرىنى*
ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

ئىگىلىۋالدى شۇنداق
ھەم قېبىنىڭ كامانىنى
گېپىسىنىڭ توقمىقىنى.*
ئالار ئىدى ھەم شۇنداق
كۆيمىگەندە گەر قولى
زېۋىسىنىڭ چاقمىقىنى.
كۈرەشتە ئېراتىنمۇ،*
كەلتۈرۈپ يەرگە ئاتتى.
ئۇنى سۆيگەن كىپىرىدە،
كەمىرىنى ئېلىپ قاچتى.

غاردىن تۈرلۈك چالغۇلار بىلەن چېلىنغان نەپىس ئاھاڭ-لىق كۈي ئاڭلىنىدۇ. ھەممە بۇ كۈيگە قۇلاق سالىدۇ. مۇزىكا سادىسى شۇ چاغدىن باشلاپ، تۆۋەندە بەلگىلەنگەن پاۋۇزغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## فاركىئادە

گەپنى قويۇڭ، بۇ ئاھاڭ،
بىرەر كەيپ - ساپانى.
تەڭرىلەردىن گەپ ئاچماڭ،
ئۆتتى ئۇلار زامانى.
دەۋر سىزگە ھېچ باقماس،
سىزگە تەلەپ قويىدۇ.
پەقەت دىلدىن چىققان ئۈن،
دىلغا بېرىپ يېتىدۇ.
(تاغقا قاراپ ماڭىدۇ)



### خور

بۇ ئاھاڭغا ئەسىرسەن،
ھەتتاكى سەن سەت مەخلۇق.
دېمەك بۇ كۈي تەسىردىن،
بىز ياش تۆكسەك ئورۇنلۇق.
مەيلى قۇياش ئۆچسە ھەم
دىلىمىزدا بولسۇن نۇر.
بۇ ئالەمدە نېمە كەم،
نۇرلۇق دىلدىن تېپىلۇر.

ئېلېنا، فائۇست ۋە ئەۋفارىئان يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن لىباستا.

### ئەۋفارىئان

قوشاق ئېيتىپ يايرىسام،
يۈرىكىڭىز شاد بولۇر.
سەكرىسەم قەلبىڭىز ھەم،
سەكرىگەندەك تۇيۇلۇر.

### ئېلېنا

ئىككى يۈرەكنى پەرۋاھ
ئەيلەر ئاۋۋال مۇھەببەت.

لېكىن بىرلەشسە ئۈچ روھ —
كۆلـەر ئاندىن سائادەت.

### فائۇست

ھەق بولۇرسەن مېنىڭكى،
مەن سېنىڭكى دېگەن گەپ.
نە ئىستىسەڭ، دەل شۇنى،
بەردى ھايات، نە ئەجەب.

### خور

ئۇزاق ياشاپ ئالەمدە،
گۆدەك بىلەن ئۈچىڭلار.
پارلاۋانۇ شادىمان
ئۆمۈر سۈرۈپ ئۆتۈڭلار.

### ئەۋفارىئان

قويۇپ بېرىڭلار،
ئېگىز ئۇچاي مەن.
ئىجازەت بېرىڭ،
كۆكنى قۇچايمەن.
ئىستەيدۇ دىلىم،
شۇنى بىتېنىم.

## فائۇست

ئېگىز ئۇچماقنى،
ئېغىزغا ئالما،
ئىستىكىڭدىن كەچ،
تەنبىھ يەپ قالما.
بىزلەرنى ۋەيران،
قىلمىغىن ئوغلان.

## ئەۋفارىئان

توسماڭ يولۇمنى،
سىقىلدى يۈرەك.
تۇتماڭ قولۇمنى،
سىيلاش نە كېرەك؟
چاچ ۋە كۆڭلەكتىن
قول تارتىڭ تېزرەك.
رىشتىمىز سەن سەن
دىلىڭغا ئۇرنات.
ھاياتىمىزنى
قىلمىغىن بەربات.
سەنسىز بۇ باغ يوق،
قىلغىن شۇنى ياد.

## خور

قورقمەن، بولۇر
ئىشق باغى بەربات.

## ئېلېنا ۋە فائۇست

ئۆزۈڭنى تۇتقىن،
ئۇچما ساماغا.
رەھىم - شەپقەت قىل،
ئاتا - ئاناڭغا.
ئۇينىغىن مەيلى،
بۇ كەڭ ئوتلاقتا.

## ئەۋفارىئان

سىزلەر تۆپەيلى،
كېتەي يىراققا.
(خور ئارىسىدا ھەممىنى ئۇسسۇلغا ئۈندەپ)
كۆردۈم چىرايلىق،
قوۋناق سورۇننى.
قېنى كۈيلەيلۇق،
ئوينايلۇق، قېنى!

## ئېلېنا

بۇ ئىشىڭ بەلەن!
ئوينا ئۇسسۇلنى،
گۈزەللەر بىلەن.

**فائۇست**

ئازراق بولسا بەس،
يەڭگىل ئويۇندىن
ياخشىلىق چىقماس.

ئەۋفارىئان ۋە چۆرىلەر قوشاق ئېيتىپ بىر - بىرىگە
چىرماشقان ھالدا سەپ تۈزۈشۈپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

**خور**

ئەي سەن بۈدۈر چاچ،
ئويناپ شوخ ئۇسسۇل.
شادلانىدىك، بىزنىڭ
يايرىدى كۆڭۈل.
سەكرەپ ۋە ئۇچۇپ،
قىلىپ تەبەسسۇم،
دىللارنى تامام
مەپتۇن ئەيلىدىڭ.
قولۇڭنى سوزۇپ،
ئۆتۈپ ئالدىغا.
يەڭدىڭ تامامەن
بىزنى ئۇسسۇلدا.
شاد بول — سەن غالىب،
دىلىمىز ساڭا
قالدى باغلىنىپ.

(پاۋۇز)

**ئەۋفارىئان**

سىز بۇندا سانىسىز
مىسالى ئارقار.
كېلىڭ ھەممىمىز
ئوينايلى شىكار.
سىز ئوۋىم بولۇڭ،
مەن ئوۋچى مەككار.

**خور**

ساڭا بىھاجەت
ئوۋ قىلىش ئۇزاق.
تارتار بىزنى، بەس،
سەن قۇرغان تۇزاق.
چۈشمەك ئىلكىڭگە
بىزنىڭ ئىشتىياق.

**ئەۋفارىئان**

كېزىپ تاغ ئورمان
كۆلسۈن بۇ ئارمان.
ئاسان ئوۋ ئەسلا
ئەسقاتماس جانغا.

## ئېلېنا ۋە فائۇست

بۇ قانداق سۈرەن،
قانداق غەلىيان!
گويا سىڭ بۇرغا
ياڭرايدۇ ھەر يان.

## خور

(چۈرىلەر بىر - بىرلەپ تېز - تېز كىرىشىدۇ)
كۆرۈك ئەپچىل ئوۋچىنى،
يېرىپ توپىنىڭ ئىچىنى،
ئېلىپ چىقتى قىزلارنىڭ
ئەڭ جەسۇر، چېچىنىنى.

## ئەۋفارىئان

(ياش قىزنى قولىدا كۆتۈرۈپ چىقىدۇ)
كۆندۈرمىدىم يېلىنىپ،
تۇتتۇم زورلۇق ئىشلىتىپ.
شەۋق تولۇپ قەلبىمگە
باساي لېۋىن لېۋىمگە.
كۈچ كۆرسىتىپ ئاڭا مەن،
قارشىلىغىن يېڭىمەن.

## قىز

تەگمە، گەرچە نازۇك بىز —
ئەگمەيمىز ياۋۇزغا باش.
ئايالنى دېمە ئاجىز
بەرمەس زۇلۇمغا بەرداش.
زورلۇق بىلەن كۆندۈرۈپ،
بولامدۇ، كۆرۈپ باقاي.
مەن ئويناپ، كۈلۈپ تۇرۇپ،
ۋۇجۇدۇڭغا ئوت ياقاي.
(ئۇچقۇن چىقىرىپ كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە
يالقۇن بولۇپ يانىدۇ)
كەينىمدىن ھاۋاغا ئۇچ،
يېرىپ مۇزدەك يەرنى قۇچ.
مەقسىتىڭنى ئىزدىگىن.

## ئەۋفارىئان

(ئوت قالدۇقلىرىنى ئۇچۇرۇپ)
ئەتراپىم ئورمان،
ئالدىم ئېگىز تاغ.
ياشمەن، نەۋقىران،
غەم يوق ھېچقانداق!



دولقۇن شارقىرار
غۇرقىرار شامال.
ئۇياققا چىللار
مېنى شوخ خىيال.
(چوققىدىن چوققىغا سەكرەپ يۇقىرىغا
كۆتۈرۈلىدۇ)

**ئېلېنا، فائۇست ۋە خور**

سەن خۇددى ئارقار،
يىقىلما زىنهار.

**ئەۋفارىئان**

مەقسىتىم يۈكسەك،
ئۆرلىشىم كېرەك.
نەدە مەن بۇ ئان —
كۆزۈمگە ئايان:
قارىشىمدا چەكسىز
دولقۇنلۇق دېڭىز.
پېلانىس يۇرتى
يۈز ئاچتى شەكسىز.

**خور**

پەسكە چۈش دەرھال
باغلار ئىنتىزار.

بۇندا ساڭا بال.
ئۇزىتار تەكرار.
بۇندا ئالىملار
شەربەت بېرىدۇ.
تىپتىنچ سەھەر
راھەت بېرىدۇ.

## ئەۋفارىئان

ياشاۋېرىڭ جىم،
تىنچ ماكاندا.
مېنىڭ خىيالىم،
كۆرەش، چۇقاندا.

## خور

كىمگە تىنچلىق يات،
جەڭ دەر يېگانە.
بەختىيار ھايات،
ئاڭا بىگانە.

## ئەۋفارىئان

كىم شانلىق بۇرچىن،
بىلىپ ھەر زامان،
ئانا يۇرت ئۇچۇن
پىدا قىلسا جان،

كىم جەڭدە مەردلىك
قىلسا ھەر زامان،
شۇنىڭدۇر بەخت،
شۇنىڭ شەرەپشان.

## خور

قاراڭلارچۇ دوستلىرىم،
ئەڭ ئېگىزدە ئۇ ھازىر.
گويا قەھرىمان جەڭچى،
ساۋۇت كىيگەن باھادىر.

## ئەۋفارىئان

قىلىچ، قالقان نە كېرەك؟
باتۇرنىڭ مۇشتى ياراق.
قورقۇشنى بىلمەس كۆكرەك،
ئىستىھكامدىن ياخشىراق!
مەرد جەڭدىن ئەرك تاپار،
ئەرك يولىدا تۆكەر قان.
داڭ قازىنار ئاياللار،
بالىلارمۇ قەھرىمان.

## خور

ئەي شېئىرىي گۈزەل
پەلەككە يۈكسەل!

كۆكتە نۇرەپشان
يۇلتۇز بولۇپ يان.
گەرچە قەرىدە
سەن كۆك سامانىڭ،
لېكىن بىزلەرگە،
يېتەر سادايىڭ.

## ئەۋفارىئان

مەن ئەمدى گۆدەك ئەمەس،
مەن ئەمدى تولغان ئوغلان.
ئاشۇ سەپكە ھەمنەپەس
قەلبىم، ئەقلىم بۇ زامان.
ئەي تاغا
يۇر ئالغا
شەرەپ تامان، شان تامان.

## ئېلېنا ۋە فائۇست

سەن دۇنياغا كېلىپلا،
ئەمدى كۆرۈپ دۇنيانى —
كۆزلەيسەن يىراق - يىراق
نىگاھ يەتمەس پەزانى.
سەن ناھات
بىزگە يات
يا بىلمەمسەن ۋاپانى.

ئەۋفارىئان

دېڭىزلاردا گۈلدۈراس،
سادا بېرەر ۋادىلار.
جەڭگە قوزغالدى تۇتاش،
تىنجىماس قەلب - باتۇرلار.
ئۆلۈم يار، دەپ،
بۇ شوئار دەپ
هامان ئالغا ئات سالار.

ئېلېنا، فائۇست ۋە خور

نېچۈن ساڭا ئۆلۈم — يار،
نېچۈن بۇ شوئار هەۋەس؟

ئەۋفارىئان

مەن جەڭچىمەن شىددەتكار،
چەتتىن كۆرگۈچى ئەمەس.

ئېلېنا، فائۇست ۋە خور

بۇ مەردلىك، ئىشەن،
ئاپەت بىنجات.

ئەۋفارىئان

ئاپەتلەر تامان
قاقىمەن قانات.

گىم جاننى تىكەر
ئاڭا يار زەپەر.

چوققىدىن ئۆزىنى ئاتىدۇ، كىيىمى ئۇنى بىر مەھەل ھاۋادا تۇتۇپ تۇرىدۇ. بېشى ئۈستىدە نۇر كۆرۈنىدۇ، كەينىدىن ئوتلۇق ئىز قالىدۇ.

خور

ئاھ، ئىكەر، ئىكەر!*
ئەلۋىدا! ۋىدا!

گۈزەل يىگىت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە تونۇش بەلگىلەر بار.* لېكىن تېزلا ئۇنىڭ جىسمى يىقىلىپ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ياكى ئوقيادەك ئىز قالدۇرۇپ كۆككە ئۇچىدۇ، يەردە كۆڭلىكى، يېپىنچىسى ۋە لىراسى قالىدۇ.

ئېلېنا ۋە فائۇست

قاچتى شادلىق دىللاردىن
قالدى پەقەت دەرد، ھىجران.

ئەۋفارىئاننىڭ ئاۋازى

سايىلەر ئالىمىدە
يالغۇز قويما ئاناجان.
(پاۋۇز)

## خور

(ماتەم قوشىقى)

سىنى يالغۇز قويماسمىز،
يوقالماسسەن ھېچقاچان.
بېشىڭدىكى نۇرلۇق ئىز،
پۈتۈن ئالەمگە ئايان.
ھە، سەن بارسەن چېكىپ غەم،
ئاھ ئۇرمايمىز سەھەردە.
ئۇلۇغ ئىدىڭ ۋە كۆركەم،
زەپەردە ھەم خەتەردە.
ئەجدادلاردىن يارالدىڭ،
ئىقبال ئۈچۈن دۇنياغا.
بىراق نېچۈن يول ئالدىڭ،
بۇرۇنلا ئۇ دۇنياغا؟
جان ئىدىڭ جانانلارغا
بەرى ئىدى ئاشىقىڭ.
ئوت سالاتتى جانلارغا،
سىنىڭ دىلبەر قوشىقىڭ.

ئەلگە پەرۋانە ئىدىڭ.
ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ ئاپەتكە.
دىلىڭ بىگانە ئىدى

قانۇن بىلەن ئادەتكە.
بۇ ئالەمنى تەرك قىلدىڭ،
قۇلچىلىقنى بىلمىدىڭ.
كامالەتكە ئىنتىلدىڭ،
بىراق ئاڭا يەتمىدىڭ.

قىسمەت بېرەلمەس جاۋاب —
كىم، قاي زامان تاپىدۇ؟
بىچارە خەلقلەر زەرداب
ۋە قان يۇتۇپ ياتىدۇ.
يېتەر ھەسرەت چەكمەڭ، بەس،
ناخشا ئېيتىڭ شوخ شادىمان.
ناخشا بىلەن ھەمنەپەس
يارالغاندۇر بۇ جاھان.
(چوڭقۇر سۈكۈت. كۈي توختايدۇ)

## ئېلېنا

(فائۇستقا)
قەدىمىي نەقىل مانا مەندە ئىسپات قىلىندى،
سائادەت ۋە گۈزەللىك بولماس ئىكەن يانمۇيان.
ئاھ، ئۈزۈلدى تامامەن ئىشقىي ھايات، رىشتىسى.
ئاڭا يىغلاپ، مەن سەندىن بولىمەن جۇدا بۇ ئان.
قانداق قىلاي، مەن سېنى قۇچاقلاي ئاخىرقى رەت،
پېرسېفانە، سەن مېنى بالام بىلەن قوبۇل ئەت.

فاركىئادە

(فائۇستقا)

قالدى سىنىڭ قولۇڭدا ئۇنىڭ لىباس، كۆڭلىكى،
مەھكەم تۇتقىن سەن ئۇنى تاشلاپ قويما ھېچقاچان.
يەرئاستى ئىبلىسلىرى قۇترىماقتا مارىشىپ،
ئۇنى ئېلىپ قاچماقنى قىلىپ ئارزۇ ھەم نىشان.
يوقتۇر ئەمدى مەبۇدە، يوقاتتىڭ سەن ئەبەدكە،
ساڭا قالغان بۇ كۆڭلەك ئىلاھ بىلەن باراۋەر.
بۇنىڭ چەكسىز سېھرى بار، بۇ تېگى يوق يادىكار،
مەھكەم تۇتۇپ سەن ئۇنى پەرۋاز قىلغىن پەلەككە.
سېنى ئېلىپ ئۇچىدۇ ئۇ كەڭ ئالەم ئۈستىدىن،
ئاق يول بولسۇن، خەير خوش! سەن بىلەن بىز قايتىدىن
ئۇچرىشارمىز بۇ يەردىن بەكمۇ يىراق يەرلەردە.

ئېلېنانىڭ كىيىملىرى بۇلۇتقا ئايلىنىپ فائۇستنى ئورايدۇ ۋە كۆككە ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ.

فاركىئادە

(يەردىن ئەۋفارىئاننىڭ كۆڭلىكى، لىراسى ۋە يېپىنچىسىنى ئېلىپ سەھنە ئالدىغا كېلىدۇ. مەرھۇمدىن قالغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ سۆزلەيدۇ)

بۇ نەرسىلەر يارايدۇ ماڭا،
تولۇقسىمۇ كۆيۈپ ئوت تامام،

ئەمما ئۇنىڭ قالدۇقىغىمۇ
خۇرسەن بولار ئەلۋەتتە جاھان.
شائىرلارغا بۇ زور دەسمايە
بۇ لىباسنى بېرەي ئارىيەت.
ئۇچىسىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ
ئاتا قىلسۇن تالانت - قابىلىيەت.
(سەھنە ئالدىدىكى پەلەمپەيلەرنىڭ يېنىغا
بېرىپ ئولتۇرىدۇ)

## پانتالىدا

تەرك ئەتتى بىزنى ئەي قىزلار
فىيسالىيە جادۇگەرلىرى.
بولدۇق خالى شۇم ئاۋازلاردىن،
دىل، ئەقىلگە بىگانە بولغان
ئەپسۇنكارنىڭ قىيناقلىرىدىن.
مەلىكىمىز ئىزىدىن، قىنى
يول ئالايلى يەرنىڭ قەرىگە.
ئۇندا يەنە سەممىي خىزمەت
قىلايلى ئۇ مەلىكىمىزگە.

## خور

مەلىكىلەر ئۈچۈن بار،
ھەر يەردە لايىق ماكان.
ھەتتاكى ئائىد ئارا
ئۇنىڭ زۇلمىتى ئىچرە،

پېرسېفانە بىلەن ئۇ
ئۇلتۇردۇ يانمۇ يان.
بىزلەر بولساق، شورلۇقلار.
ئاسفادېل* ئۆسۈپ ياتقان
كۆرۈمسىز شۇ دالىدا.
قۇرۇق تېرەك ۋە تاللار
ياتقان مۈڭلۈق ماكاندا

نېمىمۇ قىلالايتتۇق؟
قارا زۇلمەت ئىچىدە بىز
شەپەرەڭنىڭ ئۆزى بىز
تىنىمسىز غىڭىلداشتىن
ئۆزگىچە ئىش بىزگە يوق!

## پانتالدا

كىمكى ئۆز نامىغا ئىگە بولمىسا،
كىمكى ئىنتىلمىسە يۈكسەكلىك كامان،
دېمەككە قوشۇلار ئۇنسۇرلارغا ئۇ.
مەيلى سىز قوشۇلۇڭ، ئەركىڭىز هامان.
مەن بولسام مەلىكە بىلەن بولۇرمەن.
بىلىڭكى، قىلغان ئىش، جاسارەت ئەمەس،
بېغىشلار بىز ئۈچۈن ساداقەتمۇ شان.

## خور

بىز بۇ يورۇق دۇنياغا
ۋاقىتلىقلا قايتقان بىز—

هېس قىلىمىز، بىلىمىز،
ئەمما ئەمدى ئارقىغا
ئۇ ئائىدىنىڭ يېنىغا
قايتىپ نېمە قىلىمىز؟
بىزلەر توپى روھلارنىڭ،
قۇچقان بىزنى تەبىئەت.
غەمخورىمىز ئۇ بىزنىڭ،
بىز ئەركىن ئۇندا ئەبەد.

## خورنىڭ بىر قىسمى

بىز يۆلىگەن ياپراق ۋە يۈزلىگەن شاخلار ئارا
ياشاپ خۇشال بەرق ئۇرۇپ، زېمىننىڭ شەربىتىنى
يىلتىزلاردىن سۈمۈرۈپ، نوتىلارغا بېرىمىز.
غۇنچىلارنى كۆلدۈرۈپ ھەم بىخلارنى سۈرىمىز.
پىشىپ بىزنىڭ مېۋىمىز يەر يۈزىگە تۆكۈلەر.
تەرمەك ئۈچۈن ئادەملەر، قارشىمىزدا بىزلەرنىڭ
ئېگىلگەندەك تەگرىگە كۈندە نەچچە پۆكۈلەر.

## خورنىڭ ئىككىنچى قىسمى

بىزلەر نىھان بولارمىز بۇ تاغلارنىڭ باغرىدا
ئۇندا بارچە سادىغا قۇلاق سېلىپ ياتارمىز.
شىلدىرلىشى قومۇشنىڭ، سايراشلىرىدىن قۇشلارنىڭ
ۋە پائىنىڭ ساداسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلارمىز.
بېرىپ جاۋاب ۋە دەرھال بۇ سادالار كەينىدىن

شاۋقۇنغا شاۋقۇن ھەم گۈلدۈرىگە گۈلدۈرلەش
ئۇنى بىلەن دەلمۇ دەل ئەكس سادا بېرەرمىز.

## خورنىڭ ئۈچىنچى قىسمى

دوستلىرىم، بىز ھەممىدىن ئەپچىل ھەرىكەت قىلىمىز،
تاغ سۈيىگە قوشۇلۇپ ۋادىلارغا چاپىمىز،
بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ چەكسىز كەڭرى دالىلار.

پايانسىز ئوتلاقلارغا، باراقسان باغچىلارغا
بىز قان ئېلىپ بارىمىز، بىز جان ئېلىپ بارىمىز.
ئىككى ياندا سەپ تارتىپ، قىرغاقلارنى كۆرسىتىپ،
تىرەپ كۆككە بېشىنى تۇرار مەغرۇر شەمشادلار.

## خورنىڭ تۆتىنچى قىسمى

سىز قەيەردە بولسىڭىز بولىۋېرىڭ، ئەمما بىز،
تەكلەر ئۆسكەن شۇ كۆپكۆك تۆپىلىكنى ئورايمىز.
ئۇ يەردە تاڭ سەھەردىن تا قاراڭغۇ چۈشكىچە
ئىشلەر باغۋەن ۋە لېكىن مول ھوسۇلغا ئىشەنچسىز.
تەك تېگىنى چانايدۇ، نوتىلارنى تارايدۇ،
كېسىپ ھارام شۇڭلارنى، تىرەكلەرنى باغلايدۇ.
تەڭرىلەرگە يالۋۇرۇپ، ئۇندىن مەدەت سورايدۇ،
ئەمما ۋاكج* قۇلىغا قىيا نەزەر سالمايدۇ.
ئالەم بىلەن كارى يوق ئۇ سايىدە دەم ئالار
فاۋن بىلەن ياغاردا چاقچاقلىشىپ ئولتۇرار.
ئۇنىڭ كەيپۇ ساپاسى، شېرىن خىياللىرىغا
نېمە كېرەك بولسا ھەم ھەممىسى تەييار تۇرار.

غارلاردا ھەر بۇرجەكتە چاناشلارۇ خۇملاردا
قالغان قەدىم زاماندىن شارابلار تولۇپ ياتار.
مەدەت بېرىپ تەگرىلەر، ئۆزى قوللاپ گىلىئاس
ئۇزۇم پىشىپ مەي بولۇپ راست ۋايىغا يەتكەندە،
ئۇلارغا نۇر بېغىشلاپ ئالتۇن رەڭ بەرگىنىدە،
ئۇيقۇدا ياتقان تەكزار ئويغىنىدۇ شۇ دەمدە.
جىمجىت باغ قۇچىقىدا قاينايدۇ يەنە ھايات:
قۇۋناق غەزەل، ئۇسسۇللار سېۋەتلەر غىچىرلىشى،
پەقىرلەرنىڭ ساداسى... يايىدۇ بىردىن قانات.
سانسىز يالىڭاياغلار ئۈزۈملەرنى ئېزىشەر،
ئاياغلارنىڭ ئاستىدىن چاچراپ چىققان شىرنىلەر،
ئاقار كۆبىجۈپ، كۆۋەجەپ بولۇپ شەربەت دەرياسى.
ياڭراپ كېتەر شۇ مەھەل ناغرىلارنىڭ ساداسى.
دېمەك بولدى دىئانس* نىقاب ئېچىپ نامايان.
ئارقىسىدىن ئۈزۈلمەي توپ - توپ بولۇپ شۇ ھامان
كەلدى ئۈچكە ئاياغلىق، ئۇزۇن قۇلاق سىلېنا.
نېمە بولسا يوللاردا دەسسەپ بارار تۇياقلار،
دەسسىلەر قانۇن بىلەن قائىدە، شەرمى ھايا.
باش ئايلىنار، كۆز تىنار، غۇڭۇلدار ھەم قۇلاقلار،
ۋارقىرىشىپ قەدەھكە ئىنتىلىشەر مەست - بىھوش.
ھوشيار ئىدى بەزىلەر لېكىن يېڭى شارابقا،
تولدۇرماققا قورساقنى، شەرت كونىدىن بوشىتىش.

پەردە چۈشىدۇ

فاركىئادە سەھنە ئالدىدا زور قامىتىنى رۇسلاپ تۇرىدۇ. كاتورنىنى* سالىدۇ. نىقاب ۋە يېپىنچىنى تاشلاپ. مېفىستافېل قىياپىتىدە نامايان بولىدۇ.

# تۆتىنچى پەسىل

## تاغلىق يەر

ئېگىز چوققىلار. بۇلۇت ئۈزۈپ كېلىدۇ ۋە چوققىلار ئارىسىدىكى يالاڭلىققا قونىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن فائۇست چىقىدۇ.

**فائۇست**

ئايىغىم ئاستىدا ياتار تەگسىز يار،
يۈكسەك قىيالارغا قويىمەن قەدەم،
مېنى ئۇچۇق كۈندە نەچچە دېڭىزۇ
نەچچە سەھرالاردىن ئۇچۇرۇپ ئۆتكەن
بۇلۇتنى تەرك ئېتىپ چىقارمەن ئاستا.
يېيىلماي، تارالماي ئۇ تۇتام بۇلۇت
شەرققە يۈزلىنىپ ئۇچۇپ بارماقتا.
ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاڭا باقارمەن:
ئەنە ئۇ يۇملاق شەكلىدىن ئاستا
باشقا كۆرۈنۈشكە ئۆتتى. قارىشىمدا
ئۇ تۈرلۈك سۈرەتلەر قىلار نامايان.

راستمۇ بۇ كۆرگىنىم؟ نۇرغا يۇغۇرۇلغان
يۈكسەك چوققا ئۆزرە بولىدۇ پەيدا
مەبۇدىلەر كەبى گۈزەل بىر جانان.
كىم ئۇ يۇنانەمۇ،* لىدا، ئېلېنا؟
نەقەدەر ئۇلۇغۋار بۇ قەددى ـ قامەت!
ئەمما يىراقلىشار مەندىن بۇ سۈرەت،
ئاستا يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا
ئۆتمۈش كارتىنىلىرىدىن ئەسكە سالغۇچى
قاتار ئاپئاق قارلىق چوققىلار پەيدا.

مېنى ئورىماقتا سالقىن بىر تۇمان،
مۇزدەك نەپىسىنى كۆكسۈمگە ئۇرۇپ.
ئەنە بۇلۇت بولۇپ كۆتۈرىلەر ئۇ:
ئاخىرى مەن ئۇنى تۇردىمەن تونۇپ.
ئۇ — ئاشۇ، بىرىنچى مۇھەببىتىم ئۇ،
يوقاتقان مەھبۇبەم، ياشلىق قۇۋانچىم.
كۆڭلۈم خەزىنىسى، ئۆمرۈم. تېگىدا
ئۇچقان مەسۇمە، كۆزى چولپانىم.*
قەلبىمدىن مەڭگۈلۈك جاي ئالغان، ئەمما
يەتمىگەن ۋاقتىدا تونۇپ نىگاھىم.
گەر بولسام مەن ئۇنى ئاسراپ قالغۇچى
جاھان خەزىنە بولار ئىدى مەن ئۈچۈن.
ئۇ قەلب گۈزەللىكى كەبى پاك ـ تازا
يۈكسەككە ئىنتىلىپ بارماقتا ئۇچۇپ.
بارماقتا ھەم ئېلىپ ئۆمرۈمنىڭ ئېسىل
تەۋەررۈك پارچىسىن باغرىغا قۇچۇپ.

تاغ ئۈستىگە ئۇچار ئۆتۈكلەر كېلىدۇ. ئۇلاردىن مېفىستافېل چىقىدۇ. ئۆتۈكلەر يەنە ئۇچۇپ كېتىدۇ.

### مېفىستافېل

سېنى دائىم سىرلىق ھاياتقا
يېتەكلىدى بىئارام دىلىڭ.
نېچۈن تاغلار مىڭگىشىپ ياتقان
بۇ ماكانغا ساياھەت قىلدىڭ؟
ھېچ تىنچىش يوق، تالدى پۇتلىرىم.
بۇ ماكاننى دەرھال تونۇدۇم.
بىلسەڭ، بولغانىدى بىر چاغلار
جەھەننەمنىڭ تەكتى بۇ تاغلار.

### فائۇست

گېپىڭ پۇتمەس ئەسلا پۇچەكسىز،
كۆنۈڭ ئۆتمەس يالغان، چۆچەكسىز.

### مېفىستافېل

(جىددىي قىياپەتتە)
ئاڭلا! بىزنى خۇدا بىر گۇناھ ئۇچۈن
تەگسىز جەھەننەمگە تاشلىدى بىر كۈن.
پەلەكتىن زېمىننىڭ قەرىگە چۈشتۇق،
ماكانىمىز بولدى يالقۇنلۇق قۇدۇق.
گەرچە بۇ ماكاندا شولا بار ئىدى،
ئەمما ئىسسىق ئىدى، بەكمۇ تار ئىدى.

ئاۋۋال مۇشكۈل بولدى، ئارتتى غېممىمىز.
بىزنى يۆتەل تۇتتى، قىستى دېممىمىز.
بوغۇلۇش، قىيقىلىش — بەرى بولۇپ جەم.
بىخسىغان هاۋاغا تولدى جەهەننەم.
بۇ هاۋا بېسىمى ئارتىپ كۈنسايىن،
بىر كۈنى كۆتۈردى يەر قاتلاملىرىن.
ئاستىن - ئۈستۈن بولدى پارتلاشتىن هەر ياق،
تاغ يەر تەكتى بولدى، يەرنىڭ تەكتى تاغ.
ئالىملار قاتۇرۇپ شۇندا بېشىنى
ياراتتى يەر - ئاسمان نەزەرىيەسىن.
قايتا تۇغۇلغاندەك بىزلەر دۇنياغا،
يەر ئاستىدىن چىقتۇق ئۇچۇق هاۋاغا*
بۇ هالەت سىر بولدى كۆپ ئۇزاق دەملەر،
نىهايەت كەشىپ ئەتتى بۇنى ئادەملەر.

## فائۇست

تۇرۇپتۇ قەددىنى كېرىپ مانا تاغ،
ئۇنىڭ پەيدا بولغىنىن قانداق —
سوراپ ئولتۇرماسمەن. خالىق تەبىئەت
ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان پۈرسەت
زېمىنغا هەم شەكىل بەردى دومىلاق.
بىر يەرنى يار قىلدى ۋە بىر يەرنى تاغ.
ۋە لېكىن هەممىسى تۇتاش ئۆزئارا
تۈزلەڭلىك تاغ بىلەن، تاغ بىلەن ۋادا.
پۈركىنىپ ياتىدۇ گۈللەرگە زېمىن،
بىمەنە گەپلەرنىڭ بەرى بىر تىيىن.

### مېفىستافېل

پىكرىڭ شۇمۇ؟ مېنىڭ ئۆزگىدۇر سۆزۈم،
چۈنكى بارچىسىغا گۇۋاھمەن ئۆزۈم.
بىلىمەن زېمىننىڭ چوڭقۇر قەردە،
پارتلىغان يالقۇندىن قۇدرەتلىك ۋولقان.
مالاخ بولقىسىنىڭ زەربىلىرىدە،*
قىيالار گۇم بولۇپ چېچىلغان ھەر يان.
تۈزلەڭلىك ئۈستىدە كۆرۈپ يوغان تاش،
پەيلاسوپ تېڭىرقاپ تاتىلايدۇ باش.
بۇ تاشنىڭ قەيەردىن چۈشكىنىن بىلمەس،
مالاخ بولقىسىدىن ئۇچقىنىن بىلمەس.
بۇ تاش ئۆز ئورنىدا تۇرىۋېرىدۇ،
ئالەم چۈشىنەلمەي يۈرىۋېرىدۇ.
بۇنى بىلىپ ئېيتقان پەقەت ئاددىي خەق،
پەقەت ئۇنىڭ پىكرى راستۇر، سۆزى ھەق.
ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشەنگەن كىشى،
دەر: بۇلارنىڭ بەرى شەيتاننىڭ ئىشى.
ئۇ ئۆز ئىشەنچىدە تولۇپ ئۈمىدكە
بارار «شەيتان تاش» تىن «شەيتان كۆۋرۈك» كە.

### فائۇست

ئالەم يارىلىشى ھەققىدە بۇنداق
شەيتاننىڭ پىكرىنى قىزىق ئاڭلىماق.

### مېفىستافېل

ئالەم بىلەن مېنىڭ يوق ھېچ ئالاقەم،
يارىتىشتا لېكىن كۆپتۇر كۈچ ـ ھەسسەم.
قېنىمىزدا ئىجادكارلىق بار،
شىددەتلىك كۈچ، ئىسيانكارلىق بار.
مېھنىتىمىز مەھسۇلى زېمىن،
كېزىپ چىقتىڭ سەن ئۇنى تامام.
قايسى يېرى يارايدۇ ساڭا؟
قايسى جاينى قىلىسەن ماكان؟
ساڭا ئايان بارچە تەرىپى،
«ئالەم مۈلكى ھەمدە شەرىپى».*
لېكىن ئىمىن تاپماس يۈرىكىڭ،
بىلمەس چېگرا، چەكسىز تىلىكىڭ.

### فائۇست

پىكرىم بۈيۈك ئىشلار بىلەن بەنت
قېنى، تاپقىن؟

### مېفىستافېل

تاپىمەن ئەلۋەت.
مەن سەن بولسام ئىدىم ئەگەردە،
ياشار ئىدىم قەدىم شەھەردە.
ئۇنى ئىزگۈ پايتەخت بىلەردىم،
قىڭغىر ـ قىيسىق كوچا قىلاردىم.

ئٮككى چېتٮن قٮلاردٮم بازار،
قۇرار ئٮدٮم رەستٮلەر قاتار.
كانارلاردا سېسٮغان گۆشلەر
توپ - توپ چٮۋٮن گاژٮلدٮشاتتى.
ئوقەتچٮلەر قٮلاتتى سودا،
سېسٮق ھٮدلار دەمنى قٮساتتى.
نېرٮراقتا بولسا بولاتتى
كەڭ كوچٮلار، كاتتا مەيدانلار.
باقسا ئادەم كۆڭلى يايرايتتى.
كەزسە ئارام ئالاتتى جانلار.
ئۇندٮن نېرى - شەھەر چېتٮدە
قەلئە ھەمدە باغ قٮلار ئٮدٮم.
گۈللەر تېرٮپ يوللار ئۈستٮگە،
يۈرٮكٮمنى چاغ قٮلار ئٮدٮم.
كٮم پٮيادە، كٮملەر هارۋٮدا
يۈرگٮنٮنى كۆرۈپ تۇراتتٮم.
كٮم قەسٮردە، كٮم خارابٮدە
تۇرغٮنٮنى كۆرۈپ تۇراتتٮم.
كۆز ئالدٮمدا بولاردى شەھەر:
كوچا - كويدا تۈن - كۈن بٮزاۋال—
ياتقان توپ - توپ بولۇپ ئادەملەر
چۈمۈلٮلەر لەشكٮرٮ مٮسال.
سەيلە قٮلٮپ كوچٮغا چٮقسام،
پۈتۈن شەھەر مېنى بٮلەردى.
مېنى كۆرۈپ نەچچە مٮڭ ئادەم
تەزٮم قٮلٮپ كۆتۈرەر ئٮدى.

## فائۇست

بۇلار بەزى بىھۇدە مېھنەت.
توق بولۇشى ئۈچۈن ئادەملەر
يوق بولۇشى ئۈچۈن دەرد - غەملەر
باشلىق چېكەر كۈنۈ تۈن زەخمەت،
لېكىن ئېيتماس ھېچكىممۇ رەھمەت.
قاشقاق تويسا، بولسا كېمى تەل،
تاپار ئىمىن ئىسيانكار ئەلۋەت.

## مېفىستافېل

ئۇنداق بولسا تېپىپ ئېسىل جاي،
سالار ئىدىم ئۆزۈمگە ساراي.
ئاجايىپ بىر ماكان قىلاتتىم،
ئەتراپىنى باغ - بوستان قىلاتتىم.
بوي تالىشىپ كۆككە ئىنتىلىپ،
سەپ - سەپ بولۇپ دەرەخلەر ئۆسەر.
كۈمۈش سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ،
شوخ شاماللار شۇۋىرلاپ ئۆتەر،
ھەر يان ئۈنچە چېچىپ فونتانلار،
ئۇسسۇل ئوينار ئىدى خۇش ھۆسن.
خاس خانىلار قىلاتتىم يانا،
پەرى سۈپەت جانانلار ئۈچۈن.
ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزەتتىم مەن،
تەنھالىقنى خۇشال - شادىمان.

ياخشى ئۇلار قانچە كۆپ بولسا،
جانانلار دەپ بىكار ئېيتمىغان.

**فائۇست**

سەردەنەپەل!* زامانغا لايىق!

**مېفىستافىل**

بىلەلمىدىم، سەن نە خىيالدا؟
كەزدىڭ ئۇچۇپ كۆكتە - سامادا،
بەلكىم سېنى جەلپ قىلدى ئاي،
ئىنتىلەرسەن ئۇنىڭغا تىنماي؟

**فائۇست**

ياق - ياق! بۈيۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن
زېمىن ئۆزى بېرەر چوڭ ئىمكان.
چوڭ ئىشلارغا تەييارمەن بۈگۈن—
مەندە قۇدرەت، ئارزۇ بىر جاھان.

**مېفىستافىل**

ھە، قويۇپسەن شۆھرەتكە ھەۋەس،
ئېلىنىاغا بولۇپ ھەمنەپەس.

**فائۇست**

ياق، خىيالىم شۆھرەتتە ئەمەس.
ئىكرىم ئەمدى مۈلكى دۆلەتتە،
ئىگىلىكتە، جىددىي مېھنەتتە.

**مېفىستافىل**

مەدھىيىلىشەر شائىرلار سېنى،
ئەۋلادلارغا قىلىشىپ ئۆرنەك.
كۈيلەپ بىرىنىڭ تەنتەك ئىشىنى —
ئۇلار كۆپنى قىلىشار تەنتەك.

**فائۇست**

بىگۇناھدۇر ساڭا بۇ تۇيغۇ،
سەن ئىنساننى نەدىن بىلىسەن؟
ئادەمزاتنىڭ ئەڭ يۈكسەك، ئىزگۈ
نىيىتىنى مازاق قىلىسەن.

**مېفىستافىل**

مەن تۇيغۇنى مەيلى، قەدىرلەي،
نىيىتىڭنى ئېيتقىن، مەن بىلەي!

### فائۇست

مەن ئېگىزدىن تاشلىدىم نەزەر،
كۆز ئالدىمدا دېڭىز قىرغىقى.
كۆردۈم ئۇنى ئاساۋ دولقۇنلار
كۆپۈك چېچىپ يالىغان چېغى.
يۈرىكىمنى قىيىندى بۇ هال:
زۇلۇم ـ ئازاد روھ ئۈچۈن دەهشەت.
تەھقىق ئەھلى ئىنسانغا مالال،
غالىب كەلسە گەر ۋەهشىي قۇدرەت.
سۇ قايتقاندا ئويلىدىم، تىنار،
ياق، ئۇشبۇ هال ئىكەن ئەنئەنە.
قىرغاقنى تەرك ئەتكەچ دولقۇنلار
قايتىپ هۇجۇم قىلىشار يەنە.
يەنە ئاڭا غەزەپ ئەكلەر
ئاۋۋالقىدىن ئارتۇق شىددەتكار!
ئاندىن ئارتقا قايتىپ كېتىشەر—
بۇنى يەنە قىلىشقا تەكرار.

### مېفىستافېل

(تاماشىبىنلارغا)

زەپ يېڭىلىق تېپىپسەن، قايىل!
مەن كۆرەرمەن بۇنى يۈز مىڭ يىل.

## فائۇست

(ئەستايىدىل كىرىشىپ)

ۋەھشىي تاشقىن سائەت - سائەتلەپ
ساھىللەرگە قىلىشىپ ھۇجۇم،
بۇ يەرلەرنى نەچچە ئەسىرلەپ
قۇمغا كۆمۈپ، قىلار بىئۇنۇم.
شۇ سەۋەبتىن ئۆرتىنەر يۈرەك،
ۋۇجۇدۇمدا قوزغىلار تۇغيان.
مەن ئۇ كۈچنى يېڭىشىم كېرەك،
مانا، جەڭگە ھەقىقىي مەيدان.
ئازاد قىلاي مەزلۇم قىرغاقنى،
ئاساۋ سۇغا توسۇقلار سالاي.
ھوسۇل بەرمەي ئۆتكەن تۇپراقنى،
دولقۇنلاردىن قۇتۇلدۇرۇۋالاي.
بۇ مۇمكىندۇر، گەرچە شۇ قەدەر
ئاساۋ، قەيسەر بولغاندىمۇ سۇ،
ھەر دۆڭلۈكنى ئايلىنىپ ئۆتەر،
ھەر ئويمانغا ئېقىپ كىرەر ئۇ.
پىلان تەييار، كىرىشىپ تېزدىن
مەقسىتىمگە تاپىمەن ئىمكان.
مەن قىرغاقنى توسۇپ دېڭىزدىن —
بۇقا باغلاپ، سالىمەن توغان.
تاكى دولقۇن ھۇجۇمى تۈگەپ،
بولغۇچە باغ ساھىللەر گۈللەپ.

خىيالىمدا شۇ ئىش، ئاشۇ يەر،
بۇ مېھنەتتە ماڭا مەدەت بەر.

تاماشىبىنلارنىڭ ئارقىسىدا ئوڭ تەرەپتىن ھەربىي مۇزىكا ۋە ناغرىلار ساداسى ئاڭلىنىدۇ.

**مېفىستافېل**

ناغرا ساداسى!

**فائۇست**

نېچۈن، ھە يەنە
ئۇرۇش بالاسى؟

**مېفىستافېل**

ئۇرۇش بولسا نە زىيان ساڭا؛
مەسلىھەت شۇ ئاڭلىغىن تولۇق:
ھەر بىر ئىشتىن نەپ تاپ ئۆزۈڭگە،
ۋە تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

**فائۇست**

قانداقچە نەپ؟ قىيىن ئاڭقىرىماق.
سۆزلە ئوچۇق، ئېيتماي تېپىشماق.

### مېفىستافېل

يول ئۈستىدە خەۋەر تاپتىم مەن،
بىزنىڭ خاقان قايغۇدا ئىكەن.
ئېسىڭىزدىغۇ بىز ئۇنى قەغەز
پۇللار بىلەن قىلغان شاد ـ خۇرسەن.
ئۇ بەكمۇ ياش ئولتۇردى تەختكە.
ۋە دۇچ كەلدى بىز بەرگەن بەختكە.
راست بىلىپ ئۇ شورلۇق يالغانىنى،
سېتىۋالماق بولدى جاھاننى.
ئۇ ئىشەندى ئۇچۇق يولۇم دەپ،
نەگە سۇنسام يېتەر قولۇم دەپ.
تا ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر
ئالەم ئىچرە ئۇ بولار تەنھا.
پەقەت ئاڭا يار بولار زەپەر،
پەقەت ئاڭا باش ئېگەر دۇنيا.
ئۇ ئىشەندى — بولار مۇيەسسەر
ئاڭا بىر يول، ھاكىملىق ساپا.

### فائۇست

بەكمۇ خاتا! ھاكىملىق ئۈچۈن
ھۆكۈم سۈرمەك ئۆزى چوڭ بەخت.
ئۇلار تەڭسىز ئىرادە كۈچىن
كۆرسىتىشى كېرەكتۇر ئەلۋەت.

ھاكىملارغا يارىشار شەدەت
ۋە بۇيرۇماق مىڭغا، تۆمەنگە...
لېكىن سايا، ئەيش پاراغەت
ئېلىپ ئۇرار ئۇنى تۆۋەنگە.

### مېفىستافېل

توغرا، ئەمما بىزنىڭ بۈيۈك شاھ
بۇ گەپلەردىن بولمىدى ئاگاھ.
يۇرت چەك - چېكىدىن سۆكۈلۈپ كەتتى،
پاخال ئۆيدەك تۆكۈلۈپ كەتتى.
تارقاپ بارچە ھەرياق - ھەرياققا،
بولۇپ دۈشمەن ئىنى ئاكىغا،
شەھەر بىلەن ئۇرۇشۇپ شەھەر،
بايلار بىلەن ئەھلى ھۈنەرلەر —
دېھقان بىلەن غوجىدار ھامان،
جەڭ قىلىشتى كەسكىن، بىئامان.
شاھقا قارشى ماڭدى ئەھلى دىن،
چىقتى بۆلۈنۈپ مىللەت مىللەتتىن.
قالسا ئۇچراپ يولدا ئىككىيلەن،
بولدى دۈشمەن بىر - بىرى بىلەن.
سودىگەرلەر قىلماقتا سودا،
چىقسا، بولدى جېنىدىن جۇدا.
بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ئۆزى،
ھەممىگە تەڭ سالدى پالاكەت.
شۇنداق قىلىپ ياشىماق سۆزى،
جان ساقلىماق بولدى ئاقىۋەت.

### فائۇست

ئاقساپ ـ ئاقساپ، سۆرىلىپ ئېغىر،
ئۇنىڭدىنىمۇ يىقىلدى ئاخىر.

### مېفىستافېل

باشتا بارچە ئىدى خاتىرجەم،
چوڭ چوڭراقنى يالاپ يۇرەتتى.
ئاجىزلارچۇ ئۆزلىرىدىن ھەم
ئاجىزلارنى تالاپ تۇراتتى.
لېكىن يېقىن قالغاندى خەتەر،
باش كۆتۈردى بىر نەچچە ئاقىل.
ئۇلار دېدى: «بەس، ئەمدى، يېتەر،
مەملىكەتكە شاھ كېرەك ئادىل.
ئۇ قاتتىق قول بولسۇن، بىزنىڭ شاھ —
ئېلىمىزگە بولالماس پاناھ.
يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرسۇن،
ئۇ كۆرسىتىپ قۇدرەت ۋە شىددەت،
مەملىكەتكە بىر يولى بەرسۇن
ئادىللىق ھەم تىنچلىق، پاراغەت!»

### فائۇست

روھانىيلار سۆزى بۇ.

### مېفىستافىل

ئۇلار
ماڭدى باشلاپ ئەلنى ئىسيانغا.
قۇتراتقۇلۇق قىلدى تىنىمسىز،
پايدا تاپماق ئۈچۈن ھەميانغا.
مانا بۇ كۈن تۇرار تاغ ئارا
ئىسيانكارلار قوشۇنى ھەيۋەت.
بۈگۈن بىزنىڭ بىئازار ئۇ شاھ
جەڭ قىلار، بەلكىم، ئاخىرقى نۆۋەت.

### فائۇست

ساددا دىل شاھ ئىدى ئۇ، پەمسىز،

### مېفىستافىل

يۇر، بارايلى شاھ يېنىغا بىز.
كىمكى ياشار، ھاياتتا باردۇر،
ئۇنى پەمسىز دېمەك بىكاردۇر.
كىمكى بىر رەت قېپقالسا ئامان،
ياشار ئامان ھەتتا كۆپ زامان.
يۇر، بىز ئاڭا بېرەيلۇق مەدەت،
كۆپايدۇر بىر كىچىك زەپەر.
شۇندا ئۇندىن تامام كەچكەنلەر،
يىغىلىشىپ كېلىشەر ئەلۋەت.

ئۇلار تاغ ئارىسىغا چۈشىدۇ ۋە ۋادىدا تۇرغان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. پەستە ھەربىي مۇزىكا ۋە ناغرا سادالىرى ياڭراپ تۇرىدۇ.

**مېفىستافىل**

ئىگىلەنگەن بۇ جاي بەك بەلەن،
بىزگە باقار زەپەر تامامەن.

**فائۇست**

نىمە مەدەت بېرىسەن ئاخىر،
ياكى يەنە جادۇ ۋە مىكىر...

**مېفىستافىل**

غەلىبىنىڭ كۆپ تەدبىرى بار،
بەلكى، جەڭدە يېڭەر ھىيلىگەر.
ئۆز ئىشىڭغا سەنمۇ پۇختا بول،
مەقسىتىڭگە تۇتقىن ئېنىق يول.
شاھنى ئاشنا قىلىپ بەختىگە —
ئولتۇرغۇزساق قايتا تەختىگە.
سەن تىز چۆكۈپ بېرەرسەن سالام.
ۋە ئالارسەن شاھتىن كۆپ ئىنئام.
دېڭىز بويى — بىپايان ساھىل
ئېنىق سېنىڭ بولار، بۇنى بىل.

فائۇست

بۇنداق ئىشقا سەن پەرى كامىل،
جەك قىلىۋەر ئۆزۈڭ، ئازازۇل!

مېفىستافېل

ئىسيانچىلار تارمار بولغان كۈن،
باش قوماندان بولۇشۇڭ مۇمكىن.

فائۇست

قوماندانلىقنى نېمە قىلارمەن؟
بۇنداق ئىشنى قانداق قىلارمەن؟

مېفىستافېل

نېمە قىلار ئىدى قوماندان؟
ھەربىي كېڭەش كۆيدۈرىدۇ جان —
ھەممە ئىشنى ئاڭا قويۇپ بەر،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۆكىدۇ تەر.
ئالدىن بەرىن كۆرۈپ قويغانمەن.
پىلانلارنى تۈزۈپ قويغانمەن.
بۇندا تاغلىق باھادىرلاردىن —
ئەپچىل، دانا ۋە شاتىرلاردىن
ھەربىي كېڭەش تۈزگەنمەن ئېسىل.
تاغلىق ئەلگە كىم بولسا ئىجىل،

كىم ئۇلاردىن تاپسا مەدەتكار،
ئاڭا شەكسىز بولار تەلەي يار.

**فائۇست**

قورالLANدى تۆمەن ئەل پۈتۈن،
ھەممىنى تەل قوزغىدىڭ نېچۈن؟

**مېفىستافېل**

ياق، مەن پېتىر سكۆپېنس مىسال —*
تالLدۋالدىم زورلارنى ھالال.
(ئۈچ پالۋان كىرىدۇ)*

(ئىنجىل سەلتەنەتلەر كىتابى. 8-23,11)
مانا ئۇلار — پالۋانلىرىم،
ھەرخىل ياشتا، ھەرخىل تەبىئەت.
ئۇلار بىلەن بولسا ئىجىل كىم،
ئۆمۈر بويى كۆرمەيدۇ زەخمەت.
(تاماشىبىنلارغا)
بۇ زاماندا ھەربىر ياش گۆدەك
ئارزۇ قىلار ساۋۇت - قالقاننى.
مەن نامايىش قىلىشىم كېرەك
مۆجىزىلىك بۇ ئۈچ پالۋاننى.

**باسبالدى**

(ياش، يەڭگىل قوراللانغان، چىپار كۆڭلەك
كىيگەن)

ئۇچراشقانغا شاپىلاق —
تېپىك يا مۇشت سالىمەن.
چەتلەپ ئۆتەلمەس قورقاق،
قاچسا قوغلاپ چاپىمەن.

## تالابالدى

(ئوتتۇرا ياشلىق، ياخشى قوراللانغان، چىرايلىق كىيىنگەن)

مۇشت ۋە تېپىك، شاپىلاق —
بالىلارنىڭ ئىشىدۇر.
مېنىڭ ئىشىم بۇلىماق،
بۇلىغان — باي كىشىدۇر.

## ساقلابالدى

(قېرى، ئېغىر قوراللانغان، ئاددىي كىيىنگەن)

بۇلىماق ئاسان، لېكىن
ئۇنى سەرپ قىلماستىن
ساقلىماق بىر ئەھۋالدۇر.
ياشلار — ئىسراپ قىلغۇچى؛
مال قەدرىنى بىلگۈچى،
ئاسرىغۇچى — چاللاردۇر.
(ئۇچەيلەن ۋادىغا چۈشۈپ كېتىدۇ)

## تاغ باغرىدا

پەستىن ھەربىي مۇزىكىنىڭ ۋە ناغرىلارنىڭ ساداسى

ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شاھ ئۇچۇن چېدىر تىكىلمەكتە. پادىشاھ، باش قوماندان، ساقچىلار.

باش قوماندان

ئويلايمەنكى، بولدى بەكمۇ ساز،
مۇۋاپىقتۇر بىزگە بۇ مەيدان.
تاغ ئارىسى پىستىرمىغا ماس،
خەۋپ سالالماس دۈشمەن ھېچقاچان.

شاھ

خوپ، كۆرىمىز. ئالدۇق مۆكۈنۈپ،
خۇددى ياۋدىن قاچقاندەك چۆچۈپ.

باش قوماندان

ئوڭ قاناتقا نەزەر سال، ئەي شاھ،
بۇ ماكاندىن خۇش بولۇر نىگاھ.
قوماندانلار ئارزۇسى بۇ جاي،
بىزگە ساز، ياۋ ئەھۋالىغا ۋاي.
بۇندا قارا ھەر نەرسە مۇھىم،
ئاتلىق ئەسكەر قىلالماس ھۇجۇم.

شاھ

مەيلى، مەندە يوق ھېچ ئېتىراز،
قىلىچۋازلىق ئۈچۈن بۇ يەر ساز.

## باش قوماندان

قارا شاھىم، ئوتلاق تەرەپكە،
ئۇندا تەكشى تىزىلىپ سەپكە —
قوشۇن جەڭگە تۇرۇپتۇ تەييار.
ئۇلار ھۇجۇم قىلسا شىددەتكار،
تەڭ كېلەلمەس ھېچقانداق قۇدرەت،
ھەر بىرىدە ساڭا ساداقەت.
ئەيزىلىرى كۈندىن تاۋلىنار،
ئۇلار بۇيرۇق كۈتۈپ تولغىنار.
دۈشمەن تۇتقان تاغلاردا ماكان،
ئۇلار قالماس بىزلەردىن ئامان.

## شاھ

ئەسكەرلىرىڭ باتۇر، ئەپچىل ھەم،
بىر يىگىتتە ئىككى يىگىت جەم.

## باش قوماندان

سول قاناتتا ئەنە باتۇرلار،
قىلىچىدا تۇتقانچە قولنى،
كۈن ـ تۈن ھوشيار قوغدىشىپ تۇرار
قارارگاھقا ئېلىپ بارار يولنى.
دۈشمەن قەدەم قويغان ھەر زامان،
قىرىلىدۇ بۇندا بىئامان.

### شاھ

يىقىلىشىپ كەلمەكتە ئۇلار،
مېنىڭ ساختا قېرىنداشلىرىم.
گاھ ئاكا دەپ مېنى، گاھ پەدەر
ئىلتىپاتلار قىلىپ نەقەدەر.
ئېگىپ تۇرغانىدى باشلىرىن.
ئۇلار بولدى تەختىمگە ئاپەت،
مال - مۈلكۈمنى قىلىشتى تالاش.
شۇنداق قىلا - قىلا ئاقىۋەت،
ماڭا قارشى كۆتۈرۈشتى باش.
خەلق ماڭدى ئېقىن قايانغا
يېتەكلىسە قاراپ شۇ يانغا.

### باش قوماندان

ئەنە سادىق تىڭچىمىز كېلەر،
ئېلىپ كېلەر ئۇ قانداق خەۋەر؟

### بىرىنچى خەۋەرچى

بۇيرۇقنى قىلىپ ئادا
ئايلىنىپ تاغ، بەك ھاردۇق.
بىرەر خۇش خەۋەر ئەمما،
ساڭا ئېلىپ كەلمىدۇق.
گەرچە كۆپلەر قەسەمگە —
ساڭا سادىقتۇر ھامان.



لېكىن تولۇپ ئەلەمگە
باش كۆتۈرگەن ئالامان.

## شاھ

پەقەت ئۆزىنى ئويلايدۇ ئادەم،
شان، ئار - نومۇس ئەمەس مۇقەددەس.
كۆيسە ھەتتا قوشنىسىنىڭ ئۆيى
ئويلاپ ئۆزىنى ئۇنى ئۆچۈرمەس.

## باش قوماندان

ھېرىپ - چارچاپ، ھالىدىن كېتىپ
كەلدى يەنە بىر تىڭچى يېتىپ.

## ئىككىنچى تىڭچى

ئالامان ئىدى تارقاق،
تەرتىپ بىلمەيتتى ئەسلا.
ئۇلار ئىچىدىن بىراق
چىقىپ قالدى پادىشاھ.
ئۇ كۆتۈرگەن بايراققا،
ئىنتىلدى بارچە دەرھال.
ئۇ يېتەكلىگەن ياققا،
يۈرۈشتى پادا مىسال.

# شاھ

ئاشۇ ساختا پادىشاھ تۆپەيلى
تۇنجى رەت ئۆزۈمنى سەزدىم پادىشاھ.
ئاددىي ئەسكەر بولدۇم بەئەينى،
جەڭگە باشلىشار يۈرىكىم مەيلى،
يۈكسەك نىيەت ماڭا رەھنىما.
بىر چاغ قۇرۇپ بەزمە، تەنتەنە
كۆڭلۈمنى خۇش قىلغان دەملىرىم،
بالىلاردەك ھالقىغا يەنە
نەيزە ئېتىپ ئوينىغان پەيتىم —
ئېچىلمىغان كۆڭلۈم ھېچقاچان،
بولماي قۇدرەت - كۈچۈم نامايان.
شادلىق تولۇق بولمىقى ئۈچۈن
خەۋپ - خەتەر كەم ئىدى ئۇ كۈن.
ئەگەردە سىز تۇتۇپ قولۇمنى،
توسىمىسىڭىز ئىدى يولۇمنى،
لەشكەر تارتىپ چىقىپ مەيدانغا،
پۈركەر ئىدىم ئۆزۈمنى شانغا.
ئاشۇ نىقاب بەزمىدە ناگاھ
تۇتاشقاندا ئېتىكىمگە ئوت —
بولدۇم بۈيۈك شەۋقتىن ئاگاھ،
ئوت بىلدۈردى ئۇنى ئۇشتۇمتۇت.
ئۇ ئوت يالغان بىر چېقىن ئىدى.
ئەمما دىلغا كۆپ يېقىن ئىدى.
مەن كۆپ قولدىن بەردىم باي پۇرسەت
ئەمدى بولغاي مېنىڭكى نۇسرەت.

(ئىسيانكار پادىشاھنى گۆرەشكە چاقىرىپ
ئەلچىلەرنى ئەۋەتىدۇ)

ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيگەن، قالقىنىنى تۆۋەن چۈشۈرگەن فائۇست كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئۈچ پالۋان كىرىدۇ.

## فائۇست

كەلدۇق بۇيان بىر خۇش سائەتتە،
سىزگە مەدەت بەرمەك نىيەتتە.
تاغ سىرىنى بىلەر تاغلىقلار،
بىلەر ئاسمان، يەر، تەبىئەتنى.
مېغىزىن چېقىپ ئوقۇشار ئۇلار
تاشلاردىكى قەدىمىي خەتنى.
روھلار تەكشى يەرنى تەرك ئېتىپ،
تاغدا ماكان تۇتقاندىن بۇيان —
ئۇلار مېھنەت قىلىشار دائىم
قۇدرەت - كۈچىن ئەيلەپ نامايان.
رەڭگى مەدەن دېتىغا تولغان
ئىسلار بىلەن لىېمۇلىق بولغان،
ئۆڭكۈرلەردە يېتىپ كۈن-ۇ تۈن
بىر يېڭىلىق ياراتماق ئۈچۈن،
قانداقتۇر بىر قۇراشما ئىزدەپ،
تەر تۆكۈشەر تىنىمسىز ئىشلەپ.
ئىلاھىيەت قوللىرى بىلەن
يارىتىشار مۆجىزە مىرئات.*

* مىرئات — ئەينەك.

ھە، ئۇنىڭدا پۈتكۈل ـ تامامەن
نامايانىدۇر پەلەك، كائىنات.

**شاھ**

بۇ سۆزۈڭگە ئىشەندىم ئەمما
بىزگە بۇنىڭ نېمە دەخلى بار؟

**فائۇست**

نۇرسىيلىك سەبىنى سەھھار*
ساڭا سادىق قۇلدۇر دائىما.
مۆمكىن ئىدى بولۇشى قۇربان،
چىردىسلايىتتى ئاستىدا ئۇتۇن،
ئورنىغاندا ئۇنى كۆك تۈتۈن:
نە خۇدا، نە ئىنسان، نە شەيتان
بېرەلمەستى ئۇنىڭغا نىجات.
سەن ئەيلىدىڭ ئۆلۈمدىن ئازاد.
يۈز بەرگەنتى رومادا بۇ ئىش،
چىقماس ئۇنىڭ خىيالىدىن ھېچ.
قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئامان
ئىشلەر ساڭا قۇل بولۇپ ھامان.
كىرگىنىڭنى ئاڭلاپ ئۇرۇشقا،
زەپەر تىلەپ سىنى قوللىدى.
يەنە مەدەت بەرگىلى ساڭا
ھۇزۇرۇڭغا بىزنى يوللىدى.

تاغلار ئارا بار سىرلىق قۇدرەت
تاغلىقلارغا ئايان ھامان بۇ.
سەجدە ئەھلى، دىن ئەھلى پەقەت
بۇ قۇدرەتنى جادۇ ئاتايدۇ.

## شاھ

بىزگە بەزمە شادىيانىدا
كەلسە كۈلۈپ، شادلىنىپ مېھمان —
كۈتۈپ ساراي - ھەيۋەت بىنادا
قىزغىن قارشى ئالارمىز ھامان.
ئەمما خەۋپ - خەتەرلىك چاغدا
سادىقلىق جۇش ئۇرۇپ قېنىدا،
دوستۇڭ بولسا يېنىڭدا پەيدا —
بۇنداق بەختكە سۆز يوقتۇر ئەسلا،
تۇتۇپ قىلىچ سېپىنى مەھكەم
ۋاپادارلىقنى قىلىپ ئىپادە،
تەييار بولسا بولغىلى ھەمدەم
ئۇندىن ئەزىز دوست يوق ئالەمدە.
ئەمما بۈگۈن مېھرىبان دوستلار
قىلىچلارنى سىلىك قىنىغا.
جەڭگە كىرەر نەچچە مىڭ لەشكەر،
كۆمۈپ كۆكنى جەڭلەر چېڭىغا.
كىم ئۆز قەدرى - قىممىتىن بىلۇر،
شانىن ئۆزى ھىمايە قىلۇر.
كىمكى تەلەپ قىلسا تاجۇ تەخت —
شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭگە بولسۇن تەخ.

ئۇ شاھلىقنى تىلىگەن ئەرۋاھ
قىلسا گەر ھېس ئۇ ئۆزىنى شاھ،
يەتكۈزەيمەن ئۇنى تىلەككە —
جەڭگە كىرىپ يەككىمۇ يەككە،
بولغاي ئاڭا ئۇ ئالەم پاناھ.

### فائۇست

تىلىكىڭ ساز - ئىزگۇ تىلەكتۇر،
ئەمما سېنىڭ بېشىڭ كېرەكتۇر.
سەن كىمىگەن بۇ دۇبۇلغا، قالقان،
ساقلار ئۇنى تىغدىن ھەرقاچان.
تەن ياشايدۇ پەقەت باش بىلەن،
باش ئۇيقۇغا كەتسە، ئۇخلار تەن.
سەن تارتقان بۇ ساناقسىز چېرىك
پەقەتلىكى سەن بىلەن تىرىك.
قول ئىشلەيدۇ باش بولسا ئامان،
باشنى ساقلاپ كۆتۈرەر قالقان.
ياۋ زەربىسىن قارشى ئالىدۇ،
ئاندىن ئۆزى قىلىچ سالىدۇ.
غەلىبىدە ئىشلەر ئاياغ ھەم،
دەسسەر دۈشمەن بوينىنى مەھكەم.

### شاھ

شۇدۇر بىزنىڭ نىشان - ئەھدىمىز،
بوغسۇن ياۋنى ھەر قەدىمىمىز.

## خەۋەرچىلەر

ياۋ ئالدىدا ئېتىبار
تاپقىنى يوق سۆزىمىز.
سىنى ئۇلار قىلدى خار،
مازاق بولدۇق ئۆزىمىز.
دېيىشتى: «ئۇ خاقاندىن
چۆچەك قالار ئەل ئارا!
«بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن
بولغانىكەن بىر پادىشاھ...»

## فائۇست

ياخشى جاۋاب. شۇ كېرەك بۈگۈن،
سەن تەرەپتە تۇرغانلار ئۈچۈن.
يېقىنلىشىپ كەلمەكتە دۈشمەن،
ھۇجۇمغا تېز بۇيرۇق بەرگىن سەن.

## شاھ

مەن بۇ ئىشتا چەتتە تۇرىمەن.
(باش قوماندانغا)
بۇ ھوقۇقنى ساڭا بېرىمەن.

## باش قوماندان

جەڭگە بولسۇن ئوڭ قانات تەييار،
كەلمەكتىدۇر دۈشمەن سول ياقتىن.

ئۇنى قىلماق كېرەك تارۇمار —
ئۆتۈشكە يول قويماي تاغدىن.

### فائۇست

ئۇنداق بولسا بېرىشى كېرەك،
ئۇڭ قاناتتىن مانا بۇ باتۇر.
باشقىلارغا كۆرسىتىپ ئۆرنەك،
ئۇ ئالدىدا يۈكسىلەر جەسۇر.

(ئۇڭ يېنىدا تۇرغىنىنى كۆرسىتىدۇ)

### باسبالدى

(ئالدىغا چىقىپ)
كىم يۈزىنى بۇرىسا ماڭا،
مۇشتۇم قارا قانغا بويايدۇ.
ئارقىسىنى قىلسا كىم ماڭا،
تېپىك يەيدۇ، يەرگە غۇلايدۇ.
قولدا قىلىچ ھۇجۇمغا ئۆتەي،
توختىتالماس ھېچبىر كۈچ بىر دەم.
ياۋ بۇرنىنى يەرگە بىر تۈرتەي،
باسالمىسۇن قايتا رەت قەدەم.
(كېتىدۇ)

باش قوماندان

مەركىزىي سەپ ئەمدى يېشۇرۇن
يىقىنلاشسۇن دۈشمەنگە قاراپ.
جەڭگە كىرىپ ئوڭ قانات قوشۇن،
رەقىبلەرنى قىلماقتا خاراب.

فائۇست

(ئوتتۇردا تۇرغاننى كۆرسىتىپ)
سەن مەركەزدىن مانا بۇ چاققان،
مەرد يىگىتنى يوللا ياۋ بىلەن.

تالابالدى

(ئالدىغا چىقىپ)
مەن دۈشمەنگە قىرغىن سالارمەن...
قىرغىن سېلىپ ئولجا ئالارمەن.
ئوغرى شاھنىڭ كەتكىنىن بۇلاپ،
بۇرچۇم مېنىڭ قايتۇرۇپ ئالماق.
تېز ئارىدا ئۇ شاھ بولار گۇم،
بىز مەركەزدىن باشلايمىز ھۇجۇم.

مەركىتەنت جۇۋان

(تالابالدىغا سۈركىلىپ)
بولمىسىمۇ ئېرىم بۇ مېنىڭ،

چاڭسالاخان*

لېكىن ئاشناڭدۇر سېنىڭ.
جەڭدە گەر بولساڭ ئەپچىل،
سېنىڭكى ئولجا - ھوسۇل.
ئولجامالغا ئۇچ ئايال،
تەقىق يوق! ئال بىسمالال!
(ئىككىسى كېتىدۇ)

باش قوماندان

دۈشمەننىڭ ئوڭ قانىتى، ئايان،
ئالماقتىدۇر مۆلجەلگە سولنى.
سول ياق! قىلىڭ كۆكرەكنى قالقان،
مەھكەم قوغداڭ ئارىلىق يولنى.

فائۇست

(سولغا ئىشارەت قىلىپ)
مانا بۇنى قوشۇنغا يوللا،
كۈچ قوشۇلار كۈچۈڭگە شۇندا.

ساقلابالدى

(ئالدىغا چىقىپ)
ئوڭ قاناتتىن كۆڭۈل بولسۇن توق،
مەن بار چاغدا خەۋپ - خەتەر يوق.
قىرى ئەسكەر تۇتقاننى مەھكەم

ئالالمايدۇ چاقماق قىلىچ ھەم.
(كېتىدۇ)

**مېفىستافېل**

(يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىدۇ)
ئەمدى كۆرۈڭ تاغلاردىن ئېشىپ —
تۇتۇپ قولدا قىلىچ ۋە قالقان،
زوقى ئۆرلەپ، قۇدرىتى تېشىپ
كەلمەكتىدۇر سانسىزلاپ پالۋان.
ئەسلىھەلەر تاغ ئىچىدە تاغ،
ئۇلاردا بار ھەممە خىل ياراق.
بارار ئۇلار يوللىساڭ قايان،
پەقەت كۈتۈپ تۇرۇشار پەرمان.
(سىرنى بىلگەنلەر ئۇچۇن ئاستا)
قەيەردىن دەپ، مەدەت لەشكىرىن،
مەندىن ئەسلا سورىماڭلار گەپ.
ئەسلىھەلەر ئامبارلىرىنى
چىققىتىم تازىلاپ، كۆرگەچ بىر - بىرلەپ.
ئۇلار خاقان، ۋەزىر، قوماندان —
بولۇپ ھۆكۈم سۈرگەن ئالەمدە.
قەدىمكىدەك تۇرۇشار ھامان
بىرى ئاتتا، بىرى پىيادە.
ئۇلار قورالخانىلار ئارا
ھەشەم قىلار بىسانۇ ساناق.
كەتكەن بىراق ھەممە قاغجىراپ،
قالغان ھەممە بولۇپ قاسىراق.

مەن ئۇلارنى جىنلارغا بەردىم،
بىر - بىر ئېلىپ كىيگۈزدۈم بەرىن.
شۇنداق قىلىپ مەن سەپكە تىزدىم،
ئوتتۇرا ئەسىر قالدۇق لەشكىرىن.
دۇبۇلغايۇ ساۋۇت بەك ھەيۋەت،
تەسۋىرى زور بولىدۇ ئەلۋەت.
(يۇقىرى ئاۋازدا)
يوق ئۇلارنىڭ سىپىنىڭ چېكى،
قورالىرى تۇرىدۇ چاقناپ،
لەپىلدەيدۇ بايراقلار تاغدا،
شامال بىلەن تىنىمسىز ئويناپ.
ناغرىلارنىڭ ساداسى ياڭراق،
يىگىتلەردە جەڭگە ئىشتىياق.

يۇقىرىدا دەھشەتلىك كاناي ئاۋازى ياڭرايدۇ. دۈشمەن قوشۇنلىرى ساراسىمىگە چۈشىدۇ.

## فائۇست

قاراڭغۇلۇق باستى ئۇپۇقنى
ئۇندا - بۇندا چاقنىتىپ كۆزنى،
پەقەت بىر ئوت بولار نامايان.
قان بولدى يەر، قان بولدى ياراق،
جەڭگە كىردى ئورمان، دەريا، تاغ،
جەڭگە كىردي ھەتتاكى ئاسمان.

## میفىستافىل

ئالغا بارار ئۇڭ قانات دادىل،
ياۋ قوشۇنى گاڭگىراپ قالدى.
دۈشمەنلەرنى ئۇرماقتا، قايىل،
بىزنىڭ پالۋان گانىس باسبالدى.

## شاھ

بىر قولنى كۆتۈردى، ئەمما
ئېنىق كۆردى كۆزلىرىم، — بىر يول
كۆتۈرۈلدى ئون ئىككى تال قول.
سىغمايدۇ بۇ ئەقىلگە ئەسلا.

## فائۇست

سىسىلىيە ساھىللىرىدە،
تۈندە تىنىق تۇمان ئىلكىدە
بەلكىم كۆرگەن بولغىيدىڭ سەراپ؟
ئۇندا نەق چۈش — بولغاندا ئاپتاپ
كۆز ئالدىڭدا جىمىرلاپ ھاۋا،
بولار ئەجەب مەنزىرە پەيدا.
ياپراقلىرى ئېيتقۇچى قوشاق
باغ بولۇپ گاھ تارتىدۇ نىگاھ.
ھەم كۆزلەرنى قىلغۇچى شەيدا
شەھەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ گاھ.

## شاھ

نە ئەجەب ھال، نەيزىلەر ئۇچى
كۆيەر ئەنە، بۇ ئوت نېمە ئوت؟
شۇ سىرلىق ئوت ئۆرلەر پەلەككە
ھەر سانجىشتىن چاقناپ ئۇشتۇمتۇت.
كۆزدە غەيرەت، دىلىمدا قورقاق.

## فائۇست

ئەي پادىشاھ، ئۇ شولىغا باق،
دىئاسكورلار چاچقان نۇر ئاشۇ،*
كۆزلىرىڭگە كۆرۈنگىنى شۇ.
كېمىلەرنى سەپەرگە يوللاپ،
بەختىيار ۋە يورۇق يول تىلەپ،
قايتسۇن ئۇچۇن قىرغاقفا ئامان،
نۇر چېچىشقان ئۇلار بىر زامان.
كۆپ ئەسىرلەر ئۆتۈپ بىزگە ھەم،
شولا چېچىپ بەرمەكتە ياردەم.

## شاھ

ئەمما، ئېيتىڭ بىز تەرەپكە ئۇ،
مۆجىزىنى يوللىغان جادۇ —
ئىگىسى كىم؟ قانداقچە ئادەم؟

## ميفىستافىل

سەندىن بېشى ھەققى مىننەتدار —
ئاشۇ نۇرسىيىلىك دانىشمەن،
ئەسۇ يادى بەنت سىنىڭ بىلەن
دەيدۇ تىلەپ، نۇسرەت بولسۇن يار.
دۈشمەنلىرىڭ پىلانىن ئاڭلاپ،
يۈرىكىدە قوزغالدى غەزەپ.
ياخشىلىقىڭ ئۇنتۇلماس ئەسلا،
تەييار جانىنى بەرمەككە ھەتتا.

## شاھ

ھە، تاپتىيۇ ئامىتىم راۋاج،
مەن رومادا كىيەر بولدۇم تاج.
مەرىكىدە قىلىپ تەنتەنە
ئايلانغاندا شەھەردە يەنە،
كۆرۈپ قالدىم دەھشەتلىك ھالنى
ۋە قۇتقۇزدۇم ئۇتتىن ئۇ چالنى.
پىكرىم ئىدى ئەل ئارا شۇئان
قۇدرىتىمنى قىلماق نامايان.
دىن ئەھلىنىڭ بۇزدۇم راھىتىن،
ھەم قوزغىدىم ماڭا نەپرىتىن.
شۇندىن بۇيان ئۆتتى نەچچە يىل،
نېچۈن يەنە ئۇ بوۋاي ھايات؟
ئۇ ياخشىلىق ئۈچۈن ھە، بۈگۈن،
ماڭا قايتار ياخشىلىق ناھات؟

### فائۇست

ھوسۇل بېرەر دائىم ياخشىلىق،
ئەمما كۆككە قارا. بۇ پۇرسەت
ئىككى خىل قۇش پەرۋاز قىلار تىك،
چۈشەنسەڭ بۇ ياخشى ئالامەت.

### شاھ

بۈركۈت پەرۋاز قىلار ساماڭا،
گرىف ئۇنى قوغلاپ بارماقتا.*

### فائۇست

ياخشى بەلگە. كۆزەتكىن سەگەك،
گرىف نېمە؟ ئۇ يوق، ئۇ چۆچەك.
سەييارىلەر شاھى ئۇ تەنھا —
بۈركۈتكە تەڭ كېلەلمەس ئەسلا.

### شاھ

ئەنە ئۇلار كۆكتە چەرخ ئۇرۇپ
بىر - بىرىگە قاراپ تاشلاندى.
بىر - بىرىگە تەڭ چاڭگال سېلىپ
ھايات - مامات جېڭى باشلاندى.

## فائۇست

گرېك ھالىدىن كەتمەكتە ئەنە،
ئەنە شىرلۇق ھىلىنىپ قانغا،
شىر قۇيرۇقىن ئەسلەتكىنىچە—
موللاق ئېتىپ چۈشتى ئورمانغا.

## شاھ

قېنى، شۇنداق بولسا ئاقىۋەت!
ئىشىنىمەن، بۇ ساز ئالامەت.

## مېفىستافىل

(ئۇڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ)
بىزنىڭ قوشۇن باھادىر،
جەڭ قىلماقتا غەيرەتتە.
بىتەرتىپ سۈرەن سېلىپ،
دۈشمەنلەر چېكىنمەكتە.
ئوڭغا كۆچتى ياۋۇز كۈچ.
ۋە زەربىگە كەلدى دۇچ.
بىزنىڭ مەركىزىي قوشۇن،
بەئەينى چاقماق — چېقىن،
ئۇڭ قاناتقا تاشلاندى،
تەڭ ئېلىشىش باشلاندى.
ئىككى تەرەپ باراۋەر،
قۇدرەتتە ھەم شىددەتتە.

يېقىندۇر ئېنىق زەپەر،
بىز يېڭىمىز ئەلۋەتتە.

## شاھ

(سولغا بۇرۇلۇپ فائۇستقا)
بۇ تەرەپتە ئىش چاتاق،
شالاڭلاپ قاپتۇ سول ياق.
دۈشمەن ئەسكىرى تىككە
چىقماقتا ئېگىزلىككە.
بىزنىڭ سەپلەردە بىراق
ساراسىمە تەھلىكە.
تۆپىلىك بوشاپ قالدى،
ياۋ قوشۇنى يول ئالدى
ئارىدىكى يول تامان،
بىزنىڭ ھالىمىز يامان.
مانا جادۇ يېرۇقى،
بۇ — قىڭغىر ئىش بۇيرۇقى.
(جىملىق)

## مېفىستافىل

ماڭا بۇ دەم كەلتۈرەر
ئىككى قۇزغۇنۇم خەۋەر.*
قورقىمەنكى، ئىش ناچار.

**شاھ**

قۇزغۇنلارغا نېمە بار؟
ئۇلاردا نېچۇك نىجات؟
قارا يەلكەندەك قانات
يېيىپ ئۇچۇشار ھەيھات!
ئۇلارغا شۇملۇقلار يار.

**مېفىستافېل**

كېلىپ قونۇۋ يەلكەمگە،
قۇلىقىمغا يېقىنراق.
مەن سىلەرنى ياردەمگە
چىللايمەن تاقىتىم تاق.

**فائۇست**

(شاھقا)
تىنچلىق كۆڭلىرى خەۋەر
ئېلىپ كېلىدۇ كەپتەر
ماكانىنى تۇتۇپ يادقا.
ئۇرۇشتا بولسا پەقەت
قۇزغۇنلار توشۇيدۇ خەت
ياۋۇز قارا قاناتتا.

### مېفىستافېل

بۇ راستىنلا شۇم خەۋەر،
سول قاناتتا چوڭ خەتەر.
بىزنىڭ پىلان چىقتى خام.
هۇجۇم قىلىپ شىددەتتە
تۆپىلىكنى ئالغان ياۋ
ئالسا پەسنى — ئىش تامام.

### شاھ

سىزگە كۆنۈپ مەن تەنتەك
قاپقانغا چۈشتۈم دېمەك.
نېچۈن سىزگە بەردىم قول؟

### مېفىستافېل

مەھكەم بول،
تېپىلار يول.
ئەھۋالىمىز كۆپ يامان،
ئەمما تېخى بار ئىمكان.
قۇزغۇنلىرىم مەدەتكار،
ئۇلار ياردەمگە تەييار
بەرسەڭ ھەربىي تىزگىننى
قۇتقۇزارمەن مەن سېنى.

## باش قوماندان

(دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن كىرىپ)
مۇغەمبەرلىك ساڭا يار،
بۇنىڭدىن چەكتىم ئازار.
ئۆزۈڭ ھەل قىل بۇياقنى.
باشلىدىڭ، تۈگەتكىن ھەم.
تاپشۇرىمەن مەن بولسام،
قوماندانلىق تاياقنى.

## شاھ

يېنىڭدا تۇرسۇن ھاسا،
كەلگۈچە ياخشى كۈنلەر.
دىلىمدا قورقۇش، ئەمما
دەھشەتلىك بۇ جادۇگەر،
ئاڭا مەدەت قوزغۇنلار.
(مېفىستافېلغا)
ئويلىمىغىن ھاسىنى،
بەرمەيمىز ئۇنى ساڭا.
بولغىنىچە ئىمكانى
مەدەت بەر ئۆزۈڭ ماڭا.
(باش قوماندان بىلەن چېدىرغا كىرىپ كېتىدۇ)

**مېفىستافېل**

بىھاجەت ماڭا ئەسلا
بەندىگە تېگمىل ھاسا.
بۇ نېمەڭنى ئۆزۈڭ ئال.

**فائۇست**

قانداق قىلىسەن؟

**مېفىستافېل**

دەرھال
تېپىلىدۇ چارىسى.
قوشۇنىنىڭ كۆز قارىسى
كۆل تامان پەرۋاز ئېتىڭ،
ئۇندىن نېرىغا يېتىڭ.
ئېيتىپ مېنىڭ دۇئايىم
يەتكۈزۈڭ مۇددىئايىم.
ئۇلار تاغلارغا تاشقىن
تەسۋىرىنى كىرگۈزسۇن.
ئۇلار ئەپلەر بۇ ئىشنى،
ئايالارغا بۇ ئادەت:
ھەرقانداق كۆرۈنۈشنى،
قىلىشىدۇ ھەقىقەت.
(جىملىق)

### فائۇست

قۇزغۇن پەرۋاز قىسىپ كەتتى،
ئەنە پەللىگە يەتتى.
ئەنە تاشلاردىن ئېشىپ،
سۇلار كەلمەكتە تېشىپ.
دۈشمەن، ھالىڭ تەڭ بولار،
غەلبەڭنى سۇ يۇۋار.

### مېفىستافىل

توختىماس، قايناپ تاشار،
ئەڭ ئېگىز تاغدىن ئاشار.

### فائۇست

ھەر تەرەپتىن كېلىپ بۇلاقلار،
قوشۇلۇشۇپ ساي بولۇپ ئاقار.
ۋە تاشلارغا دۈچ كېلىدۇ ئۇ،
تاغ باغرىدا يىغىلىدۇ سۇ.
يىغىلىدۇ، لىپمۇ لىپ تولۇپ،
ئاندىن تېشىپ زور كەلكۈن بولۇپ،
ئاندىن ھەيۋەت سۈرەنلەر سېلىپ
ماگىر قاراپ پەسكە ئېتىلىپ.
كۆرۈپ تۇرۇپ سۇنىڭ بۇ كۈچىن
ياۋ قارشىلىق كۆرستەر نېچۈن؟

بۇ تاشقىنغا باقسام - كۆز تىگسەم
دەھشەت باسار ھەتتا مىنى ھەم.

مېفىستافىل

كۆرگىنىم يوق بۇندا ھېچبىر سۇ،
سەزگىنىم يوق ھېچقانداق دەھشەت.
ئالدىنىشقا مايىلدۇر مەڭگۇ
ئادەمزاتنىڭ نىگاھى پەقەت.
مەن كۆلمەن ئۇلارغا قاراپ،
قانداق نازۇك ئىنسان ئەسەبىي.
قول تاشلىشار بەرى ھەر تەرەپ،
چوكۇۋاتقان كىشىلەر كەبى.
ھەممە چەتكە ئۆزىنى ئۇرار
يىلتىز چىرماپ تۇرغاندەك تۇتاش.
ئەسلى ئۇلار قۇرۇقلۇقتىدۇر
پۇتلىرىنىڭ ئاستى تامام تاش.
(قۇزغۇنلار قايتىشىدۇ)
ياشاڭ، ئېيتىپ بۇ ئىشىمىزنى
ليۇسفېرغا* ماختايمەن سىزنى.
ئەمدى بېرىڭ يەنە بىر ياردەم،
قايىل قىلىڭ سىز بۇ ئىشنى ھەم:
پەرۋاز قىلىڭ ئەمدى تاغلارغا،
مېھنەت قىلىپ گىنامىلار تۈن - كۈن،
تۆت ئەتراپقا چاچرىتىپ ئۇچقۇن
تۆمۈر تاۋلاپ تۇرغان ياقلارغا.
سىز ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىڭ

ۋە ئۆلتماس قىلىڭ، يالۋۇرۇڭ.
ئۇلار ماڭا بەرسۇن ئوت - ئۇچقۇن،
ئوت - ئۇچقۇنكى يوق ھېچ مىسالى
تاڭ قالغۇچى ئىنسان خىيالى
بەرسۇن شۇنداق بەھەيۋەت يالقۇن.
چاقماق ئىزىن كۆرگەن ئادەملەر،
كۆرگەن ئۇلار كۆچكەن يۇلتۇزنى.
بۇلار سالماس ھەيرەتكە كۆزنى
ئەمما چاقماق چاقنىسا ئەگەر —
كۆكتە ئەمەس، شاختا، ياپراقتا،
يۇلتۇز يېنىپ ياتسا تۇپراقتا —
بۇ ھەقىقىي بولار ئەجەب ھال،
ئىنسان قىلماس ھەتتاكى خىيال.

(قوزغۇنلار ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئېيتىلغانلار بېجىرىلىدۇ.)

چۇلغۇنماقتا زۇلمەتكە ھەريان،
ياۋ يولىنى كۆرەلمەي ھەيران.
ئېزىتقۇ نۇر چاقناپ قالىدۇ،
زۇلمەت ئازدەك كۆزنى ئالىدۇ.
سىلىپ دەھشەت ئۈستىگە دەھشەت،
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەر ھەيۋەت.

## فائۇست

مۇزبېلاردا ياتقان قورالغا
جان كىرىپ ھەم ماڭار مەيدانغا.

**نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت ۋە قالقان...**
**جاراڭ - جۇرۇڭ، ئۇر - سۇر ۋە چۇقان.**

### مېفىستافىل

ئەنە، قەدىم ياخشى زامانلار
كۆز ئالدىمدا ئويغاندى يېڭى.
باش كۆتۈردى ئۇ زوراۋانلار —
رىتسارلارنىڭ باشلاندى جېڭى.
غەزەپتىن كۆز قارىغۇ، قولاق پاڭ،
قەست قىلىشىپ ئۆزئارا جانغا،
گىبېللىنلەر بىلەن گۈېلفلەر
يەنە چۈشتى جەڭ مەيدانىغا.
داۋام قىلار ئاشۇ جىددىي جەڭ،
پولاتلاردىن تارالغان جاراڭ.
ئۆتۈپ نەچچە ۋاقىت - زامانلار
قۇلاقلارنى قىلماقتا گاراڭ.
يەنە يەرگە تۆكۈلەر قانلار،
ئىختىلاپتا يەنە تامانلار.
دۇنيادا يوق ئارتۇقراق بالا
زىتلەشمەكتىن هامان ئۆزئارا.
شەيتان ئۈچۈن ئېيتقاندا بىراق
بەزمە بولماس بۇندىن ئارتۇقراق.
ئەنە ئاشۇ دوزىخى سادا
ياڭراپ ۋادا، ئېدىرلار ئارا
دۈشمەنىنىڭ چاك ئېتىپ باغرىنى
تۈزۈتماقتا لەشكەرلىرىنى.

(ئوركستىرنىڭ تەرتىپسىز سادالىرى خۇشال ھەربىي مۇزىكا مەشقلىرىگە ئايلىنىدۇ.)

## دۈشمەن پادىشاھىنىڭ چېدىرى

تەخت. بىھېساب بايلىقلار. تالابالدى ۋە چاڭسالاخان.

چاڭسالاخان

بىز بىرىنچى بولۇپ كەپتىمىز.

تالابالدى

ئۇچۇپ ھەتتا قۇزغۇندىنمۇ تېز.

چاڭسالاخان

بۇندا بايلىق كۆپتۇر - بىساناق،
ئاڭا نەدىن كېرەك قول سالماق؟

تالابالدى

دەر ھەقىقەت كۆزلىرىم تىندى،
قايسىسىنى ئالارمەن ئەمدى؟

چاڭسالاخان

يوق سىلىنچا قىلغۇدەك نەرسەم،
مانا لازىم مانا بۇ گىلەم.

تالابالدى

مانا بۇندا ئۆتكۈر ئايپالتا،
ئۇ دائىما ئىدى خىيالدا.

چاڭسالاخان

بۇ ئاجايىپ زەر باب يىپىنچا،
چۈشلىرىمگە كىرگەن ئۇ نەچچە.

تالابالدى

(ئايپالتىنى ئېلىپ)
بولسا ئەگەر بۇ قورال قولدا،
ھېچبىر خەتەر يوق ماڭا يولدا.
سېنىڭ بىرپاك خىلىلا كاتتا،
ئەمما ئىچى تامامەن لاتا.
بىلسەڭ ئەگەر ئىشنىڭ يېرىلىنى،
ئېلىۋالغىن ئاۋۇ قوتىنى.
جاۋاھىرلار ساندۇقچىسى ئۇ،
پۈتۈن لەشكەر خەزىنىسى ئۇ.

چاڭسالاخان

قانداق قىلاي، كۆتۈرەلمىدىم،
قەدىمىمنى يۆتكىيەلمىدىم،

تالابالدى

يول قالمىسۇن كېيىن ئەتتەڭگە،
يۆلە، ئۇنى ئارتاي يەلكەمگە.

چاڭسالاخان

ئۆلەي بايلىق ئالغۇچە، ۋاي - ۋاي!
ئۈگىلىرىم دېدى ئاجىراي.
(قۇتا يەرگە چۈشىدۇ. ئاغزى ئېچىلىپ كېتىدۇ)

تالابالدى

ئۇنچە... ئالتۇن، بۇ ئېسىل بايلىق،
ئال تولدۇرۇپ ئوچۇمۇڭنى لىق.

چاڭسالاخان

(زوڭزىيىپ)
تولدۇرايلى ئېتىكىمىزگە
تا ئۆلگۈچە يېتىدۇ بىزگە.

## تالابالدى

تېز بول، كەتتۇق، بۇياقتا ئىشىك.
(جۇۋان ئورنىدىن تۇرىدۇ)
ۋاي! ئېتىكىمنىڭ ئىكەنغۇ تۆشۈك.
ئۇ چېكىدىن سۆكۈلۈپ بارار.
ئالتۇنلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ بارار.

## ھەقىقىي شاھ ساقچىلار

ھوقۇق بەردى كىم سىزگە، قېنى،
شاھ مۈلكىنى تاراج قىلغىنى؟

## تالابالدى

بىزلەر مانا شۇ ھوقۇق ئۈچۈن
ئەسكەر بولۇپ ئىشلەيمىز بۈگۈن.
ياۋ مۈلكىنى ئالساق نە ئەجەب؟
ئاتايدىغۇ بۇنى ئولجا، دەپ!

## ساقچىلار

ياق، بۇ گېپىڭ تامام نا توغرى،
ئەسكەر ئەمەس بۇلاڭچى، ئوغرى.
كىمكى ھالال ۋە ئالىي ھىممەت،
ئەسكەر بولۇپ قىلىدۇ خىزمەت.

## تالابالـدى

بۇ ھالاللىق، ھىممەت ئىنئقۇ،
ئىشىمىزغا لايىق نەپ يوقمـۇ؟
بىزگە پەقەت ئۆلۈش بولسا بەس،
جەڭدىن مەقسەت شۇدۇر، ئۆزگەرمـەس.
(جۇۋانغا)
قاپچۇقۇڭنى كۆتۈر، قېنى يۈر،
بىزگە بۇنداق تۇرۇش بىزۆرۈر.
(كېتىـشىـدۇ)

### بىرىنچى ساقچـى

نېمىدېگەن يۈزسىز، بىـئەدەب؟
قويمىدۇق بىز نېچۈن ئەدەبلـەپ؟

### ئىككىنچى ساقچى

قولۇم قاتتى، قاچتى ئەقلـى ھـوش،
تۇرۇپ قالدىم كۆرۈۋاتقاندەك چۈش.

### ئۈچىنچى ساقچـى

كۆز ئالدىمنى باستى ـ دە، تۇمـان،
قارالمىدىم ئۇلارغا ھامـان.

## تۆتىنچى ساقچى

سەھەردىنلا باشلاپ، ئەجەبا،
قىزىپ كەتتى ئىنتايىن ھاۋا.
چۆچەك كەبى بىر ئىش بولاردى،
بىرى ئۇرار، بىرى غۇلاردى.
ياۋ بېشىغا گويا خۇددى چۈش،
قەيەردىندۇر چۈشەر ئىدى مۇشت.
بولار ئىدى كۆزىمىز غەلەت،
چۈشىنىكسىز ئىدى بۇ ھالەت.
مانا بولدۇق بۇ يەرگە پەيدا،
قانداق كەلدۇق، بىلمەيمىز ئەمما.

(تۆت كىنەز بىلەن پادىشاھ كىرىپ كېلىدۇ. ساقچىلار كېتىشىدۇ)

## شاھ

نە بولسىمۇ قىلدۇق غەلىبە،
قاچتى سەرسان بولۇپ ياۋ ھەريان.
مانا بۇ خانىنىڭ تەختى. مانا بۇ
ئۇنىڭ خەزىنىسى، ئۈنچە، زەر تولغان.
دوستلار ئارىسىدا ئۈستۈن روھىمىز،
تەۋە خەلقلەردىن ئەلچى كۈتىمىز.
كەلمەكتە خۇش خەۋەر بىزگە ھەر ياندىن،
يۇرت تىنچ، قۇتۇلدى ئەل غەلۋە، ئىسياندىن.
بىزگە مەدەت بەردى گەرچە سېھىرگەر،

ئاقىۋەت غالىب — بىز، بىزنىڭكى سەمەر.
جەڭلەر تارىخىغا تاشلىساق نىگاھ،
قانچە تەسەددىپلەر يۈز بەرگەن ناگاھ.
ياۋ بېشىغا ياغقان گاھى قانلىق سەل،
گاھىدا تاش يېغىپ گۇم قىلغان تۈگەل.
گاھ قارلار ئىچىدىن چىقىپ بىر ئەييۇھەنناس،
دوستقا ئىشەنچ بەرگەن، دۈشمەنگە ۋەسۋەس.
لېكىن يېڭىلگەنلەر مازاقا مەھكۇم
غالىبلارغا ياردۇر شۆھرەت، تەرەننۇم
تەڭرىنىڭ نامىنى تۇتۇپ دىللاردا،
مەدھىيە يوللايدۇ مىڭلاپ تىللاردا.
يار بولغان بۇ چاغدا سائادەت، زەپەر
مەن ئۆز يۇرتۇمغا تاشلايمەن نەزەر.
ياش خاقان ئىشرەتتۇ سايا قىلىدۇ،
ۋاقتى يېتىپ ئۇ ۋاقىت قەدرىنى بىلىدۇ.
مانا غالىبانە تۈگىدى ئۇرۇش
تۇتۇڭلارغا بىرىمەن ئۇلۇش.
(بىرىنچىسىگە)
سەن كىنەز، بولدۇڭسەن قوشۇنغا رەھبەر
مەھكەم تۇردى نازۇك پۇرسەتتە سەپلەر.
تىنچلىقتا ھەم شۇنداق خىزمەت قىل ماڭا،
فېلد مارشال* شەمشىرىن بىرىمەن ساڭا

*فېلد مارشال — بەزى چەت ئەل ئارمىيىلىرىدە ئالىي گېنېراللىق ئۇنۋانى.

## فېلد مارشال

يۇرت ئىچرە ئورناتتۇق تەرتىپ - ئىنتىزام،
زۆرۈردۇر كۈچەيتمەك ئاساسنى ھەم.
ئالىي سارىيىڭدا بولارمىز بىز جەم،
جەم بولۇپ قىلارمىز بەزمە خاتىرجەم.
ھە شۇنداق شەمشەرنى تۇتۇپ قولۇمدا،
تۇرارمەن ساقچىدەك مەغرۇر يېنىڭدا.

## شاھ

(ئىككىنچىسىگە)
سەن مەردلىك، ئەدەبتە ئۈلگە چېرىككە،
سېنى تەيىنلەي باش كەمپىرگەرلىككە.
گەر ساراي ئەھلىدە يوقتۇر ئىتتىپاق،
ساماتىنىڭ تېگىدىن سۇ قويار ناپاك.

## باش كەمپىرگەر

شۇ ئېرۇر مەن ئۈچۈن تەئەللۇق شوئار،
ياخشىغا يار، يامانغا ھەم بىئازار.
راستچىل بولاي دائىم، يالغاندىن يىراق،
مەقسىتىم سەن شاھنى خاتىرجەم قىلماق.
ئۇلۇغۋار بەزمەڭدە ئېھتىرام بىلەن،
قېشىڭدا تۇرىمەن ئالتۇن جام بىلەن.
قول سۇنساڭ زوق بىلەن كۈلۈپ تۇراي مەن،
ئالتۇن ئۈزۈكۈڭنى تۇتۇپ تۇراي مەن.

## شاھ

بۈيۈك ئىشلارغا بەنت گەرچە خىيالىم،
لېكىن توي ـ بەزمىلەرمۇ ئەلۋەتتە لازىم.
مەيلى زىياپەتلەر تەييارلىغىن كۆر،
كەيپىيات چاغ بولسا، ئىشمۇ بولار زور.
(ئۈچىنچىسىگە)
سەن بولغىن ساھىبخان، شۇ پەرمانىمىز،
سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر داستىخانىمىز.
يېمەكلىك ۋە ھەتتا ئۇۋۇلانغان گوش ھەم
مال ـ چارۋا ئىلكىڭدە بولسۇن ھەردەم.
ھەر پەسىل، ھەر بىر ئاي، ھەر پۇرسەتكە ماس،
لەزىز تائام بەرمەك ۋەزىپەڭ، خالاس.

## ساھىبخان

رازى قىلمىغۇچە تا سېنى تائام
قاتتىق روزا تۇتاي ئۆزۈم ۋەسسالام.
تاڭ بىلەن نانۇشتە قىلمىغۇڭ ئۈچۈن،
كۆز يۇمماس خىزمەتچى، ئاشپەزلەر پۈتۈن.
سەن ئۈچۈن راسلانغان ئاشۇ داستىخان
تۆت پەسىل نېمەتسىز قىلسۇن نامايان.
ۋە لېكىن ياقمايدۇ ساڭا دەبدەبە،
تامىقىڭ مەززىلىك ۋە بولسۇن ساددە.

## شاه

سۆز يەنە بەزمىگە ئۇلىنىپ قالدى،
سەن يىگىت ھەرقاچان سورۇننىڭ ئالدى.
شارابخانىمىزغا سەن پاسبان بول،
ھەم چەبدەس ساقىي بول، پىرى مۇغان* بول.
خۇملارنى تولدۇرۇپ تۇرغىن دەمبەدەم،
بۇ خۇشال بەزمىدە مەي بولمىسۇن كەم.
تويلاردا بارچىنى خۇشال قىل بىراق،
سەن ئۆزۈڭ ئىشرەتتىن تۇر ھامان يىراق.

## ساقىي

چوڭلارنىڭ ئىشەنچى ياشلارغا مەدەت،
ئىشەنچتىن كۈچ ئېلىپ ئۇلغىيار ئەلۋەت.
بەزمىلەر قىلماقچى بولساڭ شاھ ئەگەر
مەن تاپاي ئاجايىپ قالتىس قەدەھلەر.
كاسەلەر كۈمۈشتىن، چۆمۈچلەر ئالتۇن...
مۇبارەك قولۇڭغا ھەممىدىن بۇرۇن
تۇتارمەن ۋېنېتسىيە جامىنى بىللۇر،*
ئۇندا مەي ئوت بولۇپ جىلۋىلەر قىلۇر.
يانار ئۇ، يۈرەكتە شەۋق ياندۇرار،
مەست قىلماس ۋە لېكىن دىلنى قاندۇرار.

---

* پىرى مۇغان — ئون پەرەسلەر پىرى.

## شاه

مەن هازىر سىلەرگە بەرگەن شۇ ئۇنىۋان،
قىلىندى پەقەتلا سۆزۈمدە بايان.
شاه سۆزى هېچقاچان چىقمايدۇ يوقا،
ئەمما قانۇنى كۈچ كىرىپ بۇيرۇققا
پەرمان بولسۇن ئۈچۈن پادىشاه سۆزى،
خەت كېرەك. هە، ئەنە سەركاتىپ ئۆزى.

(سەر كاتىپ — ئارخىئېپىسكوپ كىرىدۇ)

تۆۋرۈككە ئېگىلىپ چۈشىدۇ قۇببا،
ۋەيرانە بولمايدۇ بىنامۇ شۇندا.
تاڭدىن بېرى بۇ تۆت كىنەز بىلەن بىز،
چوڭ ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشمەكتىمىز.
بۇ ئىشلار بولۇشى ئۈچۈن مۇستەهكەم،
بەشىنچى هەم كېرەك، قوشتۇق سىنى هەم.
سىلەرنى هەرقاچان يۆلىشىم مۇمكىن،
مەندىن يۈز ئۆرۈگەن كىنەزلەر مۈلكىن —
بەرىنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرەرمەن،
سىلەرگە هەم مۇتلەق هوقۇق بېرەرمەن.
چىقىرىپ بېرەرمەن سىلەرگە پەرمان،
ئۆز يېرىڭىزدە بولىسىز سۇلتان.
هەقلىقسىز بەرمەككە ئۇنى ۋارىسقا،
هەم كېڭەيتىشكە، سېتىش، ئېلىشقا.
ئىختىيارىڭىزدا هۆكۈم ۋە بۇيرۇق،
ئۇ هۆكۈمنى بىكار قىلماققا هوقۇق
هەتتا مەندە بولماس. سىزلەردە ئىمكان —

بىرىلەر يىغماقتا سېلىق ۋە ئولپان.*
پۇل سېلىق، جان سېلىق، تۇز سېلىقلىرى —
سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز بولدۇ بەرى.
يارايدۇ سىزدىكى چەكسىز ساداقەت،
كۆتۈردۈم سىلەرنى شۇ ئۈچۈن پەقەت.

### ئارخىيېپىسكوپ

ئەي شاھىم! سەن بىزگە بەخش ئېتىپ قۇدرەت
قۇدرەتتە تاپارسەن جەزمەن كامالەت.

### شاھ

يەنە بىر ئىلتىپات قىلاي سىلەرگە،
تەخت ۋارىسىنى تاللاش سىلەردە.
ھازىرچە ھاياتمەن ۋە لېكىن بىر كۈن،
ئەجدادىم يېنىغا چىللىشى مۇمكىن.
يۇمۇلغان چېغىمدا كۆزۈم، بەشىڭلار،
تېپىڭلار ئىز باسار، بۇ ئۆز ئىشىڭلار.
مەن جەڭدە، جەڭگاھتا كىيگەن بولسام تاج،
ھە، ئۇ تاج تىنچلىقتا تاپسۇن بىر ئىلاج.

### ئارخىيېپىسكوپ

ساڭا بىز كىنەزلەر، شاھى ئەزىملەر،
بەجا كەلتۈرىمىز قۇللۇق تەزىملەر.

---

*ئولپان — يەر سېلىقى.

ئاقاركەن تومۇردا قاچانغىچە قان،
بىزلەر تەن، سەن بولساڭ هامان قان هەم جان.

## شاھ

مەن سىلەرگە نىمە بەخش ئەتسەم،
مۆھرىم بىلەن قىلاي مۇستەھكەم.
شەرت شۇ: دۆلەت پارچىلانمىسۇن،
ۋارىس ئۇنى قەتئىي قوغدىسۇن.
بىر پۈتۈنلۈك بىلەن دۆلەت زور،
تۈنجى ئوغۇل بولسۇن مىراسخور.

## ئارخىئېپىسكوپ

بۇنى ياخشى بىجىرەي ئۆزۈم،
پېرگامېنتقا* يازاي شاھ سۆزىن.
ئۇنى كۆپەيتىپ كۆچۈرەر دىۋان،
شاھ قول قويسا — بولىدۇ پەرمان.

## شاھ

سىزگە جاۋاب: تىنىچ ئۆي ئارا،
ئويلاڭ شۇ كۈن قىممىتىن تەنھا.

(كىنەزلەر چىقىشىدۇ)

* پېرگامېنت — قەغەز ئىجاد بولمىغان چاغلاردا، قەغەز ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تېرە.

### ئارخىئېپىسكوپ

(شاھ ھۇزۇرىدا قىلىپ)
مەن سەركاتىب، كىنەز ئەمەسمەن،
بىر روھانىي بولۇپ سۆزلەيمەن،
سەزمەكتىمەن ئوغلۇم بىر خەتەر.

### شاھ

تەھدىت سالار نېچۈن شۇ قەدەر؟

### ئارخىئېپىسكوپ

ئېزەر مېنى بۇ دەم بىر قىيناق،
مەككار بىلەن بولدۇڭ ئىتتىپاق.
گەرچە تەختىڭ بولدى مۇستەھكەم،
ئەمەس رازى خەق ھەم پاپاھەم.
ئايان بولسا پاپاغا بۇ ھال،
قىلار جۇدا تەختتىن دەرھال.
چىقماس ئۇنىڭ يادىدىن سېنىڭ
جادۇگەرنى خالاس قىلغىنىڭ.
كىيىش بىلەن قۇتلۇق شاھ تاجىن
بىر دىنسىزنىڭ سىيلىدىڭ بېشىن.
شۇڭا تۇۋا قىلغىن، بولدۇڭ يەر.
چېركاۋغىمۇ ئۆلۈش ئايرىپ بەر.
جەڭ ئەۋجىگە چىققان ئۇ چاغلار
ئېبلىس شۇڭغۇپ ئۇچقان داللار،
تەڭرى ئۈچۈن بېرىلىشى شەرت.
ئۇنى دەرھال پەرمان قىلغىن مەرد.

شۇ تاغ باغرى، ياپيېشىل ئورمان،
ئاڭا تۇتاش ئېكىنزار مەيدان،
بېلىق تولغان كۆلنىمۇ تامام
قىل ھەدىيە چېركاۋغا بالام.

شاھ

ئۇ چېركاۋنى تىكلىگەن، بەللى،
گۇناھىمنى يارىغ ئەتكىلى.
شۇ ئوي بىلەن قالدىم شادلىنىپ.

ئارخىئېپىسكوپ

قول قوي، ھازىر قولۇڭ سەركاتىپ.

شاھ

ھۆججەتلەرنى تەييارلا، تېز بول،
تەييار بولغان ھامان قوياي قول.

ئارخىيېپىسكوپ

(تەزىم قىلىدۇ، لېكىن چىقىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كىرىدۇ)
بىر قانۇن بار قەدىمدىن قالغان،
زاكات بېرەر چېركاۋغا دېھقان.
دىن ئەھلىگە بولماققا يۆلەك،
سەجدىگاھقا روزىغار كېرەك.
قۇرۇش ئۈچۈن ئىبادەتخانا
قىل ئولجىدىن ئۈلۈش ئىئانە.

باشلانغان تېز بۇ مۇبارەك ئىز،
بەرگىن پۇلىمىز ئاھاك، ياغاچ، خىش.
بىز ئالدىدا قىلساقلا خىتاب،
ھەممە ئىشقا چۈشۈر دەپ، ساۋاب.
(چىقىدۇ)

شاھ

ئۇ سېھىرگەر بىلەن ئالاقەم،
چۈشتى بەكمۇ قىممەتكە بۇ دەم.

ئارخىئېپىسكوپ

(يەنە قايتىپ، تەزىم بىلەن)
بەردىڭ، يەنە، سېھىرگەر ئۈچۈن
قىرغىقىنى دېڭىزنىڭ پۈتۈن.
ئۇندىن زاكات بەرمىسە ئەگەر،
تەگرى جەزمەن غەزەپكە كېلەر.

شاھ

(ئەلەم بىلەن)
ئۇ يەر سۇنىڭ ئاستىدا ئاخىر.

ئارخىئېپىسكوپ

يېگىپ چىقار ھەممىنى تەخىر،
سەن بۇيرۇق بەر، ئاسان قالغىنى.
(چىقىدۇ)
(شاھ يالغۇز)
بەرسەم كېرەك بۇلۇپ شاھلىقنى.

# بەشىنچى پەسىل

## يالاڭلىق

### مۇساپىر

قارشىمدا تۇرار ئەنە
قەدىمىي ئارغۇۋانلار.
ئۇلارنى كۆردۈم يەنە
ئۆتۈپ تالاي زامانلار.
كونا كولبا — ئۇ پاناھ،
مېنى دولقۇن قىرغاقتا
ئاتقىنىدا بەناگاھ
شۇ ئۆي ئالغان قۇچاقتا.
بۇ كولبا ئىگىلىرى
ھاياتمىكىن؟ ھە، ئاخىر
شۇ چاغدىلا ياشىغان،
ئىدى ئۇلار چال - كەمپىر.
چاقىراي قېقىپ ئىشىك،
كەمتەر ساھىبخان ھامان

ئادەملەرگە ياخشىلىق
قىلماقتىن تاپار ئارام.

## باۋكىدە*

(قىرى موما)
ئاستىراق سۆزلە مىھمان،
ئۇخلىماقتا چال بۇ دەم.
ئۇ قىرىغان، بىدەرمان،
كەم ئىشلەپ، كۆپ ئالار دەم.

## مۇساپىر

سەن ئەمەسمىدىڭ، موما،
تۇتۇپ ئاجىز قولۇمدىن
شۇ ۋەيرانە ئۆي ئارا
قۇتۇلدۇرغان ئۆلۈمدىن؟
سەن، باۋكىدە، بەردىڭ جان،
ساقلىدىڭ مىنى ئامان.
(چال چىقىدۇ)
سەن ئەمەسمۇ مىلىسنى
قۇتقۇزغان ئۇ فىلىمان؟
سىلەر چالغان قوڭغۇراق،
سىلەر ياققان ئوت - گۈلخان
بولۇپ ئىشارە، ماياك
بەرگەن ماڭا نىجات، جان.

ئەمدى يەنە چوققىدىن
ئۇ دېڭىزنى كۆرەي مەن.
سەجدە قىلىپ خالاسكار —
قىرغاققا باش ئۇراي مەن.
(قۇملۇققا قاراپ ماڭىدۇ)

## قىلىمان

(باۋكىدەگە)
كەمپىر راسلا داستىخان،
راسلا باغدىن جاي دەرھال.
بۇ ئۆزگىرىشتىن مېھمان
ياقا تۇتار بولۇپ لال.
(مۇساپىرغا يېقىن كېلىپ)
سېنى دولقۇن قىرغاققا
تاشلىغانتى بىر مەھەل.
ئۇ يەر ئايلاندى باغقا،
يېشىل، خۇش ھاۋا، گۈزەل.
قېرىپ كۈچتىن قالدىم مەن،
ئادەملەرگە نېپىم كەم.
بۇ جەريان‌دا ساھىلدىن
يىراقلىدى دېڭىز ھەم.
ئاقىل ساھىبىك چاققان،
چاكارلىرى تۆكۈپ تەر.
قېزىپ قانال، تىكلەپ قاش،
دېڭىزدىن ئېلىشتى يەر.

سۇ ئورنىدا، كۆر ئەمدى،
باغلار گۈل ئېچىپ ياتار.
داستىخانغا يۈر ئەمدى،
كۈن پاتماققا خېلى بار.
كەچ بولسا، ئۇۋىسىغا
ئۇنتىلگەن قۇشلارسىمان،
كېمە، قېيىقلار بەرى
ئۇنتىلەر كۆرپەز تامان.
ئەنە نېرىدا قىرغاق،
ئۇندا دولقۇن ئوينار قۇم،
بۇ يەردە بولسا قىشلاق،
مەللەر كۈجۈم - كۈجۈم.

## باغ

ئۈچەيلەن

باۋكىدە

نېمە بولدۇڭ مۇساپىر،
باقماسەن داستىخانغا؟

قىلىمان

ئۇ مۆجىزىنى كەمپىر،
سۆزلەپ بەرگىن مېھمانغا.

باۋكىدە

مەن ھەق گەپنى سۆزلەيمەن،
مۆجىزىگە كەلدۇق دۇچ.
بۇ ئىشتا، بىراق، دەيمەن،
ئارىلاشتى ياۋۇز كۈچ.

فىلىپمان

پادىشاھ بىر ئەربابنى
ئىگە قىلدى قىرغاققا.
جارچىلار بۇ پەرماننى
تارقىتىشتى ھەر ياققا.
ئەنە شۇندىن باشلاپلا،
ئۆزگىرىپ كەتتى بۇ جاي.
ئاۋۋال ئاددىي بىر قىشلاق،
ئاندىن بولدى باغ، ساراي.

باۋكىدە

مىڭلاپ ئادەم ئۇرۇنار،
كۈندۈزى بولۇپ سەرسان.
تۈندە سىرلىق نۇر يانار،
ھاسىل بولار بىر داۋان.
دولقۇن بىلەن ئېلىشىپ،
قۇربان بولار تالاي جان.

تاغدا كۆرسەڭ ئۇ يەنە،
بولار ساغا نامايان.
ئۇ ساھىب — بەك بىرەھىم،
ئۆتۈپ كەتكەن قاراقچى.
بىزنىڭ كولبا، باغنىمۇ،
قارا، تارتىۋالماقچى.

### فىليمان

ئېلىۋېلىپ بۇ يەرنى،
بېرەر ئىمىش پەستىن جاي.

### باۋكىدە

چۈششەك قوزار شورىمىز،
ئۇ يەر دېگىز، كۆنمە، هاي!

### فىليمان

يۈرگىن ئەمدى ئەي مېھمان،
بۇتخانىغا بارايلى،
ئۈچىلىمىز بۇ ئاخشام،
سەجدىگە باش قويايلى.

## ساراي

قىرغاقلىرى تەكشى، چوڭ كانال بويىدا ياشناپ تۇرغان باغ. قېرىپ قالغان فائۇست* باغدا سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ.

## لېنتسېي

(كانايدىن سۆزلەيدۇ)
قۇياش پاتار، ئەمدى كېمىلەر،
كانال تامان كېلەر ئىچكىرلەپ.
تاشلىماقچى كۆرپەزدە لەڭگەر
ئۆتمەك ئۇچۇپ بۇ يەردە تۈنەپ.
كېمىلەرنىڭ بايراقلىرى بۇ،
قىلىپ تۇرغان تىنىمسىز جەۋلان
ساڭا، ئايا كۆرپەز ساھىبى،
يولۇچىلاردىن قۇللۇق ۋە سالام.
(قۇملۇق قىرغاقتا قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنىدۇ)

## فائۇست

لەنىتى ئۇ قوڭغۇراق! ئاھ، ۋاھ،
دىلغا تېگەر بولۇپ خۇددى ئوق.
چەكسىز مۈلكۈم ئالدىمدا، بىراق
ئارتتا ماڭا قىلچە ئارام يوق.
قوڭغۇراقتىن تارالغان ئاۋاز
سەن ھەقىقىي ساھىب ئەمەس، دەر،
قولۇڭدىكى خەت - ساختا قەغەز،
سېنىڭ ئەمەس چال ياشىغان يەر.
چالۇ كەمپىر كۆزۈمگە تىكەن،
تەنلىرىمگە زىچچىدۇر گويا.

كۆرۈندۇ بىر سايە بولۇپ،
تۇرغۇم كەلمەس بۇ يەردە ئەسلا.

لىنتسېي

(يۇقىرىدىكى ھالەتتە)
ئەنە قىرغاق ياقىلاپ شۇتاپ
كەلمەكتىدۇر يۈكلۈك كېمىلەر.
ئۇندا تۈرلۈك مانا بىھېساپ،
كۆزنى چاقار زىبۇ زىننەتلەر.

چەت ئەللەرنىڭ ماتالىرىنى يۈكلىگەن چوڭ كېمە كۆرپەز-
گە كىرىدۇ. مېفىستافېل ۋە ئۈچ پالۋان.

خور

كېمە قىرغاقتا
توختىدى تامام.
ئەي ساھىب، دىلدىن
ساڭا ئەسسالام.
(يۈكلەر چۈشۈرۈلۈشكە باشلايدۇ)

مېفىستافېل

شۆھرىتىمىز تارالغاي مەڭگۈ،
شاھ نېمە دەر بۇ ئىشقا ئەمما؟

ئۈچ كېمىدە يولغا چىقتىغۇ —
قايتتۇق يىگىرمە كېمىدە مانا.
نېمە قىلدۇق، قىلمايمىز بايان،
دېڭىز سۆيەر كىم بولسا راستچىل،
كۆزى ئۆتكۈر ۋە جەسۇر، ئەپچىل.
بۇلار دېڭىز پەرزەنتلىرى مەرد،
ئال، ھېچقاچان كىمنىڭكى دېمە.
دېڭىز سېخىي، بار ئۇۋغا پۇرسەت،
ئىلىنار گاھ بېلىق، گاھ كېمە.
ئىگىلىسەڭ ئىككى كېمىنى،
ئۈچىنچىسى تارتىدۇ سېنى.
بولىدۇ تۆت، ئاندىن بەش... ئىشەن...
توختاتماققا بولماس ھېچ ئىمكان.
بار دېڭىزدا قانۇن، ئىنتىزام،
زورنىڭ سۆزى ھەقىقەت تامام
نەدىن، قانداق ئالدىڭ دەپ ئەسلا
ھېچكىم سەندىن ئۇلتۇرماس سوراپ.
قاراقچىلىق، ئۇرۇش ۋە سودا —
بىر - بىرىگە كېتىدۇ ئوخشاپ.

## ئۈچ پالۋان

مۇكاپات ئۈچۈن
بەرمەي بىر تىيىن
ھومىيەر نېچۈن
بىزگە خوجايىن؟

شۇنچە مال ـ دۇنيا،
نېمىشقا ياقماس؟
ئۇلارغا ھەتتا
قايرىلىپ باقماس.

### مېفىستافېل

بۇ نېمە شۇۋ ـ شۇۋ؟
بۇ نېمە سۈرەن؟
ھەركىم ھەققىنى
ئالغان تامامەن.

### ئۈچ پالۋان

تەقدىرلىسە گەر
ئىشلىرىمىزنى،
بەرسۇن باراۋەر
ئۈلۈشىمىزنى.

### مېفىستافېل

ئاۋۋال، كېمىدە
نېمەلىكى بار ـــ
سەرەمجان قىلىپ
تىزىڭلار قاتار.
ھەممىنىڭ رەتلىك
بولغىنىنى جەم



كۆرسە شادلىنار
بەلكىم ساھىب ھەم،
سوۋغىمۇ شۇندا
جەزمەن بولىدۇ.
ھەممىڭلەرگە توي،
بەزمە بولىدۇ.
كېلەر قالغان كىملەر ئەتە،
ئالار شۇندا ئۈلۈشىن بارچە.

(چۈشۈرۈلگەن بايلىقلارنى ئېلىپ كېتىشىدۇ)

(فائۇستقا)
ساڭا كۈلۈپ باقتىغۇ ئىقبال،
ئەمما نېچۈن كۆڭلۈڭدە مالال؟
پۈتتى مېھنەت، مېھنەتكى تەڭسىز،
قىرغاق بىلەن قول بەردى دېڭىز.
بۇ كۆرپەزدىن — قاياققا دېمە —
يول ئالىدۇ ھەر تۈرلۈك كېمە.
بۇ ھەيۋەتلىك ساراي - مەنزىلىڭ،
نەگە سۇنساڭ يېتىدۇ قولۇڭ.
يادىڭدىمۇ، بۇندا تۇنجى رەت
تىكلىگەنتۇق چېدىرلار رەت - رەت.
قازغانىدۇق بۇندا بىز قانال،
ئۈزەر ھەر خىل كېمە بىمالال...
تەپەككۇرۇڭ بولدىمۇ يولداش
سەن دېڭىزۇ قۇرۇقلۇققا باش.
بۇندا...

## فائۇست

ئاھ، لەنىتى «بۇندا»، —
ھەممە ئاپەت، بالالار شۇندا.
ساڭا ئېيتاي دەردىمنى ئاخىر،
ھەر مۈشكۈلگە تاپارسەن چارە.
بىر غېمىم بار - ئۆرتىلەر باغىر،
يۈرىكىمنى قىلىدۇ پارە.
قىينار مېنى چال بىلەن كەمپىر،
ئۇلار تۇرار بۆگۈن يولۇمدا.
ماڭا ئالەم مۈلكى نېمەدۇر —
ئۇلار يېرى بولسۇن قولۇمدا.
بىگانە جاي، سالقىن ۋە گۈزەل،
ئالدى مېنىڭ كۆڭلۈمنى تامام،
ئالمىسام ھېچ بولمايدۇ ئاشۇ
ئارغۇۋانلار تېگىدە ئارام.
مەن ئۇ يەرگە شىپاڭ قۇراتتىم،
قىزغىن ئەمگەك قاينىغان چاغلار
ئادەم بىلەن تولغان داللار
جامالىغا قاراپ تۇراتتىم.
مەن كۆرەتتىم باغلار ئېچىپ گۈل
بەرق ئۇرۇپ تاپقىنىن كامال.
مەن كۆرەتتىم ئىنسانىي خىيال،
ئىنسانىي روھ بەرگىنىن ھوسۇل.
ئاھ، نەقەدەر بۇ ھال ئەلەملىك:
بايلىق ئارا ھېس قىلماق كەملىك.

دىمىغىمدا ئارغۇۋان ھىدى،
قۇلىقىمدا مۇدھىش قوڭغۇراق.
يۈرىكىمدە ئادەم تەھدىتى،
ۋۇجۇدۇمدا تىترەك، تاقەت ـ تاق.
ناھاتكى، شۇ ساھىل، قۇملۇقتا
بارچە ئىشىم بولغۇسى بەربات.
جاراڭلىغان ئۇ قوڭغۇراقتىن
نىمە مىنى قىلىدۇ ئازاد؟

### مېفىستافېل

قوڭغۇراق بار ئىكەن ئالەمدە،
زەھەرلەر ئۇ ھەربىر قەدەمدە.
مۈزىكىدىن بىگانە بۇگۈن
ياقماس نازۇك قۇلاقلار ئۈچۈن.
ئۇ تاراتقان جاڭ ـ جۇڭ، بوم ۋە زىل،
تىنىق كۆكنى قاپلىدى پۈتكۈل.
تۇغۇلماق ھەم ئۆلمەك ئاڭا بىر،
ھەممىسىگە جاڭگۇرۇ جۇڭگۇر.
گويا ھايات شۇ بىر جاراڭلاش،
تىرىكلىكچۇ، پەقەت چۈش، خالاس.

### فائۇست

ئەجەب تالاي مېھنەت بۇ قەيسەر
ئادەملەر دەپ ئىشلىنەر ھەر دەم؟
جەڭ قىلىنار يەنە شۇ قەدەر،
خاپا بولدۇم ئادالەتتىن ھەم.

مېفستافېل

كۆچۈر، تەييار ئاشۇ قىشلاققا.
نېمە ھاجەت باش قاتۇرماققا.

فائۇست

دەرھەقىقەت پەسلىكتە تەييار —
مەن ئاجراتقان گۈزەل باغچا بار.
ئاشۇ يەرگە كۆچسۈن كەمپىر، چال.

مېفستافېل

بېجىرىلەر بۇيرۇقۇڭ دەرھال:
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەتتا
يېڭى جايدا بولۇشار پەيدا.
ئۇلار تېزلا كۆنۈپ كېتىدۇ.
زۇلۇمىنمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

(ئۇشتەك چالىدۇ، ئۈچ پالۋان كېلىدۇ)

ساھىب ھۆكمىن بېجىرىك شۇ تاپ،
دەرھال تولغاي جاملارغا شاراب.

ئۈچ پالۋان

كۆتتى ساھىب قاپاق ئاچماي ھېچ،
مېھمان قىلسا تارقىلار رەنجىش.
(چىقىشىدۇ)

مېفىستافېل

(تاماشىبىنلارغا)

بۇ كونا گەپ، بۇندا مۇندا دەر:
ئەي، نەۋۇفېي، تەكزارىڭنى بەر!*

## زىمىستان كېچە

### كۆزەتچى لىنتسېي

تەبىئەت ماگا
بەرگەن ئۆتكۈر كۆز.
باقىمەن ھەريان
كېچە ۋە كۈندۈز.
ئوچۇق ئاسماندا
يۇلتۇزلار سەييار.
ئۇزاق ئورماندا
يورۇپتۇ ئارقار.
كۆزۈم ئالدىدا
بۇ گۈزەل جاھان
ئەسلى ھالەتتە
بولار نامايان.
ھاياتتىن خۇرسەن،
شادمەن ئۆزۈمدىن.
قارىماققا بەنت

ئۆتكۈر كۆزۈمدىن.
نېمە نامايان
ماڭا ئالەمدە،
بەرى نۇرەپشان،
گۈزەل شۇ دەمدە.
(سۈكۈت)
لېكىن ماڭا دائىما
ئالەم بەخش ئەتمەس لەززەت.
كۆزۈمگە زۇلمەت ئارا
كۆرۈنمەكتە بىر دەھشەت.
چالنىڭ ئارغۇۋانلىرى
كۆيمەكتىدۇر گۈرۈلدەپ.
ئوت ئەجدىھا مىسالى
كۆككە ئۆرلەر. نېمىگەپ؟
كۆيەر ئەنە كولبا ھەم
كۈل بولماقتا، ئاھ، ھەيھات!
ھېچكىممۇ بەرمەس ياردەم،
ھېچقاياقتىن يوق نىجات.
ئۆتتىغۇ ئۇلار ھەردەم
قىلار ئىدى ئېھتىيات.
نە قىسمەتتۇر بۇ دورەم
بۇنچە خۇنخۇر بۇ ھايات؟!
ياندى پاخال تام - ئۇ خەس
تامام كۈلگە ئايلاندى.
چىقسا ئامان چال، كەمپىر،
شۇ جاھان ئىش بوپ قالدى.
يالقۇن، تۈتۈن كۆكسىرى

ئۆلغايماقتا چاراسلاپ،
ئارغۇۋانلار شاخلىرى
كۆيمەكتىدۇر قاراسلاپ،
دوزاخ ئوتى تولغىنىپ
بۇتخانىغا تاشلاندى.
شۇنداق كۆركەم بۇتخانا
گۈلخانلارغا ئايلاندى.
كېچە ياشناپ تۇرغان باغ،
كۆز ئالدىمدا يوقالدى.
ئارغۇۋانلار ئۇشتۇمتۇت
يالقۇنلۇق چوغ بوپقالدى.
كۆپ ئەسىر ئەل كۆزىنى
جەلپ قىلغان بۇ ۋەتەن
بېغىشلىدى ئۆزىنى
مازى ئۈچۈن تامامەن.

## فائۇست

(قۇملۇقنىڭ قارشىسىدىكى شىپاگىدا)

نېمە نالە؟ ۋاقىت ئۆتتى، ھەيھات،
قايتۇرماققا يوق ئەمدى چارە.
ئۇندا لىنتىسېي ئەيلىگەن پەريات،
يۈرىكىمنى قىلماقتا پارە.
ئەمما بولار ئىش بولدى، نېچۈن،
ئەلەم چەكمەك ئۆرتىنىپ يانا.
ئۇ كۈللەرنىڭ ئورنىدا بىر كۈن

**قەد كۆتۈرمىز ھەيۋەت بىر بىنا.**
قىرلارغا بولسا ئەلۋەتتە
ئۆي سالدۇرۇپ بېرىمەن دەرھال.
پاراغەتتە ئاخىرقى ئۆمرى.
ياشاپ ئۆتەر كەمپىر بىلەن چال.
(مېفىستافېل ۋە ئۈچ پالۋان كىرىدۇ)

**مېفىستافېل**

چېپىپ كەلدۇق تۆتىمىز بۇيان،
پالاكەت ئىش يۈز بەردى يامان.
ئىشىك قاقتۇق بىرىپ، ئەمما جىم،
بىزگە ئىشىك ئاچمىدى ھېچكىم.
كۆپ تۇرۇشقا يوق ئىدى پۇرسەت،
بۇزۇپ - چېچىپ كىردۇق نىھايەت.
چال، كەمپىرگە ئۇچۇق ۋە ئايان
پەرمانىڭنى ئەيلىدۇق بايان.
لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمىدى،
بىز ئېيتمىغان سۆزلەر قالمىدى.
يىلىندۇق ھەم دوقلار قىلدۇق ھەم،
ئۇلار تۇردى تىركىشىپ مەھكەم.
شۇندا بىزمۇ غەزەپكە ئالدۇق،
نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئاتتۇق.
چال ۋە كەمپىر قورقۇشتىنمۇ يا،
بەندىلىكنى قىلىشتى بەجا.
ئاشۇ ئۆيدە بار ئىكەن مېھمان،
ئۇ كۆرمەشتى ۋە بولدى قۇربان.

ھەر ياق بولۇپ ئاستىنۇ ئۈستۈن
قەيەردىندۇر چىقتىيۇ ئۇچقۇن
كولبىغا ئوت تۇتاشتى شۇندا،
كۆيۈپ كەتتى ئۇچىلا مۇردا.

### فائۇست

زورلۇق ئەمەس، بەلكى ئالمىشىش،
تەكلىپ قىلغان ئىدىمغۇ پەقەت.
ئەخمەقلىكىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ،
لەنەت بولسۇن ساڭا، مىڭ لەنەت!

### خور

زورلۇق بولغان يەردە سۆز قامال،
بويۇن ئېگىپ تىك تۇر، قۇلاق سال.
مالۇ جاننى ساقلايمەن دېسەڭ،
چىن ئامالى — مەردلىك بىلەن جەڭ.

(كېتىدۇ)

### فائۇست

(شىپاڭدا)

كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز سامادا،
كۆيۈپ پۈتكەن ئۇ كولبا تۇتۇن.

شامال مانا ئۇچماقتا ئاستا،
ھەر تەرەپكە تارىلار تۇتۇن.
خاتا ئۆتتى. ئەيىبلىك ئۆزۈم،
كېلىشۋاتقان ئۇ سايىلەر كىم؟

يېرىم كېچە

(ئاق چاچلىق تۆت ئايال پەيدا بولىدۇ)

بىرىنچىسى

ئىسمىم كەمچىلىكتۇر

ئىككىنچىسى

مېنىڭ نامىم ئەيىب.

ئۈچىنچىسى

مېنىڭ ئېتىم تەشۋىش.

تۆتىنچىسى

مەنمەن ئېھتىياج!

كەمچىلىك

ئىشىكلەر ئېتىكلىك، بار بۇندا باي زات.

ئەيسب

دېمەكچى كىرمەك يوق، قىلىك ئېھتىيات.

ئېھتيات

سايىگە ئايلىناي.

كەمچىلىك

يوقلاي

ئەيسب

بىشىز.

ئېھتياج

بۇ زاتنىڭ ئۆيىدە ئارتۇقچىمىز بىز.

تەشۋىش

بۇ يەرگە ھەممىڭلار مەھرۇم كىرىشتىن.
پەقەت مەن بەھرىمەن ھامان بۇ ئىشتىن.
(تەشۋىش كۆزدىن غايىب بولىدۇ)

كەمچىلىك

كەلگەن ئىزىمىزغا قايتايلى ئىلدام.

ئەيىب

يۈرىمەن سەن بىلەن يانىمۇ يان تامام.

ئېھتىياج

ئىزىڭدىن ماڭارمەن مەنمۇ دائىما.

كەمچىلىك

قاپلىدى ئاسماننى بۇلۇت قاپقارا.

ئەيىب

يىراقتىن بىز ياققا كېلىۋاتقان كىم؟

ئېھتىياج

ئاخىر ئۇ سۆيۈملۈك ئاكىمىز - ئۆلۈم!
(كېتىشىدۇ)

### فائۇست

(سارايدا)

ئۇلار تۇتتى، ئۇچى قايتمشتى،
ئۇقالمىدىم، نېمە دېيىشتى.
ئاڭلىغىنىم «ئېھتىياج» سۆزى،
ئاندىن «ئۆلۈم» — دەھشەت بۇ ئۆزى.
مېنى قوغلار سايىلەر، ھەيھات!
بولالمىدىم ئۇلاردىن ئازاد.
چىداش بەرسەم جادۇغا، قېنى،
ئۇنتۇسام ھەم دۇئا - سۆزىنى.
تەبىئەتكە يار بولسام پەقەت،
ئىنسان بولۇپ قىلسامدىم مېھنەت.
مەن ئىنسانتىم، قاغاپ ئۆزۈمنى،
قىلغىچىلىك قارا يۈزۈمنى.
ماڭا سايە، شەپىلىك جاھان،
قۇتۇلماققا ئەمدى يوق ئىمكان.
كۈندۈز ئەقىل، پىكىر بولسا يار،
تۈندە قارا سايىلەر باسار.
تاڭدا سەيىر قىلسام سالامەت،
قارغا سايرار خۇنۇك ئالامەت.
بېرەر بەلگە ماڭا ھەر بىر ھال،
نىتەي، ماڭا ھەر قەدەمدە پال.
باسار دەھشەت جىمجىتلىق ئارا...
ئىشىك غىچىلدار...ھېچكىم يوق ئەمما.

(هاياجان)
بارمۇ بىر كىم؟

**تەشۋىش**

ھە. ئەلۋەتتە بار.

**فائۇست**

ئۆزۈڭ كىمسەن؟

**تەشۋىش**

مەن بۇ يەرگە يار.

**فائۇست**

كەت بۇ يەردىن.

**تەشۋىش**

ئالدىم بۇندا جاي.

**فائۇست**

(ئاۋۋال غەزەپلىنىپ، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇپ)
مەيلى، دۇ ـ كالام ئوقۇماي.

## تەشۋىش

سېنىڭچە مەن بىكارمەن،
لېكىن دىلىڭدا بارمەن.
ھەر شەكىلدە، ھەر تۈردە
ساڭا ئايان بولارمەن.
مەندىن پۈتۈن ئۆمرىدە
ئازاد بولالماس ئىنسان.
قۇرۇقلۇقتا ھەم سۇدا
قورقۇنچ نامىلىق يار مەن.
تەقدىر، ئەزەلدىن بار مەن،
قىسمەت بەرگەن ئازارمەن.
تەشۋىش نېمە، بىلمىگەنمىدىڭ؟

## فائۇست

پەرۋاسىز ئۆتتۈممەن ھايات يولىدىن،
ئۆتتۈممەن شادلىق، لەززەت قولىدىن.
پاراغەت مەن ئۈچۈن بولدى بىقەدىر،
مەن ئۇنى يوقاتسام، كۆيمىدى باغىر.
ئىستىكىم ئېتىنى تىنىماي قىستىدىم،
يەتسەمۇ ئۇنىڭغا، يەنە ئىستىمىدىم.
مېنى يېتەكلىدى ياشلىق، ئېھتىراس،
مانا ئەمدى تىندىم، بېشىدىم بىر ئاز.
ماڭا بولدى ئالەم سىرلىرى ئايان،
بىلدىم، ئۇ دۇنياغا ئىشەنگەن نادان.
نادان ئۇ كۆز تىكىپ بولۇتلار تامان،

ھەممىنى ئۆزىدەك كۆرگۈچى ھامان.
زېمىندا مەھكەم تۇر، بول كەسپىي كامال،
پەلەكتىن مەڭگۈلۈك ئىزدىمە ئەسلا.
پازىل بول، ئەمەستۇر ئالەم گۇڭگا، لال،
كۆرەرسەن، بىلەرسەن، ئۆزىتار دۇنيا.
شۇنداق ياشا، ئىنتىل مەقسىتىڭ تامان،
شەپلەردىن ئىزدەپ يۈرمە كارامەت.
ئىنتىلىشتە ـ شادلىق، غەم، ئۈمىد، ئارمان،
سېكۇنتلاردىن تاپما ھەرگىز قانائەت.

## تەشۋىش

تۇزىقىمغا چۈشتىمۇ ئادەم
قاراڭغۇدۇر ئاڭا بۇ ئالەم.
قۇياش چىقار ۋە قۇياش پاتار،
بىراق دىلدا ھامان تۈن ياتار.
ئۇنىڭ ئۈچۈن يورۇق كۈن زۇلمەت،
ھەربىر ھالەت ــ يامان ئالامەت.
كۆپ بولسىمۇ مالۇ دۆلىتى،
بۇ دۆلەتنىڭ يوقتۇر قىممىتى.

يېمىش تولا ــ ئۆزى ئاچ،
ئەڭلى پۈتۈن ــ يالىڭاچ.
نەشادلىقمۇ نەئەلەم
بەرگەي ئاڭا بۇ ئالەم.
كۈنى شۇندا ئۆتىدۇ،
پالاكەتنى كۈتىدۇ.

## فائۇست

مەن ئەمەسمەن سەن ئېيتقان ئادەم،
بىزار بولدۇم بۇ بىر نەقىلدىن.
ئەمما سۆزۈڭ دانىشمەنىنىمۇ،
ئازدۇرۇشى مۇمكىن ئەقىلدىن.

## تەشۋىش

توختامى يوق بىچارە،
يول ئۈستىدە ئاۋارە.
ئۇ بىر يانغا يۈرىدۇ،
ھاڭۋېقىپلا تۇرىدۇ
ئۇ گويا كى تۇزاقتا،
ئاپەت كۆرەر ھەر ياقتا.
ئۆزىگە ئارتقان ئۇ غەم،
يۈك بولار ئۆزگىگە ھەم.
دىلى دائىم ئارازدا،
يېرىم جان، يېرىم مۇردا.
بىلمەيدۇ نېمە قۇۋانچ،
يوق ئىشلىتىش، يوق ئىشەنچ.
بۇ بىچارىلىك ئۈچۈن،
بۇ ئاۋارىچىلىك ئۈچۈن،
نە ئويغاق ۋە نە ئۇيقۇ
ھالىتى ئۈچۈن مەڭگۈ
ئۇ دۇنيادا شۇ تەرىق
جەھەننەمگە ئەڭ لايىق.

### فائۇست

ئەي قورقۇنچ شەپىلەر! سالىسىز نېچۈن
ئادەمنى شۇنچىلىك دەرد، ئىزتىراپقا.
سىز تۈپەيلى ئىنسان ئۈچۈن ھەربىر كۈن،
ھەر بىر ئادەم ئايلىنار مىڭبىر ئازابقا.
جىنلار چاڭگىلىدىن مۈشكۈل قۇتۇلماق
ئۇلارغا تۈنۈ كۈن يوللايمەن قارغىش.
لېكىن ھەممىسىدىن كۆرە ئارتۇقراق
سېنى لەنەتلەيمەن ئەي ياۋۇز تەشۋىش.

### تەشۋىش

سىناپ كۆر ئۆزۈڭدە شۇ ياۋۇزلۇقنى،
قارغىشنىڭ ئەجرىنى ئەمدى ئالارسەن.
ئادەملەر بولىدۇ تۇغۇلۇشتىن كور،
سەن ئۆلۈم ئالدىدا كۆزدىن قالارسەن.*
(كۆزىگە پۈۋلەيدۇ)

### فائۇست

(كور بولىدۇ)
كۆزلىرىم ئالدىدا ئالەم زىمىستان.
ئەمما يۈرىكىمدە يانار سىرلىق نۇر.
كۆڭۈلدە ئىشتىياق ئۇرماقتا تۇغيان



يەنە مەندە ئىشچان ساھىب جاكىلىنتۇر.
ئەي سىز ئەزىمەتلەر، تالماس شىر بىلەك.
ئەمگەككە چىللايمەن سەپلەردە تۇرۇۋېلىڭ.
قوللارغا ئىلىنگلار زەمبىل، بەلگۈرجەك —
ئىرىقلار ئىچىنگۇ، دامبىلار قۇرۇلۇڭ.
ھەممىڭلەر بىرلىكتە دوستلىقە، خۇشال
قىلغان ئەمگىكىڭلار بىرىدۇ ھوسۇل.
مەقسەت ھاسىل بولار باشلاپ بىر ئەقىل،
ئىشلىسە ئەگەردە مىڭلاپ جەسۇر قول.

## ساراي ئالدىدىكى كەڭ مەيدان

مەشئەللەر، مېفىستافېل نازىر* سۈپىتىدە ئالدىدا تۇرىدۇ.

**مېفىستافېل**

كېلىڭ تېزرەك، ئېزىلمەي،
ئەنە، چىپىپ كېلىشەر.
تېنى تامام ئۆمۈر، پەي.
ۋە قاق سۆڭەك لېمۇرلەر.*

**لېمۇرلەر**

(بىرلىكتە)
مانا، كەلدۇق بىز تەييار،
بېجىرىمىز، بۇيرۇق بەر.

* نازىر — كونىچە ۋەزىر.

ئاجراتماق لازىم بەلكىم،
ساھىب ئۈچۈن يېڭى يەر.
ئېلىپ كېلىشتۇق قوزۇق،
ئۆلچەمەك ئۈچۈن كاناپ.
كەلدۇق، ئەمما ئەستە يوق،
چاقىردى نېچۈن جاناب.

**مېفىستافىل**

گەپ شۇ: ياتسۇن بۇ يەرگە
ئىچىڭىزدە ئەڭ ئۇزۇن،
ئۆلچەپ ئۇنىڭ بويىغا
ئورەك قازىسىز بۆگۈن.
بوۋىلار كەتكەن يەرگە
ئۇزىتار ھەر ئىنسانىنى.
يول سارايدىن قەبرىگە
ئېلىپ بارار ھەر جاننى.

**لېمۇرلەرنىڭ بىرى**

(يەر كولاۋېتىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ.)
مەنمۇ بىر چاغ ياش ئىدىم،
ئىدىم قوۋانـا، باھادىر.
بەزمىلەردە باش ئىدىم،
ھەر ئىشتا چېۋەر، قادىر.
مانا بۆگۈن يولۇقۇپ
قېرىلىقتەك جەبرىگە،

كۆچۈم كەتتى، يىقىلىپ
چۈشۈپ قالدىم قەبرىگە.

فائۇست

(ئىشىك، تۆۋرۈكلەرنى سىلىشتۇرۇپ، سارايدىن چىقىپ كېلىدۇ)
بەلگۈرجەك ئاۋازى خۇش ياقار ماڭا
كىرىشتى ئەمگەككە خالايىق دېمەك.
ئاپەتلىك سۇلارنى توسۇپ، زېمىنغا
دامبىلار قۇرماقتا مۇستەھكەم، يۈكسەك.

مېفىستافىل

مېھنىتىڭ نەپ بېرەر بىزلەرگە پەقەت.
دامبىلار قۇرسەن ئەسلىدە، نېپتۇن
ئاپەتلەر بەزمىسى قۇرماقلىق ئۈچۈن
يارىتىپ بېرىسەن ساز ئىمكانىيەت.
بالالار ھەممىسى بىزگە ھەمنەپەس،
مېھنىتىڭ بىھۇدە، قىلچە نەپ بەرمەس،
ئالەم يوق بولىدۇ بىر كۈن ئاقىۋەت.

فائۇست

ھەي، نازىر!

**مېفىستافېل**

مانا مەن.

**فائۇست**

كىرىشىپ شۇدەم
ئادەملەرنى ئىشقا قىلغىن سەپەرۋەر.
ئايىماي چاچ، قانچە كېرەك بولسا زەر.
ئۆز مەيلىڭ مەجبۇرىي كۈچ ئىشلەتسەڭ ھەم.
جېدەللەت پەقەتلا ئۆستەك قېزىشنى،
ئۇقتۇرۇپ تۇر ماڭا ھەر كۈنلۈك ئىشنى.

**مېفىستافېل**

بۇ دەم ئېرىق ئەمەس، بەناھايەت زور
سلڭا ئاتاپ تېزدىن قېزىلماقتا گۆر.

**فائۇست**

بۇندا پاتقاق تۇتاشقان تاغقا،
شۇنداق ئىكەن، بىھۇدە ئەمگەك.
قۇرۇقداش ئۇنى سۇدىن تازىلاپ
قەلبىمدىكى مۇقەددەس تىلەك.
چىلاپ مىليون ئادەمنى بۇندا،
بەر يېڭى يۇرت قۇرىمەن تۈگەل.
گەرچە خەتەر بولسىمۇ تولا،

مەدەت تاپار ھۆر ئەمگەكتىن ئەل.
ئەركىن نەپەس ئالار شۇندا يۇرت،
ئوتلاقلارغا ماللار تولىدۇ.
بىر تەرەپتە بوران، دولقۇندىن
ساقلىغۇچى دامبا بولىدۇ.
بولار بۇ يەر زېمىن جەننىتى،
مەيلى دېڭىز سالىسمۇ چۇقان،
لېكىن باتۇر، ئىنسان قۇدرىتى
بولار ئاپەت يولىغا توغان.
شۇ ئويغا بەنت ۋۇجۇدۇم پۈتۈن:
ھايات يولىن ئۆتتۈمۇ بىسىپ،
قىلدىم ئالەم ھېكمىتىن يەكۈن.
كۆرۈشسە كىم ھايات، ئەرك ئۈچۈن —
ئەرك، ھايات ئاڭا مۇناسىپ.
مېھنەت، كۈرەش، ھەۋەس ئاشۇنداق
قىلسا شەيدا بۇندا ھەر كىمنى،
شۇنداق كۈندە كۆرسەم بىر نەپەس
ئازاد دىيار، ئازاد خەلقىمنى.
ئېيتاتتىمەن ھەشقالللا شەكسىز،
توختا ئەي دەقىقە، گۈزەلسەن غايەت!
ئېيتاتتىم ھاياتتا مەن قالدۇرغان ئىز
قالغۇسى ئۆچمەستىن ئەبەدىلئەبەد.
ئەنە شۇ دەملەرنى سېزىپ ئالدىدىن
ئەڭ ئالىي دەملەردە تۇرىمەن بۇ پەيت.

فائۇست يىقىلىدۇ، لېمۇرلەر ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ ۋە يەرگە قويىدۇ.

### مېفىستافېل

ئۇ ئۆتتى ھالاۋەت كۆرمەي بىر نەپەس،
سايىلەر كەيىندىن قوغلىدى مەڭگۈ.
ئاخىرى بىمەنە، قۇرۇق، ئەرزىمەس
ئاخىرقى مىنۇتنى تۇتماق بولدى ئۇ.
مەن بىلەن ئېلىشتى ئۇزاق بۇ بەندە
بىشىچە يىقىلدى ۋاقتى يەتكەندە.
سائەت توختىدى.

### خور

ھە، بە مىسالى تۈن،
توختىدى، ئىلىرى تۆكۈلدى پۈتۈن.

### مېفىستافېل

ئىلىرى تۆكۈلدى. بەس، مۇرات ھاسىل.

### خور

تامام.

### مېفىستافېل

تامام؟ ئەجەب، بۇ نېمە زارلىنىش،
نېمە تامام بولدى؟ بولدى نېمە ئىش؟

ئۇ بولدى كۆرۈنمەس ئالەمگە داخىل.
ياراتماق، يەنى، بار قىلماقلىق مەقسەت —
ئەسلىدە، قايتىدىن يوق قىلماق پەقەت.
ئاقىۋەت دەيمىزۇ قېنى ئۇ پىتىدا؟
ئۇ ئەسلى بارمىدى بولماستىن پەيدا؟
كۆرۈنگەن ئۇ سايە ئىدى، شۈبھىسىز...
ماڭا پەقەت يوقلۇق دۇنياسى ئەزىز.

## قەبرىگە قويۇش

**بىرلىمۇر**

كىمگە بۇ تار، نەقەدەر
داق، سوغۇق سارايى؟

**لىمۇرلەر**

(بىرلىكتە)
شايە كىيگەن كۆزى كور
جانابقا بۇ جاي.

**بىرلىمۇر**

سىلىنچا - كۆرپىلىرى
قايىقتا قالدى؟

## لېمۇرلار

(بىرلىكتە)

قەرزگە ئالغان بەرىنى
ئىگىسى ئالدى.

## مېفىستافېل

شەرتنامە تەييار دۇر، ئىمزاسى قاندىن،
بىرەتتىم جان تەندىن چىققاندا ئاندىن.
لېكىن بۇ زاماندا كۆپ چارىلەر بار،
قۇتقۇزماق يولىدا جاننى شەيتاندىن.
ئايرىدى شۇ كونا ئۇسۇلدىن بىزنى —
يېڭىچە ئۇسۇل تەس. ھالاۋىتى كەم.
ئىلگىرى بىر ئۆزۇم قىلغۇچى ئىشنى
قىلالماي قالدىمەن ئەمدى بى ياردەم.
ئېغىر زامان بولدى مەن شورلۇق ئۈچۈن،
قەدىمكى ھالەتلەر قوغلاندى بەرى.
يېڭىچە بوپ كەتتى ئالەم ئىشلىرى
شەيتانغا قارشى كۆپ ھىيلىلەر بۈگۈن.
ئادەملەر ئىنساپلىق ئىدى ئىلگىرى،
ئاخىرقى نەپەستە بىرەر ئىدى جان.
مەن گويا چاشقاننى تۇتقان مۈشۈكتەك
كاپ قىلىپ تۇتاتتىم جاننى شۇ ھامان.
ھە، بۈگۈن ئۇنىڭغا ئەزىز بەدبۇي تەن



هە، ئۇنى قىلمايدۇ تەرك ھېچقاچان،
بىرىگە بەرى ياۋ ياۋۇز ئۇنسۇرلار
ئۆيىدىن تالاغا قوغلىماي ھەر ئان.
قاچان، نەدە، قانداق ئۈزۈلىدۇ جان
پايلاپ ئولتۇرۇشۇم كېرەك ھەر زامان.
راستىنلا ئۆلدىمۇ ۋە ياكى يالغان
بۇ مۈشكۈل مەسىلە بولمىقى ئايان.
ئىلگىرى چاقماقتەك كېلەتتى ئۆلۈم،
بىر ياقلىق بولاتتى ھەم شۇنداق چاققان.
ئىشىنىش تەس بۈگۈن ئۆلۈككە ھەتتا،
مۇمكىنكى تىرىلىپ كېتىشى قايتا.
(غەيرىي تەبىئىي ھەرىكەتلەر بىلەن سۈپ - كۆچ قىلىدۇ)
قېنى، ھەي جانابلار كېلىڭلار چاپسان.
ئەگرى شاھ، تۈغرا شاھ، ھەر خىل ئالامان!
ئەي سىز، كۆپنى كۆرۈپ پىشقان ئىبلىسلار
دوزاخ ئېغىزىنى كەلتۈرۈڭ چاپسان.
جەھەننەم ئېغىزى كۆپتۇر ئەلۋەتتە،
يۇتار ئۇ ئەمەلى، نامىغا قاراپ.
ۋە لېكىن بۇ ھۆرمەت، ئېھتىرام، شەرەپ
بولغۇسى بىھاجەت يېقىن پۇرسەتتە.
(سىل تەرەپتە دەھشەتلىك جەھەننەم ئېغىزى ئېچىلىدۇ)
دەھشەتلىك بۇ ھىڭگاڭ چىشلارغا قاراڭ!
تاڭلايدىن شىددەتتە ئوتلار ئېتىلار.
ھە، ئۇنىڭ نېرىسى - ئىچكىرىسىدە
دەھشەتلىك ئوت شەھىرى لاۋۇلداپ تۇرار.
بەندىلەر قۇتۇلماق بولىدۇ قېچىپ،
داھىشىپ ئارقىغا شوخشىيار، ئەمما

دەھشەتلىك ئېغىزىنى شىددەتتە ئېچىپ
سۆرەر ئىچىگە ئوتلۇق ئەجدىھا.
ھېچ ئازاب كېلەلمەس بۇ ئازابقا تەڭ،
ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن ئۇ كۈن.
سىز سېلىڭ ۋەھىمە گۇناھكارلارغا
ھە، ئۇلار يالغان دەپ ئويلىشى مۇمكىن.
(كالتە، توغرا مۆڭگۈزلۈك شەيتانلارغا)
ئەي سىز نەپسى يامان قۇرسىقى باداڭ،
دوزاخ پەرزەنتلىرى، يىرگىنچ، مەنپۇر،
مۇردىنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قاراڭ
تۇرامدۇ كۆرۈنۈپ جىمىرلىغان نۇر؟
باشقىغا قارىماي، ئاشۇنى تۇتۇڭ،
ئاشۇدۇر قاناتلىق پىسخىيە — جان.
مەن ئاڭا مۆھرىمنى باسقاندىن كېيىن
ئېتىلىڭ ئۇ بىلەن بىللە ئوت تامان.
جان نەدە، ھېچكىمگە ئەمەس بۇ ئاشكار،
كىم بىلسۇن جاي ئالغان بەلكىم كىندىكتىن.
شۇ سەۋەب بولۇڭ سىز ھەرقاچان ھوشيار،
قاچمىسۇن ئۇ چىقىپ بىرەر تۆشۈكتىن.
تەلىپىم، ياخشىلاپ نەزەر سالارسىز،
بولمىسا ھە، ئەخمەق بولۇپ قالارسىز.
(ئۇزۇن ئەگرى مۈڭگۈزلۈك شەيتانلارغا)
ئەي ئۇزۇن تارالار سىلەر قول سوزۇپ
تۆپىدىن ھىمايە قىلىپ تۇرارسىز.
جان ئۇچۇپ كەتمەكچى بولسا مۇبادا
قاچۇرۇپ قويماستىن مەھكەم تۇتارسىز.
سىغماستىن قاراڭغۇ ۋە تار ماكانغا،

تەپەككۇر ئىنتىلەر دائىم ئاسمانغا.
(ئۇلۇك تەرەپتە يۇقىرىدىن شولا كۆرۈنىدۇ)

## سادا قوغدىغۇچىلىرى

دوستلار رەتمۇ رەت
تىزۋپ ئىبىدل سەپ
پەلەكتە ئاستا
ئۇچۇپ كېلىشلار.
يۈكسەك تاغلارنى،
جەننەت باغلارنى
قۇچۇپ كېلىشلار.
قەبرىگە هايات،
بەندىگە نىجات
ئەپۇ سالاۋات
ئېلىپ كېلىشلار.

## مېفىستافېل

قۇلاققا ياقمايدۇ بۇ تونۇش ئاۋاز،
ئەنە كۆز ئالغۇچى شولا ياغىدۇ.
ئەر ئەمەس، يا خوتۇن — بۇ ئەبجەش ئاۋاز
مۇناپىق ئۇ ئەهلى دىنغا ياقىدۇ.
ئىنسانلار زاتىغا ئەزەل - ئەزەلدىن
بىز ئويلاپ چىقارساق نېمە ئازابلار
بەرىنى دۇرۇس دەپ ماقۇل تېپىشتى
سىزنەڭ تەلىمىڭىز - قوش — قوش كىتابلار.

ھە، ئۇلار كىلىشتى ساددا مۇغەمبەر،
بىزلەرنى ئالداشقا تىكىشىپ نەزەر.
ئۇلارمۇ شەيتاندۇر، يەنى ئۆزىمىز،
پەقەت بىزنى ئالداپ، بوياپ كۆزىمىز
ئۈستىگە كىيىشىپ ئىلىشقان جەندە.
ئۇلارنىڭ تىلىدا بىزنىڭ سۆزىمىز،
قورالىمىز بىلەن ئۇرۇپ ئۆزىمىز
پەند بىرىپ كىلىشەر بىزگە ھەر دەمدە.
ھە، بۈگۈن، بۇندا چىڭ تۇرماق كىرەكتۇر،
يىڭىلىش ئۇياتتۇر، قۇلاق سىلىڭلار،
مۇردىنى ئەتراپتىن قورشاپ ئىلىڭلار،
كۈچكە كۈچ، ئۇرۇشسا، ئۇرماق كىرەكتۇر.

## مەلەكلەر خورى

(گۈللەر چىچىپ)
بۇ، خۇشرۇي گۈللەر،
زەپ خۇش بۇي گۈللەر،
شامالدا ئۇچقان،
گۈل بەرگى قانات
ھەم يەرگە چۈشكەن
بەخش ئەتكەن ھايات.
ئەي زۇمرەت كۆكلەم،
يىيىپ كۆك گىلەم،
گۈللىرىڭ بىلەن
يەرنى زەر ئەتكىن.
مەرھۇم يىنىدا
تۈتقۇندا ماكان،

كەتكەن جېنىغا
تىلىگىن ئارام.
روھىنى ھەر ئان
مۇنەۋۋەر ئەتكىن.

**مېفىستافېل**

(شەيتانلارغا)

نېمىشقا تىترەيسىز؟ بۇ قانداقچە ھال؟
ئۆزىنىڭ مەيلىغۇ، گۈل چاچسا چاچسۇن.
ھەممىڭ ئۆز ئورنۇڭنى ئىگىلە دەرھال!
گۈللەر بورىنىنى ئەۋەتسىپ ئۇلار،
دوزىخىمىز بىلەن كۆمەكچى بولار.
ئوت پۈركۈڭ — گۈللەرگە بولسۇن ئۇۋال.
ھە، پۈركۈڭ، ھە، پۈركۈڭ، ھە، ئەمدى بولدى،
ھەممە ياق بەدبۇي بىر ھىد بىلەن تولدى.
تىنچلىنىڭ، ھەددىدىن ئەسلا ئاشۇرماڭ.
شەيتان ھېچبىر ئىشتا چەكنى بىلمەيدۇ،
ھېچ ئىشنى ئۆلچەمى بىلەن قىلمايدۇ.
گۈللەر قۇرۇش تۈگۈل يانماقتا قاراڭ.
ئوتقا قارشى ھەممە تۇرسۇن يانمۇ يان،
ئەنە، شەيتانلار بولماقتا گاراڭ،
ئۆزگە ھارارەتتىن ئۇلار بىدەرمان.

**مەلەكلەر**

(خور)

چاچرىتىپ ئۇچقۇن

يانغوچى گۈللەر —
خەيرلىك ئۇچۇن —
تۇغ - ئەلەم سىلەر.
يۈرەكلەرگە مول
مېھىر چاچارسىز.
ھىدايەت ئۈچۈن،
كەڭ يول ئاچارسىز.
سىز بىلەن ھەر ئان،
خەيرلىك يولى
تارىلار ھەر يان.

## مېفىستافېل

ئەخمەقلەر، بىنالار، ھەممىسى قېچىپ،
يەقىلىپ ۋە قوپۇپ، يۇملاق بولۇپ،
جەھەننەم ئېغىزىغا كىرىپ كېتىشتى،
گويا ھامماغا ئۆزىنى ئېتىشتى.
مەن سىزگە تىلەيمەن ئاق يول ھەم ئامانەت،
مەن ئەسلى ئورنۇمدا قالىمەن ئەبەت.
(ئۇچۇپ كېلىۋاتقان گۈللەردىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ)
بەس، ئاتەش! قانچىلىك يانمىغىن بىراق،
تۇتسا بىر پارچە لاي بولارسەن يۇمشاق.
بىر سىقسا كېتىدۇ تامام يوق بولۇپ،
ۋە لېكىن كۆيدۈرەر مېنى چوغ بولۇپ.



## مەلەكلەر

(خور)

ئەي روھ، نېمىكى
ساڭا بىگانە —
ئاڭا بولمىغىن
ھەرگىز غەمخانە.
سېنى پەلەككە،
كۆتۈرەر پەقەت.
گۈزەللىك يەككە،
يالغۇز مۇھەببەت!

## مېفىستافېل

يانماقتا يۈرىكىم، جىگىرىم، بېشىم،
بۇ گويا ئىبلىستىن كەلگەن بىر ئاپەت.
بىكارغا قاچمىغان ئىكەن شەيتانلار،
بۇ دوزاخ ئوتىدىن بەتتەر قاباھەت.
تەس ئىكەن سىزگىمۇ ئەي ئىشىق ئەھلى،
خورلىنىپ گەرچە رەت جاۋاب ئالارسىز،
بوينىڭىز قايرىلىپ كەتكۈچە ھەتتا،
ئەرزىمەس نەرسىگە قاراپ قالارسىز.
ئەجەبا، مەنمۇ ھەم بولدۇممۇ ئاشىق،
نېمىگە تەلمۈرەر مېنىڭ كۆزلىرىم؟
بولمىغان ئىدىمغۇ ئۇلارغا ھەمدەم،

ھە، ئۇ ئەزەلدىن ئىدى دۈشمىنىم.
بولدىمۇ ياكى يار بىگانە تۈيغۇ؟
قاناتلىق بالالار كۆكلۈمنى ئالدى.
نېمىشقا شۇنچىلىك يېقىشىپ قالدى؟
ئەزەل ۋە ئەبەدلىك نەپرەت يوقالدى.
مەن بۈگۈن ئەقىلدىن بولسام بىگانە،
ھە، ئەتە ئاتىشار كىمنى دىۋانە؟
ئۇلارغا ياۋ ئىدىم دەھشەت، بىئامان،
ئۆزۈمنى ئاتقۇم بار بۈگۈن ئۇ تامان.
ئەي ئاپەت بالاسى، دىلبەر ۋە زىبا،
ليوسفىر ئەۋلادى ئەمەسمۇ سىزيا؟
بولامسىز بۇنچىمۇ بەرنا، ئۆز، كۆركەم،
قۇچاقلاپ سىلەرنى قېنى بىر سۆيسەم.
قادالدى سىلەرگە كۆزلىرىم مىختەك،
باقمەن تىكىلىپ ئەركەك مۈشۈكتەك.
كۆكلۈمگە سىز شۇنچە يېقىن سىز، گويا
سالغانمەن مىسالى يۈزمىڭ رەت نىگاھ.
نېمىشقا بۇ قەدەر ئارىمىز يىراق؟
ئاھ، قانداق بەرناسىز، كېلىڭ يېقىنراق.

## مەلەكلەر

يېقىنلاپ كەلدۇق بىز، بىرى كېلىپ باق،
سەن نېچۈن بىزلەردىن قاچىسەن يىراق؟
(مەلەكلەر پۈتۈن ئەتراپنى ئىگىلەپ يېيىلىپ ئۇچۇشىدۇ)

## ميفستافيل

(سەھنە ئالدىغا سۈرۈلۈپ)

تۆۋەن مەلەكلەر دەپ سانايسىز بىزنى،
ئەسلىدە بىز بىلەن تۇرىسىز يانداش.
بولدۇ ئاتسا جادۇگەر سىزنى،
ئېزىتقۇ سىز ئەركەك، ئايالغا ئوخشاش.
مەن ھەم سۆيۈپ قالدىم، بۇ نە ئەپسانە!
ئاشىقمەن، پەلەككە يامىشار دۇتىم.
پەقەت يەلكەم، بوينۇم ئەمەس يېگانە،
كۆيمەكتە ئەجەبا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم.
ئەي، نازاكەت ئەھلى يېتەر ئەمدى بەس—
ئۇنچىلىك ئۇزاقتا ئەيلىمەك پەرۋاز.
زېمىنغا، يېنىمغا چۈشۈڭ بىر نەپەس،
بىز ئۈلپەت بولايلۇق بۇ يەردە بىرئاز.
بولسىمۇ جىددىيلىك سىزگە يار - ئاشنا،
تەبەسسۇم كۆرەيمەن لەۋلىرىڭىزدە.
ئىزدەيمەن، پەقەتلا قويۇڭ بىر كۈلۈپ،
جىلمايغان مەشۇقتەك قىلىپ ئۇزخەندە.
ئاشۇ بىر تەبەسسۇم، لۇتپ، تەكەللۇم،
بەختلىك قىلاتتى مېنى تائەبەد.
بارچىدىن گۈزەلسەن ئەي نازۇك قامەت،
ساڭا ياراشمايدۇ زاھىدلىق پەقەت.
ئارام ئال، ئېچىپ قوي تۈگمىلەرنى سەل،
سىرلىق مەنە بىلەن قاراپ قوي قىيا.

قايرىلىپ كېتىشتى. ئارقىدىن، ۋاھ ـ ۋاھ،
قارىساڭ يايرايدۇ سۆيۈنۈپ نىگاھ.

## مەلەكلەر خورى

قۇتلۇق ئەلەڭگە،
ئىنتىل نۇر تامان.
بارچە دەردمەنگە
بەخش ئەت دەرمان.
چېكىنگەي مەنپۇر
مەكروھلۇق تامام،
روھ ئىنتىلىدۇ
ھىدايەت تامان.

## مېفىستافېل

(ئۆزىگە كېلىپ)
ماڭا نېمە بولدى؟ ئىئوۋغا* ئوخشاش
يالقۇندا تامامەن كۆيگەن بەدىنىم.
ھە، شۇنداق بولسىمۇ قىلمايمەن ئەپسۇس،
ئەكسىچە مەغرۇرمەن كۆرەشتە يەڭدىم.
شەيتان نەسەبىمگە ئېلىپ كەلدىم شان،
ھېرىس بىلەن ئېلىشتىم غالىب مەن ھامان.
تېرىدىن بىزگە ئۆتمىدى يارا،
ھە، ئەنە، تامامەن ئۆچتى ئوت، قارا.
قايتىدىن سەگەكلىك ھالىمغا كەلدىم،
لەنەتلەر ئېيتىمەن سىزگە مەن يانا.

## مەلەكلەر خورى

قۇتلۇق ئەلەڭگە!
سەن قايسى تەنگە
تەگسەڭ بىقارار
تەلەي ئاڭا يار.
ساپلاندى هاۋا —
كۆككە ئۇچىمىز.
بۇ جانغا راھەت
بېغىشلاپ ئەبەد،
ئېلىپ قاچىمىز.
(فائۇستىنىڭ روھىنى ئېلىپ كۆككە ئۇچۇشىدۇ)

## مېفىستافېل

قانداق ئىش؟ ھە، ئۇلار قېنى، قاياقتا؟
قېنى جان؟ ناھاتكى مەن قالدىم داغدا.
ئالداندىم، ھە، جاننى ئېلىپ كېتىشتى،
ئۆزۈملا ئەيىبلىك، ئالدىن بىلمىدىم.
مۇردىنىڭ بېشىدا پەرۋاز قىلىشتى،
مەن ھۆرۈن قىلچىمۇ پەرۋاز قىلمىدىم.
كۆپ مۇشكۇل - جاپادا قولۇمغا ئالغان،
بىباھا خەزىنە، كاننى يوقاتتىم.
كۆپ كۈتۈپ ئاخىرى مېنىڭكى بولغان،
كۆرۈكە قويۇلغان جاننى يوقاتتىم.

ئەمدى مەن ئىپتارمەن كىمگە ئەرزى هال؟
كىم قولاق سالىدۇ، كىم بىرەر ياردەم؟
قىرىغان چېغىمدا شۇ بولدى ئەھۋال،
ۋە لېكىن بارىغا گۇناهكار ئۆزۈم.
بىر زەرپ بىلەنلا بولدى كۆمپەيكۈم،
شۇنچە يىل چەككەن دەرد، ئازابلىق ئەجرىم.
مۇھەببەت بەندىسى بولسا قىرى جىن،
بولمامدۇ ياشلارغا كۈلكە بەتتىنىم.
ئۆزۈڭ جىنۇ ساڭا نىمە جىن تەگكەن؟
ئاخىرى دەسسەتتى سىنى بۇ تۇزاق.
ئەخمەقلىك شۇ قەدەر زور قۇدرەت ئىكەن،
ئاقىۋەت قىلدى ئۇ مىنىمۇ ئەخمەق!

## جىلغا، ئورمان، چوققىلار، چۆل

### تاغلار ئارىسىدا ماكان تۇتقان قەلەندەرلەر

### خور ۋە ئەكس سادا

بۇندا بىپايان
شاۋقۇنلۇق ئورمان.
بەھەيۋەت قىيا
تاشلايدۇ سايە.
يەردە يىلان ئىز
ئورمانلار يىلتىز.
زەررىلەر چېچىپ

تاشلاردىن ئېشىپ
ئاقار بۇلاقلار
شوخ ۋە قوۋناقلار.
غار - ئۆڭكۈرلەر جىم،
سۈكۈنات ھاكىم.
ئارسلانلار كېزەر
جىم تاشلاپ نەزەر.
بىلىدۇ، ئاي - ھاي،
بۇ — مۇقەددەس جاي.

پېتېر ئېكستاتىكۇس

(ھاۋادا گاھ ئېگىز، گاھ پەس پەرۋاز قىلىپ)

پەدەرى مۇجەززەب

ئېزگۈ ئەلەڭگە
چىرماشسۇن تەنگە.
ھەققە ئىشتىياق،
ۋۇجۇدۇمنى ياق.
مەيلى، مەن ھازىر،
جىسمىمنى ھازىر
قىلىچلار كەسسە،
نەيزىلەر تەشسە.
ئاققۇزسا قانلار
ئۆتكۈر كامانلار.
ئۆرتىسە چاقماق

كۆكسۈمنى چاقماق.
كۆيسە ھەم جېنىم،
يالىڭاچ تېنىم
بولسا ھەم بەربات،
شۇ پەقەت مۇرات:
نۇرلار ئەبەدكە،
ئۇچسۇن پەلەكتە.
سۆيگۈ يۇلتۇزى،
ئىسيان ئوتىنىڭ،
خۇددى دەل ئۆزى.

## پېتېر پروفۇندۇس

(قىيادا)

## پەدەرى مۇتەخەييىل

زور قىيالار ئېگىلىپ،
ئېگىزدىن باقار ئىكەن.
شارقىراتمىلار ئېشىلىپ،
تولغىنىپ ئاقار ئىكەن.
ھەيۋەت دەرەخلەر ئۇچى
ئاپتاپتىن ئېمەركەن نۇر،
بەرنى ياراتقۇچى،
ساقلىغۇچى مېھىردۇر.
كۆكتىن يامغۇر تۆكۈلەر
كۆلدۈرلەيدۇ جىلغا، تاغ،

دەل - دەرەخلەر ئېگىلەر،
يۇيۇلىدۇ دالا، باغ —
چاقماق يېرىپ سامانى،
كۆزنى چېقىپ ئۆتىدۇ.
ئۇ تازىلاپ ھاۋانى
پاك - پاكىزە قىلىدۇ.

بۇلار بەرى يامغۇر ھەم
گۈلدۈرلەش — ئىشق تۇغيانى.
جىسمىمنى ئەت پاك شۇدەم
ئەي مۇھەببەت گۈلخانى.
بۇ خەستە جىسمىم ئارا
ئۆرتىنىدۇ ئەسىر جان.
تەگرىم، ماڭا بەر زىيا،
قىل دىلىمنى نۇرەپشان.

## پېتېرىس سىرەفكۇس

(ئوتتۇرىدا)

## پەدەرى مەلەكسىما

ئورمان ئارا شاماللار
ئاق بۇلۇتنى يېتەكلەر.
بۇلۇت ئەمەس ھاۋادا،
ئۇچقان كىچىك مەلەكلەر.

## مەسۇد گۆدەكلەرخورى

بىز قەيەردە، ئەي پەدەر!
بىز كىملەرمىز، ئەي رەھمان!

بىز بىگۇناھ باللار
مەسۇدلەربىز ھەرقاچان.

## پېتېر سېرەفىكۇس

يېرىم تۈندە تۇغۇلۇپ،
كۆزنى يۇمغان گۆدەكلەر،
سىلەر جەننەتكە كېلىپ،
ئانىڭىز پەرياد قىلىپ،
خۇشال بولغان گۆدەكلەر،
ئېرىشتىڭىز مېھرىمگە،
كېلىڭ، دائىم بولۇڭ شاد.
تەلەي شۇكى، زېمىندا
سۈرمىدىڭىز سىز ھايات،
قارىچۇقىدىن كۆزۈمنىڭ
جاي بېرەي، ئورۇن ئېلىڭ،
(ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ)
ئەنە ئورمان، ئاق قېيىن،
ئەنە تاغ، نەزەر سېلىڭ.
كىچىك - كىچىك ئېقىنلار
قوشۇلىدۇ تاغ ئارا.
پەستە بولسا ئويناقلار
توسۇن دەريا، شوخ دەريا.

## مەسۇد گۆدەكلەر

(ئىچكىرىدىن)
بۇ مەنزىرە بەك ئېسىل،

قاراڭغۇ، دىمىق بىراق.
قويۇۋەتكىن بىزلەرنى،
تۇرالمايمىز ئارتۇقراق.

## پېتىر سېرەفكوس

پەرۋاز قىلىش يۈكسەككە،
كامالەتكە ئىنتىلىش.
چىقىپ ئەۋجى پەلەككە
نۇر ۋەسلىگە ئېرىشىش.
شۇدۇر ئارزۇ بىردىنبىر،
شۇدۇر روھنىڭ غىزاسى.
بولسۇن ئاشناسىز ئۈچۈن،
ھەقنىڭ مېھىر دەرياسى.

## مەسۇد گۆدەكلەر خورى

(ئەڭ ئېگىز چوققىلار ئەتراپىدا ئۇچۇپ)
تۇرۇڭ قاتارغا،
ئەيلەپ سالاۋات،
پەرۋەردىگارغا،
ئوقۇپ مۇناجات.
بولغاي كۆڭۈلنىڭ
مۇرادى ھاسىل.
بولارمىز ئۇنىڭ
ۋەسلىگە نائىل،

(فائۇستىنىڭ ئۆلمەس روھىنى ئېلىپ پەلەك قەرىدە
پەرۋاز قىلىدۇ)

ئازاد بولدى ئۇ مەكرۇھ
دامىدىن بۇ يۈكسەك روھ.
«كىمگە ئىنتىلمەك ياردۇر،
ھەق ئۆزى مەدەتكاردۇر».
كىمگە ياردۇر مۇھەببەت،
ھەق ئالدىدا ئىززەتتە.
ئۇنى مەلەكلەر ئەلۋەت
قارشى ئالار جەننەتتە.

## ياش مەلەكلەر

ئاشۇ گۈللەر، گۇناھكار
قىزلار كەلتۈرگەن گۈللەر.
بولدى كۈچلۈك مەدەتكار
مەككارنى يەڭدۇق بىزلەر.
بىز بىباھ! بۇ جاننى.
ساقلاپ قالدۇق تىنچ - ئامان.
قوغلىۋەتتۇق شەيتاننى
گۈللەر ئېتىپ ئۇ تامان.
شەيتاندىمۇ ئۇ ئىزگۈ
ھېس بىر نەپەس ئويغاندى.
دوزاخ ئارا كۆيمەي ئۇ،
سۆيگۈ ئوتىدا ياندى.
ئىبلىسلارنىڭ رەھبىرى،

ئىنس - جىنلار سەرۋىرى،
كىلەلمىدى تەڭ پەقەت،
كەلدى غالىب مۇھەببەت.

## بويىغا يېتىپ قالغان مەلەكلەر

يەردىن بىنا بولغان ئۇ،
تەستۇر يەردىن ئايرىماق.
بولغاندىمۇ تاشپاختا،
چاڭ - توزاندىن قالماس ساق.
ئۇندا ۋۇجۇد بىلەن جان
زىچ بىرلەشكەن ھەرقاچان.
بىر - بىرىدىن ئايرىماق
مەلەكلەرگە تەس ھامان.
بىرەر روھقا ئىغىرلىق
ئاجرالماس ئۇ تەبىئەت.
قادىر ئۇنى ئايرىشقا،
پەقەت مەڭگۈ مۇھەببەت.

## ياش مەلەكلەر

ئەنە تاغ ئارا،
كۆرمەكتىمىزبىز
تازا، بىگۇناھ
پاكىزە بىر ئىز.
ئاق تۇمان ئارا
ئۇ پاك يۈرەكلەر.

كىرسىز بىغۇبار
مەسۇد گۆدەكلەر.
دەردلىك ئالەمگە
بىگانە بولۇپ.
ئالىي كۆكلەمگـە
پەرۋانە بولۇپ،
ئۇچۇشار كۆركەم.
قىلايلۇق ئاۋۋال
بىز بۇ روھنى ھەم
ئۇلارغا ھەمدەم.

## مەسۇد گۆدەكلەر

قىلايلۇق قوبۇل،
كەلدى بىر مەلەك.
ئۇ غوزا ئىچرە
ياتقان كېپىنەك.
سىلىپ تاشلىغاي
جەندىسىن بۈگۈن.
ئالىي ھاياتقا
يېتىشكەي پۈتۈن.

## دوكتورمارشانوس*
## بۇۋى مەريەم شەيداسى

(مۇئەللەق ئىھرامدىن)

ئەتراپ ئوچۇق، يۈكسەككە،
روھ پەرۋاز قىلار.

ئەنە ئۇندا پەلەككە
پەرىلەر ئۇچار.
ئۇلار ئىچرە كۆرۈنەر
يۇلتۇزلۇق تاجدار.
قارالڭ، ئۇندا كۆك ئاسمان
مەلىكىسى بار.

(شەۋىق بىلەن)

ئەي ساھىبە،بۇ چەكسىز
كەڭلىكلەر ئارا
قىلغىن مېنى ساماۋى
سىرىڭگە ئاشنا.
قۇتلۇق مېھرىم لىپمۇ لىپ
تولۇپ يۈرەككە.
سادىقلىقىم بايانى،
يوللاي پەلەككە.
بۇيرۇقۇڭغا بىز تەييار،
قانۇندۇر سۆزۈڭ.
دۇنيادىكى بار دەردكە،
دەرمانسەن ئۆزۈڭ.
ھەممىدىن پاك - پاكىزە
ئانىمىز سەنسەن.
يەر يۈزىدە سەن بىر شاھ،
تەڭرىگە تەڭ سەن.

**ئېچىلىق بولۇپتا ئوخشاش**
**گۇناھكار قىزلار تۇتاش**
**تىز چۆكۈپ بۇندا ياۋاش**
**تىزىڭغا قويۇشار باش.**
**يالۋۇرۇشۇپ ساڭا، ھەيھات**
**سەندىن سورىشار نىجات.**

سەن، ئەي ئانىجان، ساڭا
تىكىپ ئۈمىدلىك نىگاھ،
كېلىشىپتۇ قېشىڭغا
ئىزدەپ ھىمايە، پاناھ.
ئايال كۆڭلى بەك يۇمشاق،
يوقمۇ بىر پاسبانى؟
يايغان قانات ساختىلىق،
كۆپتۇر ئۇنىڭ قۇربانى.
قىزلار يولى تېيىلغاق،
يىقىلماسلىق مۇمكىنمۇ؟
سۆيگۈ ئىشى بەك چاتاق،
يولۇقماسلىق مۇمكىنمۇ؟
ئىشق دېگەن يانغىندىن
ئارتۇق يانغىن بارمىدۇ؟
شېرىن سۆز، ئوت نىگاھتىن،
ئامان قالغان بارمىدۇ؟

(بۈۋى مەريەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ)

گۇناھكار قىزلار توپى
ئەي، كۆك سامادا

پەرۋازى پەلەك،
قالمىدى بەرداش.
قۇتقۇزغىن تېزرەك.
سەن مەڭگۇ ھايات،
مادارىڭ نىجات.

## ماگناپىككا ترىكي*

مەشھۇر گۇناھكار،
بۇ پاك سەجدەگاھىغا
ئېگىلگەن بېشىم ھەققى،
قۇتلۇق بالاڭ ئىزىغا
تۆكۈلگەن يېشىم ھەققى،
خۇش بۇي سۇ ئېلىپ ھەركۈن
كەلتۈرگەن كوزام ئۈچۈن،
ئەيسا دەرگاھىن غەمكىن
سۈپۈرگەن چېچىم ھەققى.

## مىللېر ساماريتانا*

ئۇنىڭ تىنىق بۇلىقى،
ئىبراھىمنىڭ ئوتلىقى.
ئاشۇ سۇغا تەڭرىمىز
تەڭكۈزگەندى ئېغىز.
ئەي ئانىجان شۇ ئۈچۈن،
شۇ ئىزگۇ تۇيغۇ ئۈچۈن،
كەڭ ئالەمگە تارالغان
ئۇ مۇقەددەس شۇ ئۈچۈن.

## مارىيە* ئايېگېپتسائچە

تەڭرىنىڭ قەبرى چۈشكەن
تاش ئۈچۈن، ئېھرام ئۈچۈن.
(ئەۋلىيالار ماكانى)

## مەرىيەمى مىسرىيە

ماڭا ئېھرامنى توسقان
سەجدە ئېھتىرام ئۈچۈن،
قىرىق يىل كۆرگىنىم غۇربەت،
ۋە تارتقان كۈلپەت ھەققى،
قۇمدا قالغان ۋەسىيەت —
سۆزلىرىم، ئۇ خەت ھەققى.

## ئۈچى بىرلىكتە

سەن نى - نى گۇناھكارنى
كەچۈردىڭ ھەم قوللىدىڭ.
نىجات بېرىپ، ئۇلارنى
يۈكسەكلەرگە يوللىدىڭ.
كەچۈر ئەيىبسىز گۇناھكار
بۇ بەندىنى سەن بۈگۈن.
بىلمەي ئۆمرىدە بىر رەت
قىلغان گۇناھى ئۈچۈن.



## ئونا پائېنتېنتوم*

### بىر ۋاقىت گرېتخىن ئاتالغان گۇناھكار

(ئۇلارغا يېقىن كېلىپ)
ئەي سەن، ئانىجان،
قۇتلۇق نۇرەپشان.
قارىغىن، قۇۋانچىم بۇ خانىدانىمغا.
سۆيگىنىم، يارىم،
تەنھا مادارىم
غەمدىن خالى بولۇپ قايتتى يېنىمغا.

### مەسۇد گۆدەكلەر

(ئايلىنا ـ ئايلىنا يېقىن كېلىپ)
مانا ئۇ ئالدىن
تاشلىدى قەدەم.
ئىززەتلەر ھەققىن
ئالارمىز بىز ھەم.
بالدۇر چەكلەنگەن
بىزلەرگە ھايات.
كۆپ كۆرگەن، بىلگەن.
بولىدۇ ئۇستات.

### بىر ۋاقىت گرېتخېن ئاتالغان
### گۇناھكار

ئەتراپىدا روھلار پەرۋانە،
يېڭى مېھمان بىلمەيدۇ ھېلى.
شادلىنىدۇ مەلەكلەر ئەھلى
ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلغىلى.
ئۇ زېمىندىن تامامەن ئازاد —
تەرك ئەتتى يەر جەندىسىنى ھەم
يېڭى لىباس ۋە يېڭى ھايات،
ياشلىق كۈچى، شەۋقى مۇجەسسەم.
مەيلىمۇ مەن يېتەكچى بولسام،
قاماشتۇرار كۆزىنى نۇرلار.

### مەتېرگلارىئاسا*
### بۇۋى مەريەم

يول ئال ئالىي ماكانغا، ئۇ ھەم
سېنى تونۇپ، ئىزىڭدىن ماڭار.
(يىقىلىپ سەجدە قىلىدۇ)

### دوكتور مارىئانۇس

تۇۋا، تائەتكە
سوزۇلسۇن قولۇڭ.
شۇندا جەننەتكە
ئېپ بارار يولۇڭ.

بولار ھەمدە ھېسدىشىڭ.
ھەر ئاقىل ئادەم.
ئەي مەلىكە، قىز، ئانا
بول بىزگە ھەمدەم.

چاروس* موستكوس
(دىنىي خور)

ئۆتكۈنچى دۇنيا
بىردەملىك پەقەت.
بۇ يەردە تەنها
ھاسىلدۇر مەقسەت.

بۇندا ھەقىقەت!
بىزنى ھەر زامان
مەڭگۈ نازاكەت*
تارتار ئۇ تامان.

# ئىزاھلار

## ئىككىنچى قىسىم

گېيوتى «فائۇست» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى 1830 - يىلى يېزىپ توگەتكەن.

## بىرىنچى پەسىل

خۇش ھاۋالىق جاي

* سابا ئەرفەسى (ئېئال ئەرفەسى) — ئېئال شامال ئىلاھى. سابا ئەرفەسى ئېئالنىڭ نامىغا بېغىشلانغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئېئال ئەرفەسىنىڭ تارىلىرى سابا (شامال) چىققاندا كوي ياڭرىتىدىكەن.

*«دەرد ئەھلىگە ئەلفلەر بولغاي خەيرىخاھ ...» — ئەلفلەر — قەدىمىي نېمىس ئەپسانىلىرىدە ھاۋا، يەر، ئورمان ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىدە ياشىغۇچى تەبىئەت روھلىرى (پەرىشتىلىرى). ئەلفلەر دېگەندە كىشىلەرگە خەيرىخاھ، شوخ، ئويناق، ھەۋەس بېغىشلىغۇچى مەۋجۇداتلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەلفلەر ئايدىڭ كېچىلەردە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، شوخ قوشاقلارنى ئېيتىدىكەن.

* «سىز ئۇنىڭ بېشىدا بولۇڭ پەرۋانە. شەپقەت - مېھرىڭىزنى كىرگۈزۈپ يەنە. شۇ خەستە جېنىغا بېغىشلاڭ ئارام. ۋىجدان ئازابىدىن يۈرەك - باغرى خۇن ...» — ئاپتور بۇ سۆزلەر بىلەن ئەرىئەل فائۇستنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر سىناقلار، گرېتخېن ۋەقەسى بىلەن باغلىق بولغان ۋىجدان ئازابلىرىغا ئىشارە قىلىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، گېيوتې بۇ مىسرالار ۋاستىسى ئارقىلىق تراگېدىيىنىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەرنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلايدۇ.

* «سىز ئۇچۇن بىمالال پايدىلىنىشقا، بېرىلدى ھە، مانا تۆت قىسىملىق تون ...» — رىمنىڭ ۋاقىت ھېسابىدا كېچە تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

* «بۇ ئارە بەرگەن دېرەك ...» — ئارەلەر — يۇنان — رىم مىفالوگىيىسىدە (مىف — ئىلاھلار، ئەپسانە — رىۋايەتلەر ھەققىدىكى پەن) ۋاقىت ئى-

لاھىلىرى. ئۇلار قۇياش خۇداسى فېبنىڭ ئاپتاپ ھارۋىسىغا يول ئېچىپ، ئاسمان دەرۋازىلىرىنى كۈن بويى ئېچىپ تۇرىدىكەن.

* فېب — يۇنان مىفالوگىيىسىدە قۇياش خۇداسى.

* «تۇمانلار ئىچىدىن ئۆرلىگەن سەھەر ...» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدىغان فائۇستنىڭ بۇ مونولوگلىرى ئىتاليان شېئىرىي ۋەزىنلىرىدىن تېرسىنا شەكلىدە يېزىلغان. تېرسىن — ئۈچلۈك دېگەن سۆز بولۇپ — ئۇ مەخسۇس قاپىيە شەكلىگە ئىگە. فائۇست ئاپتاپنى ئەبەدىي ۋە مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتكە ئىنسان نائىلە بولۇشنى بىلمەيدۇ، ھەقىقەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى، كىشىلىك ھاياتىدىكى تۈرلۈك شەكىللەردە نامايان بولغۇچى كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ئوردا

* «نېمە ئۇ — بىز ئۈچۈن مەرغۇپ ھەم مەنپۇر؟» — سارايغا قىزىقچى (مەسخىرىۋاز) سۈپىتىدە كىرگەن مېفىستافېل شېئىرىي تېپىشماق ئېيتماقتا. ئۇنىڭ تېپىشمىقىدىن ئەخمەقلىك دېگەن جاۋاب چىقىشى كېرەك.

* «سەلتەنەت يۇلتۇزى شاد ئېتىپ بىزنى، سائادەت كۆكىدە چاقنايدۇ گۈلگۈن ...» — قەدىمكى زامان مۇنەججىملىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كۆكتە يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشى، قۇياش ۋە ئاي مەنزىللىرىدىكى تۈرلۈك ھالەتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەردىكى ئىشلارغا، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە، ئۇرنىغا قاراپ بەخت ياكى بەختسىزلىككە سەۋەبچى بولارمىش. شاھنىڭ سۆزلىرى شۇ ئاساستا ئېيتىلغان.

*«نىقاب بەزمى ...» شاھ سارايلىرىدا ھەر خىل نىقابلار كىيىلىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت — بەزمە.

* گۋېلفى ۋە گىبېللىنگلەر — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىتالىيە سىياسىي ھاياتىدا زور مەۋقەگە ئىگە بولغان ئىككى ھۆكۈمران پارتىيە. گۋېلفلار پاپا تەرەپتارى. گىبېللىنگلەر پادىشاھپەرەسلەر.

* زوھرە — ۋېنېرا، مىررىخ - مارس، مۇشتەرى - يۇپىتېر، كەيۋان (زۇھال) - ساتۇرن سەييارىلىرى. مۇنەججىملەرنىڭ تەلىمىچە، قۇياش — ئالتۇننى، مېركۇرىي (ئۇتارىد) — سىمابنى، زوھرە — مىسنى، ئاي — كۈمۈشنى، مىررىخ — تۆمۈرنى، مۇشتەرى — قەلەيىنى، ساتۇرن — قوغۇشۇننى بىلدۈرىدۇ.

* «ئالراۋۇن گىياھىن كويلەر بولسا كىم، كۆچمەمدۇ شۇ قارا ئىتقا خىيالى ...» — ئالراۋۇن — تۈركمەنىستان، ئوتتۇرا دېڭىز بوغۇزى، هىمالايادا ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق، يوپۇرماقلىرى يىرىك. مېۋىسى كەھرىۋا تۈسىدىكى قىممەتلىك ماندىراگارا ئۆسۇملۇكى. ئۇنىڭ يىلتىزى شەۋق قوزغايدۇ دېگەن سۆزلەر قەدىمدىن ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە. يەنە قەدىمى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇم يىلتىزى يەردە خەزىنە بار جاينى كۆرسىتىپ بېرەرمىش. ئالراۋۇن يىلتىزىنى پەقەت قارا كۈچۈك كولاپ ئېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

*«بوچكىلار چىرىپتۇ — كېمەيمەپتۇ مەي ...» — مېفىستافېل تىڭشىغۇچىلارنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ. مەي بەكمۇ قەدىمدىن ساقلىنىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ تىندۇرمىلىرى تاشقا ئايلىنىپ، بوچكىلىرى چىرىپ كەتسىمۇ، لېكىن مەي ساقلىنىپ تۇرىۋېرەرمىش.

*«ئۇلارغا مەن ئىكسىر بېرەتتىم، ئەمما ...» — ئىكسىر — بۇ يەردە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان بىر ماددا.

* ئالمان ئۆلكىسى — گېرمانىيە.

*«سۆيۈپ قولىغا قۇتلۇق بابانىڭ ...» — رىم پاپاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

*فلارېنسىيە — ئىتالىيىنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى.

*«سىرېرانىڭ سوۋغىسىنى ...» — سىرېرا — يۇنان - رىم مىفالوگىيىسىدە دېھقانچىلىق ئىلاھى.

*تېئوپراست — ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى 372 — 287 - يىللىرىدا ياشىغان يۇنان پەيلاسوپى ۋە تەبىئەتشۇناسى. پەن تارىخىنىڭ بىرىنچى بوتانىكلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ توققۇز كىتابتىن ئىبارەت «ئۆسۈملۈكلەر تەتقىقاتى» ۋە «ئۆسۈملۈكلەر سەبەبىياتى» (هادىسىلەرنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىش فورمىسى) دېگەن ئەسەرلىرى مەشھۇر.

*تېئوربا — قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى. ئۇد.

*پالمىشنىلار — ئاجايىپ - غارايىپ كىيىنىپ، ئويۇن كۆرسەتكۈچى قىزىقچىلار تائىپىسى.

*ئۈچ نازاكەت ... — قەدىمكى رىم مىفالوگىيىسىدە بۇلار گۈزەللىكنىڭ ئۈچ ئىلاھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئاگلايە، كېگېما، ئېفراسىنە ئىدى.

*پاركالار — قەدىمكى يۇنان مىفالوگىيىسىدە پاركالار ئىنسان قىسمەتلىرىگە هاكىم ئىلاھىلار. ئۇلار ئەپسانىلەردە هايات يىپلىرىنى ئىگىرىۋاتقان هالدا تەسۋىرلىنىدۇ. پاركالارنىڭ بىرى هايات يىپىنى توقۇغان، ئىككىنچىسى ئىگىرىپ تۇرغان، ئۈچىنچىسى كەنجە كىلاتا توقۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. قېرى ئاتراناس بولسا يىپلارنى كېسىپ تۇرغان.

*گېرالد — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە شاھ

ۋە يېرىك فېئوداللارنىڭ سارايلىرىدىكى جارچى. ئۇلار بايرام ۋە زىياپەتلەرنى باشقۇرغان. كېلىۋاتقان مېھمانلار ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. گېرالد — خانلار سارايلىرىدىكى ئۇدەيچى ۋەزىپىسىگە توغرا كېلىدۇ.

*فورىيالار — گېيوتېنىڭ نىقاب بەزمىسىنى يېزىشتا كۆزدە تۇتقىنى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ بەلگىلىك تەرەپلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىشتۇر. فورىيالار بۇ يەردە ئىنساننى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلغۇچى ياۋۇز كوچلەر — قىساسكار ئىلاھلار سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلار تاشقى تەرەپتىن ياش ۋە جەزىبىلىك كۆرۈنىدۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئىنسانغا نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق بوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. شۇڭا گېرالد «بۇ ھۆرلەر يىلاندۇر، يىلان» دەيدۇ. يۇنان مىفالوگىيىسىدە فورىيالارنىڭ ئىسىملىرى ئالېكتا، تىزىفانە ۋە مىگىرادۇر.

*ئاسمادېي — تاۋرات ھەققىدىكى يەھۇدىي ئەپسانىسىدە ئېيتىلىشىچە، («تەۋرات») — تاۋىتنىڭ سورەگە ئەۋەتكەن يەتتە كىنو قىلىمىنى ھالاك قىلغان ئىبلىس. ئائىلىگە بۇزغۇنچىلىق، تالاپەت كەلتۈرگۈچى دەپ سانىلىدۇ.

*«پوشت، يېڭى مېھمانلار كەلمەكتە بىزگە ...» گېرالد خەۋەر بېرىۋاتقان مېھمانلار دۆلەت تەشكىلاتىنى بىلدۈرىدۇ. دۆلەت ھاكىمىيىتى — پىل قىياپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە كېلىۋاتقىنى نۇسرەت - غەلىبىدۇر. ئۇ دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ بوينىدا دۆلەتنى باشقۇرۇش مىزانى بولغان دانالىق تامغىسى بار. ئىككى تەرەپتە كېلىۋاتقان ئەسىرلەر قورقۇش ۋە ئۈمىدتۇر. قورقۇش — ھەممە نەرسىدىن چۆچۈپ تۇرغۇچى كونسېرۋاتورلار سىمۋولى. ئىككىنچىسى ھەممە نەرسىگە ئاسانلا ئېرىشىشنى خىيال قىلىدىغان پروگرېسسچىلاردۇر. دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى دانىش ئۇلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ.

*زائىل ۋە تېرىست — ئىچى قارىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى. زائىل — مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە ياشىغان ۋە گومېرنى يامانلاپ نام چىقارغان يۇنان تىلچىسى. تېرىست — گومېرنىڭ «ئىلىئادا» داستانىدىكى كولىنچ ۋە ھەسەتخور پېرسوناژ. بۇ يەردە زائىل ۋە تېرىست قىياپىتىدە دانىشقا قارىمۇ قارشى ھالدا مېفىستافېل نامايان بولماقتا.

*گېرالد خەۋەر بېرىۋاتقان تۆت ئاتلىق ھارۋا دۆلەت بايلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا بايلىق خۇداسى پلوتوس (پلۇتون) ئورۇنلاشقان. بۇ يەردە فائۇست پلوتوس قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ھارۋىغا ئەجدىھالار قوشۇلغان. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەجدىھالار يەر ئاستى خەزىنىلەرنى قوغدايدىكەن. ھارۋىنى باشقۇرغان ھارۋىكەش بالا — پايىك — شېئىرىيەت سىمۋولىدۇر. گېيوتې

بۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت پاراۋانلىق ۋە ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن مەملىكەتتە گۈللەپ ياشنايدۇ دېگەن غايىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

*ھارۋىكەش چېچىۋاتقان نەرسىلەر ئارقىلىق سەنئەت ئەسەرلىرى كۆز-دە تۇتۇلىدۇ.

*مېفىستافېل ئۇرۇق خەسىس قىياپىتىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

*«نەق ئالدىدا ئۇلۇغ پان...» — ئۇلۇغ پان — تەبىئەت ئىلاھى. ئۇنىڭ مۇقابىلىدا شاھ كۆرۈنىدۇ.

*فاۋنىلار: — يۇنان مىفالوگىيىسىدە ئۆزىدە ياۋايى ھېرىسنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە پەقەت ھايۋانىي ھېرىسىنىڭ ھۆكمىگە تەۋە بولغان ئورمان مەۋجۇداتلىرى.

*ساتىرلار — ھېرىسنىڭ قۇللىرى. ئۇلار ئۆچكە تۇياقلىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

* گنوملار — گېرمان ئەپسانىلىرىدە تاغلار ۋە تاغلار ئاستىدا ياشاي-دىغان، يەر ئاستى بايلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پاكار بويلۇق سەنەملەر. گنوملار ياۋروپا ئەدەبىياتلىرىدا كان چىراغلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ.

*«كابالدلار ھەمراھىمىز...» — شىمال خەلقلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، گويا ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىدىغان ئۆي پەرىشتىلىرىمۇ بار ئىمىش. كابالدلار شۇنداق ئۆي پەرىشتىلىرى سانىلىپ، ئۆيگە ۋە ئائىلىدىكى ئايال خوجايىنلارغا مېھرىبان-لىق قىلارئىمىش.

*«پايدىلىنار موپلىسلار...» — موپلىسلار — كەمبەغەل بىچارىلەر، قاششاقلار.

*چوكلار — پەقەت ئۆز مەنپەئەتى يولىدا ئىش كۆرگۈچى ۋە بۇ ئار-قىلىق دۆلەتنى ئىچىدىن يېمىرگۈچى ئەربابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

*نىمپالار — ئانتىك مىفالوگىيىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلاھلار. نىمپالار تەبىئەت كۈچلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنلەر. سۇ نىمپالىرى — ناپادەلەر. تاغ نىمپالىرى — ئارېئادەلەر، ئورمان نىمپالىرى — دىرىئادەلەر، دالا، غار نىمپا-لىرىمۇ بار. ئۇلار ياش ئايال قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

## ساراي بېغى

*«ئېيتار پېتىدەنىڭ قولىقىغا ھەم...» — پېتىدە — **دېڭىز نىمپاسى.**

*پېلېي — پېتىدەنىڭ ئېرى. ئاخىللىنىڭ ئاتىسى: مىرمىدان پادىشاھى. پېلېي ئۆلۈپ، پېتىدە ئۇنى ئالىمپ خۇدالىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان.

*لەندىكنېخت — ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا ياللانغان ئەسكەرلەر.

## قاراڭغۇ قىدىلچاق

*«پارىس بىلەن ئېلېنانى مەن ...» — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئېلېنا — زېۋىس بىلەن لېدانىڭ قىزى بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولغان. ئۇ سپارتا پادىشاھى مېنېلايغا ئۇزىتىلغان. مېنېلاي جەڭگە كەتكەندە ئۇنى ترايا شاھزادىسى پارىس ئوغرىلاپ قاچقان. مەشھۇر ترايا ئۇرۇشىغا شۇ ئېلېنانىڭ ئوغرىلىنىشى سەۋەبچى بولغانىكەن.

*«تىلغا ئېلىش قىيىندۇر ئەمما. ئۇلار - مامالار» گيوتېنىڭ بىئوگرافلىرىدىن ئېككېرماننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا شائىر مامالار ھەققىدىكى ئەپسانىنى پلۇتارىخنىڭ «مەرىسېلىنانە» ئەسىرىدىن ئوقۇغان. بۇنىڭدا يېزىشىچە، سىلىيەدىكى شەھەرلەردىن بىرى ئېنگىئومدا غەلىتە، نامەلۇم ئىلاھلارغا بېغىشلانغان ئىبادەتخانىلار بار ئىكەن. ئۇلار «مامالار» دەپ ئاتىلىدىكەن. گيوتې ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىپتىداسى بولغان غايىلەر ھەققىدىكى پىكرىنى شۇ «مامالار» ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقا تىرىشقان. مەلۇمكى، گيوتې ئۆزىنىڭ بارچە غايىلىرىنى پوئېتىك ئىبارىلەر ۋاستىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. گيوتې پلاتوننىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن، ئەڭ ئاۋۋال جىسىمسىز ئىپتىدائىي غايىلەر بولغان. ئۇ غايىلەردە يارالغۇسى نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىلا بېرىلگەن. كېيىن دۇنيا پۈتۈن ھالدا شۇ غايىلەردىن تۇغۇلغان، دەپ قارايدۇ.

*نېئافىت — يېڭى شاگىرت، بىران ئېقىمنىڭ يېڭى تەرەپدارى.

*مىستاگىرت — قەدىمكى دىنىمىستىك جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىرى.

*«ئوتتا يانغان مەزبەخ كۆرگىنىڭ ...» — كالىت ۋە مەزبەخ ئۈچ پۇتلۇق ئەسۋاب (تىرەك). ئوتتۇرا ئەسىر سېھىرگەرلىرى خەلقنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئەسۋابلار.

*«بەخۇردۇتى ئۆرلەپ پەلەككە ...» — بەخۇردۇتى — قۇربانلىق دۇتى دېمەكچى.

## ھەشەمەتلىك يورۇق بىنا

*روھ چاقىرىش سەھنىسى دوكتور فائۇست ھەققىدىكى نېمىس خەلق رىۋايەتلىرى كىتابىدىن ئېلىنغان. رىۋايەتلەردە نەقىل قىلىنىشىچە، فائۇست ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ روھىنى، ئاندىن ساھىبجامال ئېلېنانىڭ روھىنى چاقىرىپ شاھقا نامايىش قىلغان.

*«ردس. ئېتىقاد ئۈچۈن يېقىلغان گۇلخانلاردىن چۈشكەن بۇ كۆمۈر ...» — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا ئىنكۋىزىتورلىرى تەرىپىدىن يېقىلغان گۇلخانلاردىن قالغان كۆمۈرلەر مۆجىزە كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان. گۇلخان ياققۇچىلار كۆمۈرلەرنى يوشۇرۇنچە يىغىپ، خەلققە قىممەت باھادا سېتىشقان.

## فارىسلار زالى

*«بەمىسالى قەدىمىي ئاتلانت ...» — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، تەڭداشسىز باھادىر ئاتلانت ئاسمان گۈمبىزىنى يەلكىسى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

*«ئېندىمىئون، دىئانا مىسال ...» — يۇنان - روما مىفالوگىيىسىدە ئېندىمىئون ئىنتايىن كېلىشكەن، ياش ئوۋچى قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئوۋ ۋە ئاي ئىلاھى دىئانا ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن.

«ئېلېنانىڭ ئوغرىلىنىشى» — ئېرامىزنىڭ 5 - ئەسىرىدە ياشىغان ئالېكساندىرىيىلىك شائىر كالىفاسىنىڭ ئەسىرى.

## ئىككىنچى پەسىل

1827 — 1830 - يىللاردا يېزىلغان.

فائۇستنىڭ گاتىك ئۇسلۇبىدا قۇرۇلغان ئېگىز راۋاقلىق ئۆيى.

*فامۇلوس لوت — پروفېسسور ھوزۇرىدىكى ياكى لابىراتورىيىدىكى ياردەمچى ئىلمىي خادىم.

*سامى — ئاڭلىغۇچى.

*باكالاۋر — كىچىك ئىلمىي ئۇنۋان. بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى مېفىستافېلدىن دەرس ئېلىپ كەتكەن شاگىرت. ئۇ بەكمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن.

## ئوتتۇرا ئەسىر روھىدىكى ھۇجرا

*ھامۇنكۇل — خىمىك ۋاگنېر تەرىپىدىن شىشە ئىچىدە يېتىشتۈرۈلگەن سۈنئىي ئادەمچە، ھامۇنكۇلۇس — لاتىنچە ئادەمچە دېمەكتۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى، غەربنىڭ خىمىكلىرى ئادەمنى سۈنئىي رەۋىشتە ياساش مۇمكىن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. خۇسۇسەن، گيوتې مانا شۇنداق پىكىرلەر بىلەن چىققان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر ھېكىمى فېئوفىراست پاراسېلىس ئەسەرلىرىنى

ئوقۇپ ئۆز ئەسىرىدە سىزىشىمۇ ئادەم قىياپىتىنى يارىتىش ئىمكانىگە كەلگەن. ھامۇنكۇل ئاڭ ۋە ئاۋازغا ئىگە بولىسىمۇ، لېكىن تولۇق قانلىق ئادەم دەرىجىسىگە يەتمىگەن. ئۇ پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر، ئەقىل ۋە ئىنتىلىشلەرگە ئىگە بولغان مېتاپورىك ئوبراز. ھامۇنكۇل خۇددى مېفىستافېلغا ئوخشاش ستېخىيىلىك كۈچلەر سەمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئۆزىدە ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتكە ئىنتىلىۋاتقان بىر باسقۇچىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

*«ئاقار پېنېي دولقۇنلاپ گۈزەل ...» پېنېي — گرېتسىيىدە فېسالىيە ۋىلايىتىدە ئالىمپ ۋە ئاسسا تاغلىرى ئارىسىدىن ئاقىدىغان دەريا.

*فەرسال — يۇلىي — سېزار ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى 48 - يىلىدا پامپېي ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلغان شەھەر.

## كلاسسىك ۋالپورگىيە كېچىسى

بۇ كۆرۈنۈشنىڭ قاتناشقۇچىلىرى يۇنان مېفالوگىيىسىنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى ستېخىيىلىك ئىلاھلىرىدۇر. بۇلار مۇكەممەل تەرتىپكە ئىگە بولغان ئالەمنىڭ بىرىنچى باسقۇچلىرىنى ياراتقان زۇلمەت كۈچلىرى بولۇپ، ئۇلار ياراتقان ئالەمنىڭ چوققىسىدا، سۇ يارىتىشنىڭ نەتىجىسى بولغان گۈزەل ئېلېنا تۇرىدۇ.

زۇلمەت كۈچلىرى ئۆزىنىڭ تاكامۇللىششتا قاراپ قىلغان ھەرىكەتلىرىدە ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتا تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك ھەمدە ۋەھشىي كۈچلىرى، ئەقىلگە سىغمايدىغان مەۋجۇداتلار — پەۋقۇلئاددە چوڭ چۈمۈلىلەر، ئەجدىھالار، سفىنكسلەر تۇرىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا يېرىم خۇدالار، ئات ئادەملەر ۋە سۇ پەرىلىرىنىڭ ئوبرازى تۇرىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا كامالەتنىڭ نەتىجىسى. بولۇپمۇ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇكەممەل گۈزەللىككە ئېرىشىپ بارىدىغان يول تەبىئەتنىڭ شۇ چالا، كامالغا يەتمىگەن — زۇلمەت كۈچلىرى ئۈستىدىن ئۆتىدۇ.

*ئەرىفتا — فېسالىيىلىك جادۇگەر ئايال. ئۇ پامپېيگە سېزار بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولىسەن، دەپ ئالدىن خەۋەر بەرگەن.

*«باشلىنىدۇ بۇ كېچە شۇ ئېلىشىش قايتىلاپ ...» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھەر يىلى فەرسال جېڭى بولغان كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا جەڭ مەيدانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش ۋەقەلىرى خىيالىي سۈرەتتە كۆرۈنىدىكەن. ئەرىفتانىڭ سۆزلىرى شۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

*«نېمانچە ئۇياتسىز گرىفلار ...» گرىفلار — بېشى ۋە قانىتى بۈركۈت تۇسىدىكى، تېنى شىرغا ئوخشاش خىيالىي مەخلۇقاتلار. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار يەر ئاستى خەزىنىلىرىنى قوغداپ ياتىدىكەن.

*سفىنكس — كۆكرىكى ۋە بېشى ئايالغا ئوخشاش، تېنى، چىشى شىر سۈرىتىدىكى مەۋجۇدات. ئەرەبلەر ئەبۇل دەپمۇ ئاتايدۇ.

*«گىرىيايۇ، گىرىخۇ، گىردىلىخ، گىرىفتار ...» — گېيوتې بۇ يەردە «گ» ھەرپىدىن باشلىنىدىغان «گرىڧى» ۋە «گرىيوزى» (قېرىلىق) سۆزلىرىگە باغلاپ، ئوخشاش ھەرپلىك سۆزلەر ئۈستىدە سۆز ئويۇنى قىلىدۇ. تەرجىمان ئورىگىنالدىكى سۆز ئويۇنلىرىنى ئۆزىگە خاس ھالەتتە بېرىشكە ئىنتىلىۋاتىدۇ. بۇ سۆزلەر تولۇق مەنىسى بىلەن قېرىلىقنىڭ تورلۇك بەلگىلىرىنى ئېچىشقا قارىتىلغان.

*چومۇلىلەر — مەشھۇر تارىخچى گېرادوتنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ھىندىستاندا تۈلكە چوڭلۇقىدىكى چومۇلىلەر بولغانىكەن. بۇ چومۇلىلەر يەردىن ئالتۇن قېزىپ ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

*ئەرىمەسپىلەر — گېرادوتنىڭ يېزىشىچە، سىكفلەر قەبىلىلىرى ئىچىدە بىر كۆزلۈك ئەپسانىۋى مەۋجۇداتلارمۇ بولغانىمىش. ئەرىمەسپىلەر گرىفلار بىلەن قوشنا يەرلەردە ياشاپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئوغرىلايدىكەن.

*«ئۇنىڭدىن كۆرە سەن ئېيتقىنا، بۇندا كەلدىمۇ سەيلە قىپ ئىنگلىز سەيياھ؟». قەدىمي ئىنگلىز پيېسلىرىدە شەيتان ئادەت تۇسىگە كىرىپ قالغان پېرسوناژلاردىن سانىلاتتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ غەلىتە بولاتتى، مەسىلەن، ئالدىنىڭ (قېرى نەك) ئالدۇۋنىك (كونا ئىللەت) ۋە باشقىلار. مېفىستافىل بۇ يەردە شۇنى نەزەردە تۇتىدۇ.

*سىرېنالار — يېرىم قۇش، يېرىم ئايال شەكلىدىكى مەۋجۇداتلار. گېيوتې دۇنيا تەرەققىياتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە بولسا كېرەك، ئەڭ قەدىمي ھىند (گرىفلار)، مىسىر (سفىنكلار) مىفالوگىيىسى ياراتقان مەخلۇقلاردىن كېيىنرەك تەرەققىي قىلغان يۇنان مىفالوگىيىسىگە ئۆتىدۇ. «ئودىسا»دا ھېكايە قىلىنىشىچە، سىرېنالار يېقىملىق كۈيلىرى بىلەن سەيياھلارنى مەھلىيا قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدىكەن.

*«خىران ئېيتار ...» — خىران — داناكىنتاۋىر. ئۇ ئەسەردە ئات شەكىللىك ئادەم قىياپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنى ئۇستا ھەكىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان.

*ئولىس (ئودىسېي) — «ئودىسسا»نىڭ قەھرىمانى. ھېكايە قىلىنىشىچە، ئودىسېي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېمىدە سىرېنالار ئارىلى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سىرېنالارنىڭ كۈيلىرىگە مەھلىيا بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى كېمە ماچتىسىغا باغلىتىپ قويغان. شېرىكلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى موم بىلەن بېكىتىۋەتكەن.

*ئالكىد — ئەپسانىۋى يۇنان باھادىرى گىراكىلنىڭ ئىسمى.

*ستىمفالىدە — مىس قاناتلىق ئەپسانىۋى قۇشلار. ئۇلار قاناتلىرىنى يو-

قىتالايدىكەن ۋە ئادەم گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. گېراكىل ئۆز قەھرىمانلىقلىرىنىڭ بىرىدە ئۇلارنى قىرىپ تاشلىغان.

*لېرنى ئەجدىھالىرى — گېراكىل ئۆز قەھرىمانلىقلىرىنىڭ يەنە بىرىدە يوقاتقان ئەپسانىۋى توققۇز باشلىق يىلانلار.

*لامىيەلەر — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۆزىنىڭ چىرايلىرى بىلەن يىگىتلەرنى جەلپ قىلىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈپ قېنىنى شورايدىغان يالماۋۇز خوتۇنلار.

*پېنىبى — يۇنانىستاندىكى شۇ ناملىق دەريانىڭ خۇداسى.

*ئارگاناۋتلار — ئالتۇن تېرە ئىزدەپ كولخىدەگە بارغان يۇنان قەھرىمانلىرى.

*پاللادا — ئودىسسىنىڭ دوستى ۋە يېقىنى مېنتار قىياپىتىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئوغلى تېلىماخقا ھەمراھ بولغان ۋە ئۇنى بالا - قازادىن ئاسراپ قالغان ئايال خۇدا — ئافىنا.

*دىئاسكۇرلار — ئېلېنانىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن بولغان قوشكېزەكلەر — كاستار ۋە پاللوكس. قوشكېزەكلەر دەپ ئاتالغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

*بارېئادلار — شامال خۇداسى بارېيىنىڭ ئوغۇللىرى. ئارگاناۋتلار سەپىرىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى. قاناتلىق كالائىس ۋەزېت.

*يازان — ئارگاناۋتلارنىڭ يولباشچىسى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى دىئامېد. يازان ياكى ياسان ئالتۇن تېرە ئىزدەپ، كولخىدەگە بارغاندا، ئۇنىڭغا كولخىدە شاھى ئەئەتانىڭ قىزى سېھىرگەر مېدېيا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئالتۇن تېرىنى قولغا كىرگۈزۈشتە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ. يازان ئىنتايىن چىرايلىق بولغانلىقىدىن ئۇنىڭغا كۆپ خوتۇنلار ئاشىق بولغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گېيوتې «جانانلارنى بەنت ئەتكەن» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن.

*لىنتېي ياكى لىنكېي — ئارگاناۋتلار كېمىسىنىڭ كاپىتانى. ئۇنىڭ كۆزى شۇ قەدەر ئۆتكۈر ئىكەنكى، ئۇ ھەتتا سۇ ئاستىدىكى قىيا تاشلارنى ۋە تېيىز جايلارنىمۇ بىمالال كۆرەلەيدىكەن. گېيوتې ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۆز قەھرىمانلىرىدىن بىرى — فائۇست قەلئەسىنىڭ كاپىتانىنىڭ نامىنى لىنكېي دەپ ئاتىغان.

*«ئاكا سۆزىدىن چىقماس، جانانلار قۇلى ئىدى ...» — گېركولىسنىڭ ئاكىسى ئېۋرىستېي ئۇنى 12 قېتىم قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە ئۈندىگەن. گېراكىل لىدىيا مەلىكىسى ئامفالەگە قۇل بولۇپ قالغاندا، مەلىكىنىڭ تاۋى نازۇكاۋۇقى تۈپەيلىدىن ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، چۆرىلەر قاتارىدا ئۆي ئىشلىرىنى بېجىرگەن، ھەتتا چاقتا يىپ ئېگىرگەنىكەن. «جانانلار قۇلى ئىدى» سۆزلىرى شۇنىڭغا قارىتىلغان.

*گېيا — يۇنانلاردا ئانا — يەرنىڭ سىمۋولى. يەر بارچە ئادەملەرنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ.

*گېبا — ياشلىق ئىلاھى. گېبا گىراكلىسنىڭ ئىلاھى خوتۇنى دەپ قارالغان. گېراكل ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يۇپىتېر (زېۋس) نىڭ پەرمانى بىلەن ئالمپقا ئېلىپ چىققان.

*«ئېسكۇلاپنىڭ قىزى مانتانى ...» — مانتا — كور دانىشمەن تىرېزىينىڭ قىزى بولۇپ، مەشھۇر ھەكىم ئېسكۇلاپقا شاگىرت دەپ قارىلغان. ئۇ غايەت ئالدىن بىلەر ئىكەن. گيوتې ئۇنى ئېسكۇلاپ سەنئىتىنىڭ دانا ۋارىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالماقتا.

*«بۇ مەيداندا رومان ۋە يۇنان، قىلىپ بۈيۈك ئۆلكە تالىشىن ...» — ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى 168 - يىلدا روما كونسۇلى پاۋېل ئەمەلىي ماكادونىيەدىكى پىدنا دەرياسى بويىدا بولغان جەڭدە ماكادونىيەنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى پېرسېينى مەغلۇپ قىلغان.

*«كۆرگۈسەن پېرسېفانەنى ...» پېرسېفانە ياكى پرازېرپىنا — يۇنان ەول ھوسۇل ۋە دېھقانچىلىق ئىلاھى دېمېترا (سېرېرا) نىڭ قىزى. ئۇ يەر ئاستى زۇلمىتىنىڭ خۇداسى پلاتون ياكى ئائىد تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن ئوغرىلىنىپ كېتىلگەن. ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ئۇ دوزاخ ئىلاھى بولۇپ قالغان ۋە يەرنى سېغىنىپ يۈرگەن. ئادەملەردىن ئانىسى سېرېرا ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈشنى سورىغان.

*«خىلاپلىق قىلىپ بىر رەت قانۇنغا، ئېلىپ كىردىم ئارفېينى ئاڭا ...» — ئارفېي — فراكىينىڭ ئەپسانىۋى قوشاقچىسى. ئۇ قوشاق ياڭراتقاندا، دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرى ئېگىلىدىكەن، تاشلار ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدىكەن، ۋەھشىي هايۋانلار ياۋاش بولۇپ قالىدىكەن. ئارفېي دوزاخ قەرىگە چۈشۈپ، پېرسېفانەدىن ئۆزىنىڭ ئۆلگەن خوتۇنى ئېۋرىدىكانى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

*«سەن ئارفېيگە ئوخشىما بىراق ...» — پېرسېفانە ئارفېينىڭ تەلىپىگە كۆنۈپ، ئېۋرىدىكانى قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ. بىراق «دوزاختىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، تا يەر يۈزىگە يەتمىگۈچە ئېۋرىدىكاغا بۇرۇلۇپ قارىما» دەپ شەرت قويىدۇ. ئارفېي شەرتنى بۇزۇپ قويىدۇ ۋە ئېۋرىدىكا غايىب بولىدۇ.

*ئېگېي — دېڭىز نامى.

* سېيسماس — تىتەنلەردىن زىلزىلە خۇداسى. ئۇ يەر تېگىدە يېتىپ بىر يېنىغا ئۆرۈلگەندە يەر تەۋرەپ كېتىدىكەن.

*«بۇ — دېلاس ناملىق ئارال مىسارى، ئىجادكارى ...» — مىفلەردە يېزىلىشىچە، زېۋسنىڭ مەشۇقى لەتانە ھامىلدار بولۇپ قالغاندا، تۇغۇشقا جاي

تاپالمىغانىكەن. زېۋسنىڭ كونچى خوتۇنى گېراپىسفان ناملىق يىلانغا ئۇنى دائىم تەقىپ قىلىشنى بۇيرۇغان. ئامالسىز قالغان لەتانە ئۆزىنى ئېگىي دېڭىزىغا ئاتقان. دېڭىز خۇداسى پاسېيدان ئۇنىڭ ئالدىدا دېلاس ئارىلىنى پەيدا قىلىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. لەتانە ئارالغا چىقىپ ئاپاللان ۋە ئارتېمىدا ئىسىملىك قوشكېزەكلەرنى تۇغقان.

*«مەن پېلىئان بىلەن ئاسسەنى...» — سېيىسماس، مەن پېلىئان ۋە ئاسسە ناملىق تاغلارنى يارىتىشتا ئىشتىراك ئەتكەنمەن، دېمەكچى. سىفىنكىسلار بولسا، تاغلار تەدرىجى هالدا پەيدا بولغان، دەپ بۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

* «بىز پەرنەسنىڭ بېشىغا قويدۇق، ئىككى چوققا گويا قوش تەلپەك ...» — مۇزالار ماكانى دەپ ئاتالغان پەرنەس تېغىنىڭ ئىككى قوش چوققىسى بولۇپ، ئۇلار ئاپاللان ۋە ئارتېمىدا ناملىرى بىلەن ئاتالغان.

* پىگمېيلەر — يۇنان ئەپسانىلىرىدە قەدىم زامانلاردا نىل دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشىغان پاكار بويلۇق كىچىك ئادەملەر ھەققىدە گەپ بار. ئۇلار جەنۇب ياقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۆز داللىرىنى تاشلاپ كېتىدىغان تۇرنىلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرىدىكەن.

* دېكتىللار — فرىگىيىدىكى ئىد تېغىدا ياشىغان پىگمېيلەردىنمۇ كىچىك ئادەملەر قەبىلىسى. تۆمۈرچىلىك ئىشلىرى شۇ قەبىلىدىن تارالغان دېگەن رىۋايەت بار. چوڭ پىگمېيلەر ئۇلارنى ۋە چۈمۈلىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزلىرىگە قول قىلىۋالغانىكەن.

* ئىۋىك تۇرنىلىرى — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىۋىك يولدا قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن شائىر، تۇرنىلار ئۇنىڭ قاتىللىرىنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىۋىك تۇرنىلىرى دەپ ئاتالغان.

* ئېمپۈزە — قورۇق باسقان چولاق خوتۇن. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئېشەكنىڭ تۇيىقىغا ئوخشاش ئىكەن. كېچىلىرى ئادىشىپ قالغان يولۇچىلارنى ئالداپ هالاك قىلىدىكەن. ئېمپۈزە — هەرخىل قىياپەتلەرگە كىرىۋالالايدىكەن.

* ئارېئادە — تاغ سەنىمى.

* ئەنەكسەگار ۋە فالېس — ئەنەكسەگار — (ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى 500 — 428)، فالېس — (ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى 640 - يىلىدا تۇغۇلغان. ۋاپات بولغان ۋاقتى نامەلۇم) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى. ئەنەكسەگار دۇنيانىڭ يارىلىشىدا ئۇن ئاساس بولغان دېسە، فالېس سۇ ئاساس بولغان دەيدۇ. ئەنەكسەگار يەردىن چوڭ پارچىلار كۆچۈپ سەييارىلەرگە ئايلانغان، يەر ئالەمنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆچكەن نەرسىلەر ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن ئۆزىگە قايتىدۇ، دېگەن غايىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەنەكسەگار ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋولقانلار ئاساس بولغان دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالەمنىڭ

يارىلىشى ھەققىدىكى ۋولقانىزم نەزەرىيەسىنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. فالېس بولسا ئەكسىچە نېپتۇنىزمنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىچە، بارلىق ئالەمنىڭ ئانىسى سۇ ھېسابلىنىدۇ. گيوتې ئۆزىنىڭ گېئولوگىلىك قاراشلىرىدا نېپتۇنىزم تەرەپدارى ئىدى.

* «بۇندا ياشار سانسىز مىرمىدان...» — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، زېۋس ئېگىنا ئارىلىنىڭ چۈمۈلىلىرىنى ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىكەن. ئەنە شۇلار مىرمىدانلار دەپ ئاتىلىدۇ. مىرمىدان — زېۋسنىڭ ياۋرىمېدۇزىدىن تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، زېۋس ياۋرىمېدۇزىنىڭ قېشىغا چۈمۈلە قىياپىتىدە كىرگەن ۋە شۇنىڭدىن مىرمىدان ئىسىملىك ئوغلى تۇغۇلغانىكەن. يۇنانچە مىركېس چۈمۈلە دېمەكتۇر.

* «ئەي، دىئانە، ئاي بىلەن گېكات ...» — مېفالوگىيىگە ئاساسلانغاندا، دىئانىگە ئۈچ ئىلاھلىق مەنسۇپ بولغان. دىئانە دېگەن نام بىلەن ئۇ زېمىندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئوۋ ئىلاھى بولغان. ئاي ياكى سېلېنا دېگەن نام بىلەن تۈن مەلىكىسى سانىلىپ، ئۇنىڭغا پاكىزەكىلىك ئىلاھى سۈپىتىدە قارالغان. گېكاتا دېگەن نام بىلەن، دوزاخ ئىشلىرىغا ھاكىم بولغان، دېمانلار ئىلاھى دېيىلىدۇ.

* درىئادەلەر — ئورمان سەنەملىرى.

* فاركىئادەلەر — يۇنان مېفالوگىيىسىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، دېڭىز پىرى فاركىسنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلار تولىمۇ بەتبەشىرە ئىكەن. ئۈچەيلەنگە بىر تال چىش ۋە بىر تال كۆز بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن نۆۋەت بىلەن پايدىلىنىدىكەن. ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى پەسلىدە مېفىستافىل فاركىئادە قىياپىتىدە پەيدا بولىدۇ.

* «دەھشەتلىكرەك ئىكەن كۆز تىكسەم، ئالراۋنىنىڭ يىلتىزىدىن ھەم ...» — ماندا رەگارە ياكى ئالراۋنىڭ يىلتىزى كېلىشمىگەن ئادەم قىياپىتىنى ئەسلىتىدۇ.

* «ئوپىسنى ھەم رېيانى كۆردۈم، خائاس ماڭا ئەمەس بىگانە ...» — روما ئەپسانىلىرىدە ھوسۇل ئىلاھى. رېئا — يۇنان ئىلاھى. خۇدالارنىڭ ئانىسى. خائاس — گېسىئادىنىڭ شەرھلىشىچە، دۇنيا يارىتىلىشتىن ئالدىن مەۋجۇت بولغان بوشلۇق، ھازىرقى تەرتىپسىزلىك مەنىسىدىكى چۈشەنچە كېيىنچە پەيدا بولغان.

* گېرما فرادىت — يۇنان ئەپسانىلىرىدە گېرمېس بىلەن ئافرادىتانىڭ ئوغلى، ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بولغان. سالماكىدە ئىسىملىك نىمفا ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، خۇدالاردىن ئۆزىنى گېرما فرادىت بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ قويۇشىنى ئىلتىجا قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئىككى جىنسلىق بىر ئادەم پەيدا بولغان. خۇسۇسى مەنىسى كېيىنرەك شەكىللەنگەن.

* نېرېيدەلەر — پاسېيدانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دېڭىز پەرىلىرىدىن ئاللىدىن بىلەر نېرېينىڭ باللىرى. ئۇلار يېرىم بېلىق، يېرىم قىز شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. دېڭىز ئاستىدا ياشاپ يەپ ئېگىرگەن.

* ترىتانلار — يۇنان خۇدالىرى پاسېيدان ۋە ئامپېترىدانىڭ باللىرى. ئۇلار دېڭىز خۇدالىرىنىڭ ھارۋىلىرىنى ھەيدەيدىكەن ۋە دېڭىز قۇلۇلىلىرىنىڭ قاپلىرىدىن كاناي ياساپ چالىدىكەن.

* كەبىرلەر — يۇنان مىفالوگىيىسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئىپتىدائىي ئىلاھلىرىدىن. ۋولقان ۋە فراكىيا پارىسىنىڭ باللىرى. ساما فىراكىيىدە ئۇلار يورۇقلۇق، ئوت ۋە دالا خۇداسى سانىلىپ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە كاتتا بايراملار ئۆتكۈزۈلگەن.

* پېند بۇركۇتلىرى — ترايانى ۋەيران قىلغان لەشكەر بېشلىرى.

* «ئۇدىساغا ئېيتقانمەن تەكرار، بولۇشىنى سكاوپقا دۇچار، ھەم چو-شۇشنى سىرسېيگە ئەسىر ... » — گومېرنىڭ داستانىدا ھېكايە قىلىنىشىچە، جادۇگەر سىرسېيە ئۇدىسېينىڭ ھەمراھلىرىنى توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى بىر كۆزلۈك سىكلان پولىپېم يەپ قويغان.

* «گالەتىيە كەلمەكتىدۇر تېز...» — نېرېينىڭ قىزلىرىدىن. غايەت ساھىبجامال پەرى، ۋېنېرا يەر يۈزىنىڭ گۈزەللىك ئىلاھى بولسا، گالەتىيە — دېڭىزنىڭ گۈزەللىك ئىلاھى بولغان.

* كىپىرىدا — ۋېنېرانىڭ يەنە بىر نامى.

* پروتېي — يېرىم دېڭىز خۇداسى. دانىشمەن تۈرلۈك قىياپەتلەرگە كىرىۋېلىشى بىلەن مەشھۇر بولغان. پروتېي — دېڭىز دانىشمەنى ئاكېئان ۋە فېتىدەنىڭ پەرزەنتى.

* خېلانە كاسەسى — خېلانە — نىمفا. ئۇ يۇپىتېرنىڭ ئۇستىدىن كۈلگىنى ئۈچۈن تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان. خېلانە كاسەسى — تاشپاقا قېپىدىن قىلىنغان كاسە.

* راداس تالىخىنلىرى — راداس ئارىلىنىڭ ئەپسانىۋى ئادەملىرى. ئۇلار مېتالغا ئىشلەشنى، مېتال قۇيۇش ۋە ھەيكەلتىراشلىقنى كەشىپ قىلغانىكەن.

* ئاپۇللون — ئۇنى فېب دەپمۇ ئاتىشىدۇ. زېۋىس بىلەن لەتانە (لېتانىڭ) بالىسى ئارتېمىدانىڭ ئاكىسى. ئالىمپىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خۇدالىرىدىن بىرى. ئۇنى قۇياشقا سىمۋول قىلىدۇ.

* سۆيگۈ قۇشلىرى — سۆيگۈ خۇداسى ۋېنېرا كەپتەرلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى سۆيگۈ قۇشلىرى دەپ ئاتىغانىكەن.

* پىسىللا ۋە مارىسلار — رىۋايەت قىلىنىشىچە، تۆۋەنكى ئىتالىيە ۋە لىۋىيىدە ياشىغان ئەپسانىۋى خەلقلەر. ئۇلار يىلان ئۆگىتىش، تېۋىپلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

## ئۈچىنچى پەسىل

* ئەۋر — شەرقىي جەنۇبتىن چىقىدىغان شامال.

* نېپتۇن — دېڭىز خۇداسى پاسېيدانىڭ يەنە بىر نامى.

* ئەۋرات — سپارتادىكى دەريا.

* ستىكس تەگرىلىرى — ستىكس — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، دوزاخ دەرياسى. ستىكس تەگرىلىرى — يامانلىق، ياۋۇزلۇق مەلەكلىرى ھېسابلانغان.

* ئاركوس (ئارك) — ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنى يەر ئاستى سەلتەنىتىگە يوللىغۇچى روما ئىلاھى.

* ئىلىئان — ترويا

* مەستانە مېنەدەلەر — دىئانىسقا ھەمراھ ئاياللار.

* «ئاتاڭ ئەرېب تىنچلىقمۇ، سالامەتمۇ ئاناڭ تۇن؟» خائاس تەرېپىدىن يارىتىلغان يەر ئاستى كوچلىرى.

* «بايان قىلغىن بىر - بىرلەپ ئاچاڭ سىسىللا ھالىنى» — سىسىللا ئودىسسېينىڭ ھەمراھلىرىنى يەپ قويغان مەخلۇق. سىرسېيە ئۇنى ئالتە باشلىق، ئون ئىككى ئاياغلىق مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

* قېرى تىرېزىي — فىۋالىق قېرى روھانىي. ئۇ زېۋسنىڭ ئىرادىسىنى دانىشمەنلىك بىلەن شەرھلىگەن. شۇنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە زېۋس ئۇنىڭغا بەش ئىنسان ئۆمرىنى ھەدىيە قىلغان. تىرېزىي نامى قېرىلىق سىمۋولى بولۇپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

* «ئارىئانىنىڭ ئانىسى...» يۇنان ئەپسانىلىرىدە بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە تولىمۇ قېرى، دەقيانۇستىن قالغان دېگەن ئۇقۇمدا ئىشلىتىلىدۇ. ئارىئان — تىتەنلەر زاماندىشى، زەبەردەست ۋە باتۇر ھايۋان ئوۋلىغۇچى.

* گارپىيەلەر — بېشى ئاياللار بېشىغا ئوخشاش قۇش، ئۇلار ئارگاناۋتلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، فرىگىيە پادىشاھى كورفىنېينىڭ تائامىنى يا ئوغرىلاپ كېتىدىكەن، ياكى بۇلغاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردە ياۋۇز خوتۇن مەنىسىدە كەلگەن.

* تېزېي — شاھزادە پاركىسنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئېلېنانى ئېلىپ قاچقان باھادىر.

* «ماڭغاندا يولدىشىڭ كىرتىنى ئالماققا ...» ئېلېنانىڭ ئېرى مېنېلەي ئاتا مىراسى كىرتىنى قايتۇرۇۋېلىشقا كەتكەن چاغدا ئېلېنا ئوغرىلاپ كېتىلگەن.

* «ياشىغان ئىمىشەن ئىككى سىماد...» بىر ئەپساندە ئېيتىلىشىچە، زېۋسنىڭ خوتۇنى گېرا ئۈچ گۈزەللىك مۇسابىقىسىدە پارىس ئافرودىتىنى تاللىغىنىغا غەزەپلىنىپ، پارىس بىلەن ئېلېنانىڭ نىكاھىغا توسقۇنلۇق قىلغانىكەن. ئۇ تەقلىدىي ئېلېنا ياساپ، ئۇنى پارىسنىڭ يېنىغا كىرگۈزگەن. پارىس ئۇنى ھەقىقىي ئېلېنا دەپ بىلىپ ترويىغا ئېلىپ كەتكەن. ئەسلىي ئېلېنانى بولسا گېرمېس مىسىرغا پروتېينىڭ سارىيىغا ئېلىپ بارغان. ئېلېنانىڭ ئىككى سىماسى ھەققىدىكى گەپ شۇ ئەپساندىن بارلىققا كەلگەن.

* «دېيىشەر ھەم ھايات چېغىدا ئاخىلل، ۋىسالىڭ قىدىرىپ كەينىڭدىن سېنىڭ، بارى يوق دۇنياسىن ساڭا بەرگەنمىش...» — ئېلېنا ھەققىدە توقۇلغان باشقا خىل ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئېلېنا ئۆلگەندىن كېيىنلا ئۇ ئۆلگەن ئاخىللىنىڭ روھى بىلەن ئۇچراشقانىكەن. ئاخىلل ئۆز ئانىسى فېتىدەدىن ئېلېنا بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنى قىسقىلا مۇددەتكە بولسىمۇ تىرىلدۈرۈشنى سورىغانىكەن. ئۇلارنىڭ نىكاھلىرى لېۋكا ناملىق بىر سىرلىق ئارالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئەۋفارىئان ئىسىملىك ئوغۇل دۇنياغا كېلىدۇ.

* «سىز گويا كى قۇشلاردەك ئېسىلسىز شېپىلارغا...» ئودىسېي ئۆز خوتۇنى پېنېلا پەگە كەلگەن ساناقسىز يىگىتلەرگە ياردەم بەرگەن چۆرىلەرنى قاتتىق جازالىغانىكەن. بۇ يەردە شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىلمەكتە.

* «ئېغىز مازار توپىسى بىلەن تولۇپ چىقىدۇ...» بۇ يىگىتلەر ئېلېنانىڭ چۆرىلىرىگە فاركىئادە يەر قەرىدىن ئېلىپ چىققان گەۋدىسىز كۆرۈنۈش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ سۆزلەردە شۇنىڭغا بېشارەت بېرىلگەن.

*لېنكېي — گيوتې فائۇست قەلئەسىنىڭ كاپىتانىغا — ئارگوناۋتلار كېمىسىنىڭ كاپىتانى لېنتېيسي شەرىپىگە شۇنداق نام بېرىلگەن.

* «ھۇجۇم قىلىپ پىلاسقا ھەيۋەت، بىز نېستارنى ئەيلىدۇق تار-مار...» — پىلاس — قەدىمكى يۇنانىستاندىكى كىچىك پادىشاھلىق. «ئېلىئادا» دە ھېكايە قىلىنىشىچە، دانىشمەن بوۋاي نېستار پىلاسنىڭ شاھى بولغان.

* مەييا ئوغلى — ئاسمان گۈمبىزىنى يەلكىلىرىدە كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى تىتەن ئاتلانتنىڭ يەتتە قىزى بولغانىكەن. ئۇلار پلېيادەلەر دەپ ئاتالغان. مەييا — يەتتە ئاچا - سىڭىلنىڭ تۇنجىسى. ئۇ تاغ پەرىسىدۇر. مەييا بىلەن كۆك خۇداسى يۇپىتېرنىڭ نىكاھىدىن گېرمېس (لاتىنچە — مېركۇرىي) غارىدا دۇنياغا كەلگەن.

* ئارېس — يۇنانلاردا ئۇرۇش خۇداسى. ئۇنى لاتىنچە مارس دەپمۇ ئاتايدۇ.

* گېفېست — يۇنانلاردا ئوت ۋە تۆمۈرچىلىك خۇداسى.

* ئېرات — ئەڭ قەدىمكى يۇنان خۇدالىرىدىن. سۆيگۈ ئىلاھى.

* پېلائىس يۇرتى — يۇنانىستاندا ئارالنىڭ نامى.

* ئىكەر — مەشھۇر ئۇستا. ئەپسانىۋى كەشپىياتچى دېدالنىڭ ئوغلى ئاتا-بالا قانات ياساپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگىنىدە ئىكەرنىڭ قاناتلىرى ئاپتاپتا ئېرىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن.

* «ئۇنىڭ يۈزىدە تونۇش بەلگىلەر...» ئايرىم تەتقىقاتچىلار فائۇست بىلەن ئېلېنانىڭ ئوغلى ئەۋفەرىئان سىماسىدا گيوتې ئۆز زامانىدىكى بايرۇننى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ھالاكىتىنى تەسۋىرلىگەن دېيىشىدۇ. «تونۇش بەلگىلەر» دېيىلگەندە بايرۇننىڭ قىياپىتىگە ئائىت بەلگىلەر نەزەردە تۇتۇلغان.

* ئاسفادېل — دوزاخ دالىلىرىدا سۈس كۆل رەڭ بىر ئوت ئۆسەرمىش. ئۇنىڭ نامى ئاسفادېل ئىكەن.

* گېلىئاس — يۇنان مىفالوگىيىسىدە قۇياش خۇداسى. كېيىنرەك ئۇنى ئاپۇللون بىلەن تەڭ كۆرىدىغان بولۇشقان. ئېلىئاس قارىغۇلارنى ساقايتىدۇ. جازالىسا قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ دەپ ئىتائەت قىلىشقان.

* دىئانىس (ۋاكخ) — يۇنانلاردا زىرائەت خۇداسى. ئۈزۈمچىلىك ۋە مەي ھامىسى.

* سىلېن — يۇنانلاردا دېمان. گېرمېسنىڭ ئوغلى. سىلېن دائىملا مەست، شوخ، خۇشال، چاچلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن سېمىز بىر بوۋاي قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ئۇ يېنىدا دائىم مەي تولدۇرۇلغان تۇلۇم ئېلىپ يۈرىدىكەن. سىلېن دائىم مەست يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ياكى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئېلىپ يۈرىدىكەن.

* كاتورن — يۇنان ۋە رىم ئاكتيورلىرى كىيىدىغان چەمى قېلىن ئاياغ كىيىمى. قەدىمكى تراگېدىيىلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى ئۇلۇغ سۈپەت كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىلەتتى.

## تۆتىنچى پەسىل

### تاغلىق يەر

* يۇنانە — لاتىنچە نامى گېرا. خۇدالار مەلىكىسى. زېۋسنىڭ خوتۇنى.

* «ئۇچراتقان مەسۇمە، كۆزى چولپانىم ...» فائۇست مارگارىتا ۋە ئېلېنانىڭ خىيالىي كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ۋىدالاشماقتا. تۆتىنچى پەسىل فائۇستنىڭ خىيالەن ئالەمدىن رېئال ھاياتقا قايتىش تەسۋىرى بىلەن باشلىنىدۇ.

«يەر ئاستىدىن چىقتۇق ئۇچۇق ھاۋاغا ... » ياۋۇزلۇق روھلىرىنىڭ

يەر ئاستى زۇلمىتىدىلا ئەمەس، يەر ئۈستىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن بېرىلگەن بېشارەت. ئەۋلىيا پاۋېل ئۆزىنىڭ يېفېسېيلەرگە نامىسىدا «زېمىن ئۈستىدىكى ياۋۇزلۇقلار روھىغا ... بىزنىڭ قارغىشلىرىمىز بولسۇن» دېگەنىكەن. گيوتې شۇنى نەزەردە تۇتقان دېگەن قاراشلار بار.

* «مالاخ بولقىسىنىڭ زەربىلىرىدە ...» — مالاخ — گيوتېدىن بۇرۇنراق ئۆتكەن نېمىس شائىرى كلاپشتاكنىڭ «مېسسىئادە» ئەسىرىدە تاغ تىكلىگۈچى خۇدالار بىلەن ئېلىشىدىغان دىۋە سۈپەت پىداكار روھ.

* «ئالەم مۈلكى ھەممە شەرىپى ...» ئىنجىل مەنفادىن (418).

* سەردەنە پەل — ئاسسورىيە پادىشاھى. ئىشرەت ۋە بەزمىلەرگە بەنت بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەن مەشھۇر.

* «ياق، مەن پېتىر سكۋېنىس مىسال ...» پېتىرسكۋېنىس شېكسپىرنىڭ «ياز تۈنىدىكى ئۇيقۇ» ئەسىرىدىكى پېرسوناژ. ئۇ كومېدىيىدە تېزېي سارىيىغا كېلىپ ئافىنانىڭ ھۈنەرۋەن ئاكتيورلىرىنىڭ قاتنىشىشىدا تاماشا كۆرسىتىدۇ ۋە ئاكتيورلارنىڭ ئەڭ زورلىرىنى تاللاپ كەلدىم دەپ ماختانغانىكەن.

«ئۈچ پالۋان كىرىدۇ» ئۈچ پالۋان ھەققىدىكى پىكىرنى گيوتې ئىنجىلنىڭ «سۇلتانەتلەر كىتابى» پەسلىدىن ئالغان (11×111·8) ئۇنىڭدا! يېزىلىشىچە، داۋۇتنىڭ فىلىستىملىقلارغا قارشى جەڭ قىلغان ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئۈچ باھادىرنىڭ نامى ئالاھىدە سانىلىدۇ. بۇلار: ئىسباسېي، ئىلېئازەر ۋە شاممادە. گيوتې بۇ ناملارنى كۆچمە مەنىدە روفبالد، خاببالد، خالتېخەست دەپ ئاتايدۇ. يەنى «باسبالدى»، «تىلەبالدى»، «ساقلابالدى». بۇ گيوتې ئىپتىماقچى بولغان مەنىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## تاغ باغرىدا

* «نۇرسىيلىك سەبىنى سەھھار ...» نۇرسىيە — ئىتالىيىدىكى (سېھىرلەنگەن) تاغ. سەبىنى سەھھار — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە گېئورگ سابىللىكوس دېگەن ئۆلگەنلەر روھى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان سەھھار (سېھىرگەر) بولغانىكەن. بۇنداق ئادەملەر جادۇگەر ياكى نېكرامەنت دەپ ئاتىلىدىكەن. نېكرامەنت گېئورگ سابىللىكوس ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانىكەن.

* چاڭسالاخان — ئەسلى نۇسخىسىدا گيوتې «يېپېلېنبوت» سۆزنى ئىشلەتكەن بۇ ئىككى سۆزدىن: يېپلېن — ئالدىرىماق ۋە بوت ئولجا سۆزلىرىدىن

سرکب ئېيتقان، بۇ پەرەم ئولبا ئېلىشتا تالغىرتوپچى سەنسىسەد، دېھقانلا-
خان» — شۇ مەنىگە يېقىن سۆز.

• «دىئاسكورلار چاچقان نۇر ئاشۇ...» — دىئاسكورلار — قوشكېزەك پاللوكوس ۋە كاستار نامى بىلەن ئاتالغان يۇلتۇزلار توركومى — يۇنانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بۇ يۇلتۇزلار دېڭىزچىلارغا خەيرلىك يول كۆرسىتىدىكەن.

• «بوركوت پەرۋاز قىلار ساماداء گرىن ئۇنى قوغلاپ بارماق- تا...» — بوركوت ۋە گرىن — شاھ تامغىلىرىدىكى سورەت.

• «ماڭا بۇ دەم كەلتۈرەر، ئىككى قۇزغۇنۇم خەۋەر...» — قەدىمي شىمال خەلقلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدە سېھىرلىك قاغا - قۇزغۇنلار قەھرىمانلارغا خەۋەر يەتكۈزگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ئەپسانىلىرى بولسا، ئۇلارنى شەيتان ۋە جادۇگەرلەر خىزمىتىدىكى قۇشلار دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

•ليوسفېر — ئوتتۇرا ئەسىردە شەيتاننىڭ ناملىرىدىن بىرى.

• «تۇتارمەن ۋېنېسيە جامىنى بىللۇر...» ئوتتۇرا ئەسىر ئېتىقادلىرىدا ۋېنېسيە قەدەھلىرى مەست بولۇشتىن ساقلايدىكەن، ھەتتا مەيگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولسا، زەھەر بارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن.

## بەشىنچى پەسىل

### يالاڭلىق

بۇ پەسىل 1830 - يىلى يېزىلىپ بولغان.

• فېلېمان ۋە باۋكىدە — قەدىمي يۇنان ئەپسانىلىرىدە بىر - بىرى بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ياشاپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئەر - خوتۇن دېھقانلار. ئۇلار ئۇزاق بەختلىك ھايات كەچۈرۈپ، ئۆلگەندىن كېيىن زېۋۇس تەرىپىدىن چىنار ۋە ئارغۇۋان دەرىخىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغانىكەن. گيوتې ئەككېرمان بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە مېنىڭ بوۋاي - موماي قەھرىمانلىرىم بىلەن قەدىمكى ئەپسانە قەھرىمانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئومۇملۇق يوق. مەن ئوخشاش خاراكتېرلەر ۋە ئوخشاش مۇناسىۋەتلەرنى تەكىتلەپ ئۆتتۇم خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاش ناملار بەردىم، دېگەن.

## ساراي

• قېرىپ قالغان فائۇست ... گيوتې بىر سۆھبەتتە فائۇست بەشىنچى پەسىلدە 100 ياشلارغا كىرگەن ھالدا نامايان بولسا كېرەك، دېگەن. گيوتې ئۆز قەھرىمانىنى ئىككىنچى قېتىم، لېكىن ئەمدى ئەبەدىي ياشلىققا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى قېرىغان چېغىدا كۆرسەتتى. كىتابخان فائۇستنى بىرىنچى پەسىلدە ياشلىققا قايتۇرغان. سېھىرنىڭ كۈچى ئۆز - ئۆزىدىن تۈگىگەنلىكىنى سەزگەن بولسا كېرەك.

• «ئەي، نەۋۋۇفىيى، تەكزارىڭنى بەر ...» — ئىنجىلنىڭ «سەلتەنەتلەر كىتابى» دا يېزىلىشىچە (111،21) نەۋۋۇفىيى دېگەن كىشىنىڭ ئۈزۈمزارى شاھ ئاگاۋنىڭ سارىيى يېنىدا ئىكەن. ئاگاۋ شاھنىڭ بۇ ئۈزۈمزارىغا كۆزى چۈشۈپ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى قولغا كىرگۈزۈش پىكرىگە كېلىدۇ. لېكىن نەۋۋۇفىيىنى كۆندۈرەلمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى مەلىكە ئىزاۋېل نەۋۋۇفىيگە تۆھمەت قىلىپ ئۇنى چالما كېسەك قىلدۇرىدۇ. ئۈزۈمزار ئاگاۋنىڭ بولۇپ قالىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى نەۋۋۇفىيىنىڭ تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئاگاۋ پەقەت رەقىبى ئۆلگەندىن كېيىنلا خەۋەردار بولغانىكەن. فائۇستمۇ بۇ يەردە بوۋاي - مومايغا قىلغان مۇئامىلىسىدە شۇ ئەھۋالغا چۈشكەن.

• «سەن ئۆلۈم ئالدىدا كۆزدىن قالارسەن ...» — ئوتتۇرا ئەسىر ئەقىدىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەپسۇنگەر ۋە پەرىلەر ئادەمنىڭ كۆزىگە پۈۋلىسە، ئادەم قارىغۇ بولۇپ قالارمىش.

## ساراي ئالدىدىكى كەڭ مەيدان

• لېمۇرلەر — قەدىمىي رىملىقلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى تىرىكىدە قىلغان گۇناھى ياكى باشقىلارنىڭ ئاڭا يەتكۈزگەن ناھەق ئازارلىرى تۈپەيلىدىن كېچىلىرى تىنىمسىز كېزىدىكەن ۋە ئازار بەرگەن ئادەمنى تەقىپ قىلىدىكەن. بۇ يەردە لېمۇرلەر گيوتېنىڭ تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئۆز سۆزلىرى

بىلەن ئېيتقاندا، «تارىخ كۈچلىرىگە سىرتماق بولغۇچى». ئۇلارغا گۆر قازغۇچىلار، پىتنىچى ۋە پەسكەشلەر سىمۋولى قىلىپ بېرىلگەن.

* ئىۋۋ — ئايۇپ پەيغەمبەر.

جىلغا، ئورمان، چوققىلار، چۆل

* پېتېر ئىكىستاتىكوس — ئىبادەت ۋاقتىدا ئۆزىنى تامامەن ئۇنۇتقۇچى روھانىي، پىر.

* پېتېر پروفۇندوس — ئىبادەتتە تېخى ئۆزىنى ئۇنتۇش ئالىي دەرىجىگە يېتەلمىگەن، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقان روھانىي.

* «دوكتور مارىيانوس» — بۈۋى مەريەمنىڭ جامالىغا يېتىش ئىشتىياقىدا چوڭقۇر خىيال ۋە ئىبادەتكە بېرىلگەن ئادەم. كۆپىلىگەن تەقۋادارلارنى شۇنداق پەخرى ئۇنۋان بىلەن «دوكتور مارىيانۇس» دەپ ئاتاشقان.

* ماگنا پېككاترىكې — ئىنجىلدىكى گۇناھكار ئايال مارىيە ماگدالىنا.

* مۇلىلىر سامارىتانا — سەمەرىيە ئايالى.

* مارىيە ئايېگىپتىئاچە — مىسىرلىق مەريەم.

* ئۇناپا ئېنىتىنوم — تووۋا قىلىۋاتقان ئايال. گرېتخېن نەزەردە تۇتۇلدۇ.

* مەتېرگلارىئاسا — بۈۋى مەريەمنىڭ ناملىرىدىن بىرى.

* چاروس موستىكوس— روھانىيلار قوشىقى.

* مەڭگۇ نازاكەت — گيوتې بۇ سۆزلەر بىلەن ئىنسانىنىڭ بارلىقى ۋە يارىتىلغۇچىنىڭ گۈلتاجى بولغان مەڭگۈلۈك ۋە مۇھەببەت چۈشەنچىسىنى ئىپادىلىمەكتە.

سوۋېت ئۆزبېكىستان غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1972 - يىلى نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据苏联乌孜别克斯坦《哈甫尔·吾拉木》文艺出版社1972年乌孜别克文版译出。

责任编辑：阿·吾买尔
责任校对：伊力亚斯


**浮土德**（第二部）（维吾尔文）

歌德 著吐尔干·沙吾东 译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 15.75印张 15插页
1987年7月第1版 1988年2月第1次印刷
印数：1—1.000

---

ISBN7—228—00413—2/I.138 定价：3.55元



ISBN7—228—00413—2
I.138（民文）定价：3.55元